# 新疆社科论坛

TRIBUNE OF SOCIAL SCIENCES IN XINJIANG



# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

ISSN 1673-1476

2008-6



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى ئىسمايىل تىلىۋالدى بىلەن
ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى
نۇر بەكرى مەھمۇد كاشغەرى دۇنياغا كەل-
گەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش
مۇناسىۋىتى بىلەن قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن
مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان
ئالىملارنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن
خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

(1 ـ سۈرەت)



(2 ـ سۈرەت)

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ سېكرېتارى ياڭ نەيچۇ (ئوتتۇردا)،
دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى بەختىيار سايىتوف (سولدا)،
ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەر-
رىر ئىسلامجان شېرىپ (ئوڭدا) قاتارلىقلار «شىنجاڭ
ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ «دىۋانۇ
لۇغەتت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، نەۋايى ئەسەرلە-
رى ۋە «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» قاتارلىق ك-
لاسسىكلار تەتقىقاتى بويىچە ئىزچىللاشقان 20
يىللىق تىرىشچانلىقىنى ئىلمىي نۇقتىدا تېگىزلەۋات-
قان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ
دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ھەققىدە پىكىرلەشمەكتە.



2008-يىلى دۇنيانىڭ مەھمۇد كاشغەرى يىلى بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# مەھمۇد قەشقەرىي

## تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى شېئىرلار

ئەردى ئۇزا ئەرەنلەر،

ئەردەم بەگى بىلىك تاغ.

ئايدى ئۇكۇش ئۇگۈتلەر،

كۆڭلۈم بولۇر ئاگارساغ.

قوش ئايلىق ئىلمىي ژۇرنال

2008 - يىل 6 - سان

(ئومۇمىي 97 - سان)

# مەھمۇد كاشغەرى تەۋەللۇتىنىڭ مىڭ يىللىقىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سان!

## بۇ ساندا

### «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇرچە نەشرى ئۈچۈن تەر تۆككەن پىشۋالار

جۇڭگودا «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ تۆت قېتىملىق تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ باش - ئاخىرى.......
........................... غەيرەتجان ئوسمان ئۇتغۇر (5)

### «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە ئەجدادى مەسىلەر

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» روھى ۋە تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق مەنبئى ھەققىدە.........................
........................... ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى (18)

### «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە كىشىلىك ھايات

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ماقال - تەمسىللەردىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر.............................. ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانى (36)

### «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە ئەدەبىيات

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە ئەكس ئەتكەن ئەدەبىيات چۆشەنچىلىرى ..... ئابدۇقادىر جالالىدىن (44)
«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى
........................... ئابدۇغېنى سەيدىن (62)

### «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە دىن مەسىلىلىرى

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ئىسلام دىنىغا دائىر بايانلار........ مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق (70)

باش مۇھەررىر

بەختىيار سايىتوف

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر ۋە

بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى

ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمى

تەھرىر ھەيئەتلەر

ئابدۇكېرىم رەھمان بوۋچى، ئازاد رەھمىتۇللا سۇلتان، ئابدۇغوپۇر ئىسمايىل، ئابدۇراخمان ئەبەي، بەختىيار سايىتوف، رازاق تۆمۈر، مىجىت ئابدۇرۇسۇل، ئوبۇلقاسىم زۇنۇن، ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمى، يۈسۈپجان ئەخمىدى


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە نام، ئاتاق، كىملىك مەسىلىلىرى


مەھمۇد كاشغەرى بايانىدىكى ئۇنۇۋان ـ ئاتالغۇلار ھەققىدە ........................ غالىب بارات ئەرك (79)


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى


فىلولوگىيىدىكى ئىلمىي تەرەققىيات قەۋەتلىرى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات.............................................. يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) (87)


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە قامۇسى بىلىملەر


«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن چىن يىپەكلىرى توغرىسىدا..... يولۋاس مۇھەممەتئىمىن (115)
11 ـ ئەسىر فىلولوگىيە ئىلمىدىكى شەرق چولپانلىرى .............ئابابەكرى ئاتخان (123)
مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا .................. مەريەم توختى (127)


## مۇقاۋىدىكى مەھمۇد كاشغەرى پورتىرىتىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

غازى ئەھمەد 1981 ـ يىلى ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىش ئۈستىدىكى ھالىتىنى سىزىپ، ئۇنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا نەشر قىلدۇرغان ۋە مەملىكەتلىك تۇنجى نوۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل ـ سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسىگە قاتناشتۇرغانىدى. ئەسەر بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، بىيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى تەرىپىدىن ساقلاشقا ئېلىپ قېلىنغان. رەسسام 2005 ـ يىلى ئالىمنىڭ مۇقاۋىدىكى ئۆلچەملىك پورتىرىتىنى ياراتتى.

# 新疆社科论坛

(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

双月刊

2008年第6期

总第97期



编　委

A·R·布其，A·R·苏里坦，

A·斯玛依，A·艾拜，

B·沙依托夫，R·祖农，

M·阿布都如苏力，O·祖农

S·X·拜西克拉米，Y·艾合买德

主　编

巴赫提亚·沙依托夫

副主编及本期责任编辑

斯拉木江·西里甫·拜西克拉米


## 纪念麻赫穆德·喀什噶里诞辰一千周年专刊

## 目　录


《突厥语大词典》在我国的四次翻译……………………H·吾斯曼(5)

维吾尔语言的起源—记2008年为世界玛赫穆德·喀什噶里年…………S·西里甫(18)

从《突厥语大词典》中的谚语看当时维吾尔人的人生观…………A·塔克拉玛干尼(36)

《突厥语大词典》中反映的文学见解……………………A·贾拉力丁(44)

《突厥语大词典》部分章节中所体现的英雄崇拜思想初探…………A·赛依丁(62)

《突厥语大词典》中有关伊斯兰教的论述……………………M·库尔班(70)

《突厥语大词典》中的官名称谓……………………A·巴拉提(79)

人文学科中的科学发展和科学发展观的特殊层次研究…………Y·胡赛音(87)

《突厥语大词典》中关于中国丝绸的论述……………………Y·木合买提(115)

11世纪人文科学界的维吾尔学者……………………A·阿提汗(123)

玛赫穆德·喀什噶里教育思想初探……………………M·托合提(127)


**麻赫穆德·喀什噶里**

(公元*1008–1105*)

麻赫穆德·喀什噶里是喀拉汗王朝时期的伟大的维吾尔族学者、语言学家，闻名中外的《突厥语大词典》的作者。油画《麻赫穆德·喀什噶里》是哈兹艾买提于*1981*年创作并*1982*年入选首届全国少数民族美展获一等奖同时被北京民族文化宫收藏。画面中的学者正在伏案写作、思索。哈孜·艾买提于*2005*年又创作了麻赫穆德·喀什噶里的标准肖像。

# جۇڭگودا «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ تۆت قېتىملىق تەرجىمە قىلىنىشىنىڭ باش ـ ئاخىرى

غەيرەتجان ئوسمان ئۆتغۇر

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) جۇڭگودا ئىلگىرى ـ كېيىن تۆت قېتىم تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش «دىۋانشۇناسلىق» نىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە دېگەن مەقسەتتە بۇ ماقالە ئالاھىدە تەييارلاندى.

«دىۋان» 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلىم دۇنياسىدا قايتىدىن نامايان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگودىكى ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ كەلگەن. جۈملىدىن ئۇنى جۇڭگودا ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش، جۇڭگو تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى مۇھىم خىزمەت قاتارىغا قويۇلغان. ئۇنىڭ جۇڭگو تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىش ئەھۋالى تولىمۇ تەسىرلىك جەريانلارنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ بۇنى تۆۋەندىكى تەپسىلاتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**بىرىنچى، «دىۋان» نى ئىسمائىل داموللىنىڭ تەرجىمە قىلىش جەريانى:** ئىسمائىل داموللا (ئىسمائىل ئابابەكرى، 1902 ـ 1954)، كاشغەر كونا شەھەر ناھىيە بەشكېرەم يېزىسى لەنگەر كەنتىدە تۇغۇلغان. 1906 ـ 1920 ـ يىللىرى بەشكېرەمدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتە ۋە ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتانەم مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1920 ـ 1924 ـ يىللىرى كاشغەر خانلىق مەدرىسىدە بىلىم ئالغان. 1924 ـ يىلى كاشغەر خانلىق مەدرىسىنى تاماملاپ، غۇلجىغا چىقىپ 1939 ـ يىللىرىغىچە غۇلجا شەھرىدە، 1945 ـ يىللىرىغىچە ئالتاي شەھرىدە، 1954 ـ يىللىرىغىچە چۆچەك شەھىرىدە ئىمامەتچىلىك، مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان. 1945 ـ يىلىدىن كېيىن يەنە تارباغاتاي ۋىلايەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1954 ـ يىلى ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىپ، ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يىغىنغا قاتناشقان. شۇ يىلى چۆچەكتە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولغان.

ئىسمائىل داموللا 1945 ـ 1946 ـ يىللىرى چۆچەك شەھىرىدە «دىۋان» نى ئەرەب تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. بۇ ئىنتايىن شەرەپلىك بىر خىزمەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا ئىشلىنىشىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى بار بولغان خىزمەت دەپ ھېسابلاشقا بولاتتى.

ئىسمائىل داموللا كاشغەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى، داڭلىق ئالىم ئابدۇقادىر (ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس كاشغەرى، 1862 ـ 1924) داموللىنىڭ قولىدا ئوقۇپ، ئۇنىڭ بىۋاستە تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە «دىۋان» توغرۇلۇق ساۋات ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئابدۇقادىر داموللا ئىسمائىل ئابابەكرىنى ئىلىغا يولغا سالىدىغان چاغدا، ئۆزى تۈركىيىگە بارغاندا ئېلىپ كەلگەن، «دىۋان» نىڭ كىلىسلى رىفئەت تەييارلىغان مىخ مەتبەئەلىك نۇسخىسىنى ئىسمائىل ئابابەكرىگە سوۋغات قىلىپ بەرگەن ھەم كىمدە ـ كىم بولمىسۇن، ھەم قاچاندا بولمىسۇن بۇ كىتابنى ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئەسكەرتكەن. ئۇستازىنىڭ ئېيتقانلىرى نەچچە ئون يىل قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغان ئىسمائىل ئابابەكرى 1945 ـ يىلىغا كەلگەندە «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى رەسمىي قولغا ئېلىشنى پىلانلىغان. شۇنداقلا بۇنى ئالدى بىلەن ئەينى زاماندا چۆچەكتە تۇرۇۋاتقان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ۋەكىلى، ئۇيغۇر زىيالىسى، جۈملىدىن ئىلغار پىكىرلىك شائىر مەنسۇر روزىباقىيوۋ (تەخەللۇسى: ۋەتەن ئوغلى) غا ئېيتقان. ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپلا تولىمۇ خۇشال بولغان. مەنسۇر روزىباقىيوۋ ئىسمائىل دامولىغا ئۆزىنىڭ «دىۋان» دىن خەۋىرى بارلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ قىممەتلىك كىتاب ئىكەنلىكى، چوقۇم جۇڭگودا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنىڭ زۆرۈرلۈكى، مۇبادا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تەرجىمە قىلىپ چىقالىسا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا (ئالموتا ياكى تاشكەنت شەھەرلىرىدە) نەشر

قىلدۇرۇپ بېرىشكە مەبلەغ ئاجرىتىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن. بۇ گەپ ئىسمائىل داموللىغا قايتىدىن ئىلھام بېغىشلىغان. شۇنداق قىلىپ ئىسمائىل داموللا زور ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ، ئىلگىرى ئىشلىگەن تەييارلىقلىرى ئاساسىدا 1946 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسىنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى قولدىن چىقارغان. كاشغەردىن چۆچەككە چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان خەتتات ياسىن قارى كىتابنى خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە كۆچۈرۈپ چىققان. شۇنداقلا داموللىنىڭ ئايالى زەينەپخان قانائەتئۇللابەگ (1911 ـ 1989) نىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب ئەينى زامانىنىڭ كىتابەتچىلىك ئۆلچىمى بويىچە تۇپلىنىپ، كۆن بىلەن پاتلىنىپ مۇقاۋىلانغان. بۇ خەۋەر تېز سۈرئەتتە چۆچەك شەھىرى، جۈملىدىن تارباغاتاي، ئالتاي، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىگە تارقالغان. چۆچەك شەھىرىدە چىقىدىغان ئۇيغۇرچە گېزىتلەردە خۇش خەۋەر سۈپىتىدە ئۇچۇر بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا ئەينى چاغدا، يەنى 1946 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ بېشىدا چۆچەككە خىزمەت تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئەھمەدجان قاسىمى ئىسمائىل داموللا بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىپ چىققانلىقىنىڭ خاسىيەتلىك بىر ئىش بولغانلىقىنى، بۇ ئىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى چىن قەلبىدىن قۇتلۇقلايدىغانلىقىنى، ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدىغانلىقىنى، كىتابنىڭ تەرجىمىسىنى يەنىمۇ پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقىشنى، مۇمكىن بولسا باشقا ئەرەبچە بىلىدىغان ئۆلىمالارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى بىلەن ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا ياردەملەشتۈرۈشنى، شارائىت پىشىپ يېتىلگەن ھامان ھۆكۈمەتتىن مەبلەغ ئاجرىتىپ نەشر قىلدۇرۇپ كەڭ تارقىتىشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىسمائىل داموللا «دىۋان» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنىڭ تەرجىمە قىلىنىپ تارقىتىلىشى ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن. 1955 ـ 1956 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى قارمىقىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىغا مەسئۇل ئىشخانىدىكى خادىملار (مەسىلەن، ئابلىمىت روزى قاتارلىقلار) باشقا قەدىمكى ئەسەرلەر ۋە قوليازمىلار قاتارىدا «دىۋان» نىڭ ئىسمائىل داموللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىغا ئەھمىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئوقۇپ تەكشۈرۈپ كۆرگەن، ھەم ئۇنىڭغا نومۇر قويۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسىدا ساقلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاشۇ يىللاردا تەييارلانماقچى بولغان «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى» ئۈچۈن يېزىلىدىغان ماتېرىيالغا بۇ توغرۇلۇق مەلۇماتنى كىرگۈزگەن. بۇنى ئەدەبىياتشۇناس ئابلىمىت روزى (1922 ـ 2000) ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. يەنى ئۇ ئەينى يىللىرى تەشكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئىسمائىل داموللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ۋە ئەينى يىلى ئورگىنالىنى تەييارلىغان «ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك› ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ توغرۇلۇق مەخسۇس توختىلىپ ئۆتكەن. (بۇ ماقالە كېچىكپىرەك «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان). ئابلىمىت روزىنىڭ ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: « لۇغەتت تۈرك» كىتابى 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدا، شۇنداقلا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا مىقياسىدا تۇنجى نۆۋەت قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

بىرىنچى قېتىم، 1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى، مەرھۇم ئەھمەدجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن چۆچەكلىك ئىسمائىل داموللا تەرىپىدىن «دىۋان» نىڭ 1 ـ تومى تەرجىمە قىلىنغانىدى. تەرجىمە سەۋىيىسىنىڭ يىگى بولۇشىغا قارىماي، «دىۋان» دا بېرىلگەن لۇغەتلەرنىڭ ئەرەبچە ئىزاھلىرى ۋە شەرھى، قەدىمىي تىللارنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ئىمكان بار تولۇق ئاڭلىتىشقا تىرىشقان. لۇغەتلەرنى تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئىسىملارغا ئوخشاش مەستەرلەر (پېئىلنىڭ ھەرىكەتنامى) نى ئالدىغا قويۇپ، بەزى لۇغەتلەرنىڭ مەنىسى ۋە كېلىپ چىقىشىغا ئائىت ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئىزاھلار بىلەن قوشۇمچە قىلىپ، خېلى قىزغىنلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەرجىمە قىلغان. لېكىن، ئۆز تىلىدا مۇۋاپىق سۆز تاپالماي بەزى ئەرەب ئاتالغۇلىرىنى كۆپرەك ئىشلەتكەنلىكىگە قارىماي، بەزى سەۋەبلەر بىلەن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى داۋاملاشتۇرالماي قالغان. 1954 ـ 1956 يىللىرى ئىشلىنىپ، ش ئۇ ئا ر مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى تەرىپىدىن 1957 ـ يىلى كونا ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدە بېسىپ چىقىرىلغان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قوليازمىلىرى كاتولىكى» ناملىق كىتابنىڭ 39 ـ بېتىدە، ش ئۇ ئا ر مۇزېيـ

غا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىدا ساقلىنىۋاتقان قولىيازمىلارنى تونۇشتۇرغاندا مۇنداق ئۇچۇر بېرىلگەن:

«تۈرك لۇغەتلىرى دىۋانى كىتابى» (2)، نومۇرى № 59، № 72، بۇ نۇسخا بىرىنچى تومىنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، 1946 ـ يىلى چۆچەكتە مەرھۇم ئىسمائىل داموللا تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭ يۇقىرىقى تەرجىمىدىن ئەھمەد زىيائىي 1953 ـ 1954 ـ يىللىرىدىكى، (ئەمەلىيەتتە 1951 ـ 1953 ـ يىللىرى تەرجىمە قىلغان) نۇسخا كۆزدە تۇتۇلغان ـ نەقىلچىدىن) پەرقى، بۇنىڭدا تەرجىمان تولىراق ئەركىن پىكىر يۈرگۈزگەن. ئەمما تىلىدا خۇددى ئەرەبچىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغاندەك تولىراق ئەرەبچە ئىبارىلەر ئورۇن ئالغان. ھەجمى: بويى 37، ئېنى 29، قېلىنلىقى 4 سانتىمېتىر، 232 بەت»

بۇنىڭدىن بىلىندۇكى، ئىسمائىل داموللا تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىپ كىتابەت قىلىنغان «دىۋان» نىڭ بىر نۇسخىسى ئەينى زاماندا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىغا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئېلىنىپ شۇ ئورۇندا ساقلانغان ئىكەن.

ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيى دائىملىق كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ (1918 ـ 2002) ئەپەندى بىلەن 2000 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى (جۈمە) چۈشتىن كېيىن ئائىلىسىدە ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتە مەزكۇر ماقالە ئاپتورىغا مۇنداق بىر ئۇچۇرنى يەتكۈزۈپ بەرگەنىدى.

1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا كاشغەردىكى (ۋالىيلىق) خىزمىتىمنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدىم. ئاردىن بىر قانچە ئاي ئۆتكەندە، بىر كۈنى كەچتە يوچۇن بىر ئادەم ئىشىكنى چېكىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ كىشى ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ، ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن بوغچىسىنى ئېچىپ، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ تەرجىمىسىنى ئالدىمدا قويۇپ: ـ ئاڭلىسام سىلى كاشغەردە ئەھمەد زىيائىي ئەپەندىگە بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلدۇرۇپتىلا، مەنمۇ خېلى بۇرۇن تەرجىمە قىلىپ چىققانىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن بۇ كىتابنى يورۇقلۇققا چىقىرالمايدىغان ئوخشايمەن، مۇبادا ئەھمەد زىيائىي ئەپەندى تەرجىمە قىلغان نۇسخىسىنى نەشر قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، مەن تەرجىمە قىلغان بۇ تەرجىمە نۇسخىسىنى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلەتكەن بولساڭلار ياكى سېلىشتۇرۇپ پايدىلانساڭلار كۆپ ياخشى بولغان بولاتتى، دېگەن. شۇنداق قىلىپ سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئەپەندى بۇ تەرجىمە نۇسخىنى ئېلىپ قالغان.

ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىدىن XX كىشى سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ «دىۋان» نىڭ ئىككى خىل تەرجىمە نۇسخىسىنى (يەنە بىرى ئەھمەد زىيائىي تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى) تەشكىل ئامىدىن ئېلىپ كەتكەن. سەيدۇللا سەيپۇللايوپ ئەپەندى ئاردىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەن بولغانلىقى ۋە شالائەتلىكىنىڭ ناچارلىقى سەۋەبىدىن ئاشۇ قېتىم «دىۋان» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەلگەن مېھماننىڭ ئىسمىنى ئەسلىيەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كىشى ئۆزىنى ساۋۇتلۇق دېگەندەك قىلغان دېگەن يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ماقالە ئاپتورىنىڭ قارىشىچە بۇ يوچۇن مېھمان ئىسمائىل داموللا بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئاساسىي قىلىپ مۇنۇلارنى دېيىشكە بولىدۇ. بىرىنچىدىن، ئىسمائىل داموللىنىڭ كەلگەن يېرى بىلەن بىر يول بولغانلىقى ئۈچۈن، سەيپۇللايوپ ئەپەندىنىڭ كاللىسىدا ئاشۇ مېھماننىڭ كەلگەن يېرى ساۋەن دەپ قاراپ، ساۋەن بىلەن چۆچەك ئارىلىشىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئىسمائىل داموللامنىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ھەققەتەن ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، دەسلەپ ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىشخانىسىدا بىر مەزگىل تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يۇسۇپبەگ مۇخلىسوۋ، ئابلىمىت روزى قاتارلىقلار بۇ نۇسخىنى كۆرگەن ۋە ئوقۇغان. ئۈچىنچىدىن، بۇ تەرجىمە نۇسخا شۇ يىللاردا ش ئۇ ئا ر مۇزېيىغا تەييارلىق قىلىش باشقارمىسىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈلۈپ، مەخسۇس نومۇر قويۇلۇپ ئەنگە ئېلىنغان. جۈملىدىن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قولىيازمىلىرى كاتالوگى» ناملىق كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان. تۆتىنچىدىن، ئىسمائىل داموللا 1953 ـ 1954 ـ يىللىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا قاتناشقان①.

مەزكۇر ماقالىنىڭ لوگىكىلىق تەرتىپى بويىچە بولغاندا، ئىسمائىل داموللا نېمە سەۋەبتىن «دىۋان» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىغا تۇتۇش قىلىپ قالغان، ئۇ تەرجىمىدە ئاساس قىلغان ئەرەبچە نۇسخىنى قەيەردىن تاپقان؟ دېگەن مەسىلىنى مەخسۇس مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، XVIII ـ XIX ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە باشقا بىر قاتار بولۇنغۇر كەيپىياتلارغا ئوخشاش، ئېغىر مەنىۋى كرىزىس يۈز بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن بەزى ئەھۋالدا قەدىمكىلەرنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىگە سەل قاراش، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ ئالىملىرى، بۈيۈك دانىشمەنلىرى، زەبەردەست يول باشلىغۇچىلى-

رىنى بىلەلمەسلىك، ئۇنتۇپ قېلىش، ئەستىن چىقىرىپ قويۇش، گاڭگىراشلىق، قاششاقلىق، نادانلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر ئاساسىي ئېقىمغا ئايلىنىپ قالغان. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋان» غا ئوخشاش ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەرنىڭ يازما نۇسخىلىرىنى ئۆز يۇرتىدا، ئۆز قوللىرىدا ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىنى يارىتالمىغانلىقى بۇنىڭ بىر كىچىك مىسالى. مۇنداق ئەھۋالدا ئىسمائىل داموللا ھەرقانچە بىلىملىك، ئىقتىدارلىق، يولى كەڭ بىر زات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەينى چاغنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك شارائىتىدا تاسادىپىي ئوتتۇرىغا چىقىپ، «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشتەك چوڭ ئىشنى قولغا ئېلىشنىڭ چوقۇم بىر سەۋەبى بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. ئىبراھىم مۇتىئىي، ئابلىمىت روزى، ئوسمان مۇھەممەد ھاجىم (1918 ـ 2008)، مۇھەممەد ئىمىن قۇربانىي (ئىشقىي، 1914 ـ 1990)، شېرىپ خۇشتار قاتارلىقلار بىلەن 1981 ـ يىللاردىن تاكى 2008 ـ يىللارغىچە (بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھايات بولغانلىرى بىلەن) ئېلىپ بېرىلغان ھەر خىل شەكىلدىكى سۆھبەتلەردە بىلىنىشىچە، شۇنداقلا بۇ پېشقەدەملەرنىڭ بايانىغا قارىغاندا، قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇقادىر داموللا قاتارلىق كاشغەردە ئۆتكەن ئۆلىمالار شىنخەي ئىنقىلابى (1911 ـ يىلى) دىن كېيىن چەت ئەللەردە ئوقۇش جەريانىدا تۈركىيىگىمۇ بارغان، ھەم 1915 ـ 1917 ـ يىللىرى كىلىسلى رىفئەت تەرىپىدىن تەييارلانغان «دىۋان» نىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېلىپ، ئىخلاسمەن ئۆلپەتلىرى، كاشغەرنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكلىرى ھېسابلانغان ئۆلىمالىرى بىلەن ئورتاق مۇتالىئە قىلىشقان. شۇنداقلا بىرگە تەرجىمە قىلىپ، ئانا تىلىغا ئاغدۇرۇپ ئۆز خەلقىگە تونۇشتۇرۇشنى مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىپ بۇ ئىشقا چىن دىلىدىن نىيەت قىلىشقان. ئەپسۇسكى، خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ شەرەپلىك خىزمەتنى تاماملىيالمىغان. ئابدۇقادىر داموللىنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرىدىن ھېسابلانغان ئىسمائىل داموللا كاشغەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا، مۆھتەرەم ئۇستازىنىڭ ئاغزىدىن مەھمۇد كاشغەرى ۋە «دىۋان» توغرۇلۇق ئوتلۇق لېكسىيەلەرنى ئاڭلىغان، مۇبارەك كىتابنىڭ ئەرەبچە نۇسخىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، ئىسسىق، پاك قولى بىلەن تۇتۇپ باققان، ئالتۇن قۇرلىرىنى بىرمۇ ـ بىر ئوقۇپ باققان. يەنە داموللا جۇشقۇن تالىپلىق ۋاقىتلىرىدا، بۈيۈك ئۆلىما ئابدۇقادىر داموللىنىڭ «دىۋان» نى ئانا تىلغا تەرجىمە قىلىش توغرىسىدىكى ئوي ـ خىياللىرىغا ماسلاشقان، جور بولغان. يەنە تېخى ئابدۇقادىر داموللا ئۆزى تۈركىيىدىن ئېلىپ كەلگەن «دىۋان» نۇسخىسىدىن بىرنى باشقا كىتابلار قاتارىدا ئىسمائىل ئاخۇنغا سوۋغات قىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە ھەم جەريان، ئىسمائىل داموللىدا «دىۋان» دىن ئىبارەت ئالەمشۇمۇل تەۋەررۈك كىتابنى ئەرەب تىلىدىن ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىشتەك خاسىيەتلىك ئىشنى قولغا ئېلىشقا سەۋەب بولغان بولۇشى كېرەك دېگەن ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتۈشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ھازىرلىغان ②.

«دىۋان» نىڭ ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا چۆچەك شەھىرىدە تەرجىمە قىلىنىشىغا سەۋەب بولغان ئىشلار قاتارىدا يەنە مۇنداق بىر ئىشنىمۇ سۆزلەپ ئۆتمەي بولمايدۇ.

تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، 1932 ـ يىلى چۆچەكتىكى ئۆلىما ـ زىيالىلار ئەستايىدىل كېڭىشىپ، چۆچەك شەھىرىدە بىر قىزلار مەكتىپى قۇرۇپ، ئۇنىڭغا «مەھمۇدىيە ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى» دەپ نام بەرگەن. ئەسلىدە بۇ مەكتەپكە مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مۇبارەك نامى بىلەن ئىسىم قويۇش كۆنتەرتىپكە قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مىلىتارىس جىن شۇرېنىنىڭ مائارىپتىكى تېررورلۇق سىياسىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەكتەپ نامى قىسقارتىلىپ، يەنى «كاشغەرى» دېگەن سۆز ئېلىۋېتىلىپ يۇقىرىقىدەك ئاتالغان. چۆچەك ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى 1946 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەستىقى بويىچە «مەھمۇدىيە مەكتىپى» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان تۇنجى مەكتەپ بولۇپ قالغان ③. بۇنىڭدىن چۆچەك خەلقى 1930 ـ يىللاردىن باشلاپلا ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى توغرىسىدا مۇئەييەن چۈشەنچىدە بولۇپ بولغان ياكى چۆچەكتە ئىسمائىل داموللىنىڭ «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىشىنىڭ مەنىۋى ۋە مىللىي ئاساسى تۇرغۇزۇلۇپ بولۇنغان، شۇنداقلا شەرت ـ شارائىتلىرى ئاساسەن پىشىپ قالغان، ھەممە ئۆلىما ـ زىيالىلارنىڭ زۆرۈر خىزمىتىگە ئايلىنىپ قالغان. مانا مۇشۇنداق بىر قاتار ئەھۋاللار ئىسمائىل داموللىنى تەخىرسىزلەندۈرگەن بولۇشى كېرەك.

ئىسمائىل داموللا پەقەت بىلىملىك، ئىقتىدارلىق بىر دىنىي ئۆلىما بولۇپ قالماستىن، يەنىي بىلىملەرگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدىغان ئالىم كىشى بولغان. تېبابەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى دورا ياساپ نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كېسە-

لىنى داۋالىغان. ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ھەۋەس باغلىغان، شۇنداقلا ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كۆڭلى ئويغاق، ھېسسىياتلىق ئەدىبلەردىن بولغان. ئۇ ۋاقىت چىقىرىپ ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەلىشىر نەۋائىي، جالالىدىن رۇمىي، ئابدۇراخمان جامى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى بېرىلىپ ئوقۇغان، مۇتالىئە قىلغان، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى بالىلىرىغا تەسىرلىك قىلىپ ئوقۇپ بەرگەن. بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائىيغا چوڭقۇر ھۆرمىتى بولغان. شاگىرتلىرى ۋە بالىلىرىغا ئەلىشىر نەۋائىي ھەزرەتلىرى بىزنىڭ بۈيۈك شائىرىمىز، ئۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ تىلى بىلەن ئىنتايىن پاساھەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان، ئۇنى ئوقۇش، ئۆگىنىش، بالىلارغا چۈشەندۈرۈش، ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش، مۇتالىئە قىلىپ، مەنىۋى نەپكە ئېرىشىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ۋە بۇرچىمىز دېگەنلەرنى ئەسكەرتىپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئۆيىدە نۇرغۇن كىتابلار، قوليازمىلار بولغان. ئۇلارنى ئۆزى پايدىلىنىپ قالماستىن، ھاجەتمەنلەرگە، تالىپلىرى، ئىلمخۇمار كىشىلەرگە بېرىپ تۇرغان. ئۇ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن بىر قىسىم كىتابلىرىنى بەزىلەر چەت ئەلگە ئېلىپ كەتكەن، بىر قىسمى ئائىلىسىنىڭ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ كېلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيغا تەييارلىق قىلىش ئىشخانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن، بىر قىسمىنى ئۈرۈمچىدىكى يېقىن ـ يورۇقلار، جۈملىدىن ئۆلكىلىك مەدەنىيەت نازارىتىدىكى بىر قانچە XX، XX كىشىلەر ئېلىپ كېتىشكەن.

ئىسمائىل داموللا خەلقچىل، مىللەتنى، يۇرتنى سۆيىدىغان ئالىيجاناب روھقا ئىگە ئەزىمەت بولۇپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆلكىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ تارباغاتاي ۋىلايىتى ۋەكىلى سۈپىتىدە يىغىنغا قاتنىشىپ، ھەر مىللەت ۋەكىللىرى بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى قۇرۇشتەك شەرەپلىك ئىشنى ئورتاق كېڭەشكەن، چۆچەككە قايتىپ بارغاندىن كېيىن قارشى ئېلىشقا چىققان نەچچە مىڭ ئاممىغا كومپارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك سىياسىتىنىڭ يۆنىلىشى ۋە ئەۋزەللىكلىرى توغرىسىدا بىر قانچە رەت نۇتۇق سۆزلەپ، چۆچەك خەلقىنىڭ ۋەتەننى، كومپارتىيىنى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك رايون تۈزۈمىنى يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە ھىمايە قىلىشى ئۈچۈن ئاكتىپ تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئوينىغان④.

ئىسمائىل داموللىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، «دىۋان» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىقىشنىڭ قالتىس ئەھمىيەتلىك بىر ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ تەرجىمە ئەمگىكىنىڭ دېرىكى ئېلىنىش ئالدىدا تۇرغان، تەتقىقات سورۇنىغا ئېلىپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەينى زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىگە ئېلىنغانلىقىنىڭ ئۆزى كېيىنكىلەرنىڭ ئەسلىشىنى، ئىزدىنىشىنى، ئىلھام ئېلىشىنى ۋە قەدىرلىشىنى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇپ بولغان. دېمەك، ئۇنىڭ ئەجدادلار تەرىپىدىن ياندۇرۇپ بېرىلگەن ئىلىم ـ مەرىپەت چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويماي، ئىنتايىن جاپالىق شارائىتتا، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تىنىم تاپماي ئىشلەپ، بۇ خىل چىراغنى ئەۋلادلار ئارىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىشتە بىلىر كىشىلىك ھەسسىسىنى قوشقانلىقى كېيىنكىلەرنىڭ، ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ.

**ئىككىنچى، «دىۋان» نى ئەھمەد زىيائىنىڭ تەرجىمە قىلىش جەريانى.** «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسى ئىككىنچى قېتىم ئەدەبىياتشۇناس ئەھمەد زىيائى( 1913 ـ 1989) تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان. بۇنىڭ تەرجىمە قىلىنىش جەريانى مۇنداق بولغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە چۈشۈرۈش ئۈچۈن خەلق ھۆكۈمىتى بىر قاتار ئىشلارنى ئىشلىگەن. شۇ قاتاردا كونا قولىيازمىلارنى، قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىش ئىشلىرى قولغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭدىكى بەزى مۇھىم ماتېرىياللار ئارخىپلاشتۇرۇلغان. شۇ قاتاردا كاشغەردىمۇ بۇ ئىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. 1951 ـ يىلى 7 ـ ئايدا سەيدۇللا سەيپۇللايۇپ كاشغەر ۋىلايىتىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن. بۇنى ياخشى بىر پۇرسەت دەپ بىلگەن جەنۇبىي شىنجاڭ ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ ( 1913 ـ 1994) مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نازارەت ئاستىدا تۇرۇپ تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە يەرلىك ئاخباراتلارنى رەتلەش ئىشىغا ياردەملىشىۋاتقان ئەھمەد زىيائىنىڭ «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىپ چىقىشنى توغرۇلۇق سەيپۇللايۇپ ئەپەندىگە تەكلىپ بەرگەن. سەيپۇللايۇپ ئۆلكە مەسئۇللىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتۇرغان. جۈملىدىن، خىزمەت تەكشۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ بىلەن بىرگە كاشغەر ۋىلايىتىگە تەۋە كانسۇ رايونىغا بارغىنىدا، كېيىنەك قويۇش ئەمگىكىگە قاتنىشىۋاتقان ئەھمەد زىيائىنى جىپ ماشىنىسىغا ئېلىۋېلىپ بىرگە كاشغەر شەھىرىگە ئېلىپ كەلگەن. ئەھمەد زىيائى سىرتقا چىقماسلىق بەلگىلەنگەن ئورۇندا «دىۋان» نى ئەرەبچە نۇسخىسى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا

ئالغان. يەنى ئۇنىڭ كۈندە تەرجىمە قىلغان قىسمى بەلگى-
لەنگەن خادىملار تەرىپىدىن ئاكىسى مۇھەممەدخان پەيزى
( 1909 ـ 1975) نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغان⑤. مۇ-
ھەممەدخان پەيزى بولسا خەتتاتلىق سەنئىتى بويىچە ئۇدۇل-
لۇق كۆچۈرۈپ چىققان، بۇ ھەقتە ئەينى زاماندىكى ئىشلار-
نى بىلىدىغان، ئاڭلىغان، تەكشۈرۈپ كۆرگەن ئەدەبىياتشۇ-
ناس ئابلىمىت روزى «ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ
‹دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك› ئەسىرى» ناملىق ماقالىسىدە مۇنداق
دەپ يازغان:
«دىۋان» نىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەرجىمىسى 1952 ـ
1954 ـ يىللىرى (بۇ يىلنامە خاتا بولۇپ قالغان ـ نەقىلچى-
دىن) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ بىۋاستە رەھبەر-
لىكىدە، كاشغەر ۋىلايىتىنىڭ بىرىنچى ۋالىيسى سەيدۇللا
سەيپۇللايوپنىڭ قىزغىن تەشەببۇسى، ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە
ھەتتا ماددىي جەھەتتىن خالىسانە ياردىمى ئارقىسىدا،
يولداش ئەھمەد زىيائىي تەرىپىدىن ئىشلەنگەن تولۇق ئۈچ
توم ئىدى. ئۇ ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى سەۋىيە-
دە بولۇپ، تىل ئۇسلۇبى، ئەسلى سۆزلەرنىڭ توغرا تراند-
سكرىپسىيىدە بېرىلىشىگە خېلى كۈچ سەرپ قىلىنغان. بو-
لۇپمۇ، تەرجىمىنىڭ قولىيازمىسى پۈتكەندىن كېيىن، 8 باسما
تاۋاقلىق دەپتەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئەسەرنىڭ ئەسلى ئەرەب-
چە نۇسخىسى، سول تەرىپىگە ئۇنىڭ تەرجىمىسى بېرىلىپ،
ئەرەب خېتىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدە كۆچۈرۈلگەن. 1956 ـ
يىلى «دىۋان» تەرجىمىسىنىڭ بۇ نۇسخىسىنى كاشغەرنىڭ
ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن شائىر، مۇدەررىس مۇھەممەدجان
مەخسۇم (پەيزى) داموللا، (كاشغەر شەھىرىنىڭ) جانقورغان
مەھەللىسىدىن مۇدەررىس مۇھەممەتئىمىن ھاجىم، (يەنە
ياسىن ئاخۇن ئۇزۇن ـ نەقىلچىدىن) قاتارلىق ئەرەب تىلى-
نىڭ مۇكەممەل ئۆلىمالىرى كۆزدىن كەچۈرۈپ، III تومنىڭ
ئاخىرقى بېتىگە: «تەرجىمان ئەھمەد زىيائىي ئەپەندى ‹دىۋا-
نۇ لۇغەتت تۈرك› ناملىق ئەسەرنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ تەر-
جىمە قىلغان. بىز ئۇنىڭ سايىلىقىغا تامامەن قوشۇلۇپ ئۆز
مۆھۈرلىرىمىزنى باستۇق» دەپ ئىمزالىرىنى قويغان⑥.
[ئىزاھات: ئابلىمىت روزى ئەپەندىنىڭ بۇ بايانىنىڭ ئا-
ساسىي روھى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، بىراق تەرجىمە قىلىنغان
ۋاقىت، يەنى 1952 ـ 1954 ـ يىللىرى سەل كېيىنكە
كەتكەن، چۈنكى سەيپۇللايوپ ئەپەندىنىڭ كاشغەردە
خىزمەت ئىشلىگەن ۋاقتى بولسا ئەمەلىيەتتە 1951 ـ 1953 ـ
يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرەب تىلى مۇتە-
خەسسىسلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ۋاقتىمۇ كېيىنكە
سۈرۈلۈپ كەتكەن. ئەسلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ۋاقتىمۇ
1953 ـ يىلى باش كۈز ئايلىرى بولۇشى كېرەك. چۈنكى
كىتابنىڭ بېكىتىلگەن تەرجىمە نۇسخىسىنى سەيپۇللايوپ
ئەپەندى 1953 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچىگە ئېلىپ
كەلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچىلەرنىڭ بە-
رىنىڭ نامىنى ئابلىمىت روزى ئەپەندى تىلغا ئالمىغان،
بىراق. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيرى» ناملىق كىتابتا
بۇ خىزمەتكە ياسىن ئاخۇن ئۇزۇن دېگەن (ئۆلىما) كىشى-
نىڭمۇ قاتناشقانلىقى ئېيتىلغان⑦. بۇ كىتابنى يازغۇچىلار بۇ
مەلۇماتنى ئەھمەد زىيائىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان.
ئابلىمىت روزىنىڭ ماڭا ئاغزاكى بايانىدا ئېيتىپ بې-
رىشىچە، 1955 ـ 1956 ـ يىللىرى «دىۋان» ش ئۇ ئا ر
يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھوزۇرىدا مۇتەخەسسىسلەر تەرىپىدىن
ئوقۇلغان ۋە مۇھاكىمىگە قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە
مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ يول مېڭىشى بىلەن ھۆكۈمەت
مالىيىسىدىن 500 يۈەن خەلق پۇلى ئاجرىتىلىپ، ئەھمەد
زىيائىنىڭ تەرجىمە ھەققى سۈپىتىدە بېرىلگەن. ئەھمەد زى-
يائىي بىر قېتىم كاشغەر شەھىرىگە قايتىپ بارغىنىدا بۇ
پۇلنىڭ 200 يۈەنىنى ئاكىسى مۇھەممەدخان پەيزىنىڭ
«دىۋان» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسىنى كۆچۈرۈپ، تەكشۈرۈپ
بەرگەنلىكى ھەققى ئۈچۈن ئالدىغا قويغىنىدا ئۇ كىشى تولى-
مۇ تەسىرلەنگەن ۋە بەكلا خۇشال بولۇپ، كۆزلىرىگە ياش
ئالغان⑧. بۇ گەپنى ئەھمەد زىيائىي ئابلىمىت روزىغا ئاغزا-
كى ئېيتىپ بەرگەن. چۈنكى ئەينى زاماندا 500 يۈەن
خەلق پۇلىنىڭ قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى.
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيرى» ناملىق كىتابنىڭ
17 ـ بېتىدە ئەھمەد زىيائىنىڭ «دىۋان» نى تەرجىمە قىلى-
شى ھەققىدە توختالغىنىدا «ئەھمەد زىيائىي 1953 ـ يىلى
كاشغەرنىڭ سابىق ۋالىيسى ئىمىنوۋ ھامىدنىڭ قوللاپ قۇۋ-
ۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئۇلۇغ ئالىم... مەھمۇد كاشغەرىنىڭ
نادىر ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نى تەرجىمە قىلىشقا
كىرىشىپ، 1955 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۇنىڭ دەسلەپكى نۇس-
خىسىنى قولدىن چىقارغان»... دېيىلگەن. بۇنىڭدا [ «سەي-
دۇللا سەيپۇللايوۋ» نىڭ ئىسمى «ئىمىنوۋ ھامىد» قا،
«1951 ـ 1953» يىللىرى «1954» يىلغا ئالمىشىپ قالغان-
لىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان بايانلارنىڭ روھى ئاسا-
سەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولغان.]
ئەھمەد زىيائىي تەرجىمە قىلغان «دىۋان» نىڭ تەرجى-
مە نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھوزۇرىدا
1954 ـ 1957 ـ يىللىرىغىچە تۇرغان. ئۇنى يۇسۇپبەگ

مۇخلىسوۋ، ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىمىت روزى، ئەرشىدىن تاتلىق، ئابدۇرېشىت ئىسلامى قاتارلىقلار كۆرگەن ھەم مۇتالىئە قىلىش ئىستىكىدە بولغان. ئىمىن تۇرسۇن، ئابلىمىت روزى قاتارلىقلار بۇ ھەقتە بەلگىلىك ئىزدىنىشمۇ قىلغان⑨. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوۋغا ئالاھىدە دوكلات يېزىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى بىلەن بۇ كىتابنى نەشر قىلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئەسئەت ئىسھاقوپ «دىۋان» نى نەشر قىلىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن بىر گۇرۇپپا تەشكىللەپ، كىتابنىڭ تىلىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈپ كۆرۈش، سىلىقلاپ ئىشلەشنى تەلەپ قىلغان ھەم بۇ ئىشنى مىللەتلەر تىل يېزىق كومىتېتىغا تاپشۇرغان⑩. 1955 ــ 1960 ــ يىللىرى ئەھمەد زىيائى ئۈرۈمچىگە كەلتۈرۈلۈپ، شىن ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتى ھۇزۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ئىشلىرىغا قاتناشقىنىدا، «دىۋان» نىڭ تەرجىمە تىلىغا يەنە بىر قېتىم ئىشلەشكە تەييارلانغان⑪.

1955 ــ 1957 ــ يىللىرى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى قارمىقىدا مۇزېي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، شۇ چاغقىچە توپلىنىپ، مەدەنىيەت نازارىتى، يازغۇچىلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئورۇنلاردا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى قوليازمىلار، كلاسسىك ئەسەرلەر مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەھمەد زىيائى، يۈسۈپبەگ مۇخلىسوۋ، ئابلىمىت روزى قاتارلىقلار 90 نەچچە پارچە قەدىمكى ئەسەرنىڭ كاتالوگىنى تۈرگۈزۈپ چىققان، بۇلاردىن 70 نەچچە پارچىسى دەسلەپكى قەدەمدە رەتلىنىپ، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قوليازمىلىرىنىڭ كاتالوگى» ناملىق كىتابچە قىلىنىپ 1957 ــ يىلى كونا ئۇيغۇر تىلى ئۇسلۇبىدا بېسىلغان. كىتابنىڭ بېسىلىشىغا شىنجاڭ يەرلىك مۇزېيغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى مەسئۇل بولغان. ئۇنىڭ ئىچىگە «دىۋان» توغرۇلۇق ماددىمۇ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: ««تۈرك لۇغەتلىرى دىۋانى كىتابى» (1)، نومۇرى: № 58، № 129، (بۇ نۇسخا) ئەھمەد زىيائى تەرىپىدىن 1953 ــ 1954 ــ يىللىرى كاشغەر ۋالىيسى سەيپۇللايوۋنىڭ تەشەببۇسى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەر مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە تىلچىسى مەھمۇد ئىبنى ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ بۇنىڭدىن 10 ئەسىر ئىلگىرى ئەرەب تىلىدا يازغان «كىتاب دىۋان لۇغەتت تۈرك» ناملىق ئۇيغۇر تىلى ۋە گرامماتىكىسىغا دائىر مەشھۇر كىتابنىڭ تەرجىمىلىسىدۇر. بۇ كىتاب 3 توم بولۇپ، بىرىنچى تومى 472 بەت، ئىككىنچى تومى 246 بەت، ئۈچىنچى تومى 270 بەتتىن ئىبارەت.

ئەسەرنى تەرجىمان بىر بەتنىڭ يېرىمىغا كىتابنىڭ ئۆز ئەينىنى زىر ــ زەۋەرلىك ئەرەب يېزىقى بىلەن پۈتتۈرۈپ چىقىپ ئىككىنچى يېرىمىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى خەتتى پارسى بىلەن يېزىپ تامام قىلغان. ئەسەر تولۇق 1956 ــ يىلى مۇزېي ئىختىيارىغا ئېلىندى...»

[ئىزاھات: بۇ باياندىكى 1953 ــ 1954 ــ يىللىرى تەرجىمە قىلىندى، دېگەن مەزمۇن يەنىلا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان، بىراق قالغان مەزمۇنلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتى يۇقىرى.]

دېمەك، ئەھمەد زىيائى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «دىۋان» نىڭ تەرجىمە نۇسخىسى ش ئۇ ئا ر مۇزېيدا ساقلانغان.

تىلشۇناس، پروفېسسور مىرسۇلتان ئوسمانوۋنىڭ 2000 ــ يىلى يازدا ۋە 2008 ــ يىلى 10 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى ئېلىپ بېرىلغان سۆھبەتتىكى ئاغزاكى بايانىغا قارىغاندا، «دىۋان» نىڭ ئەھمەد زىيائى تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى كېيىنچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ قەدىمكى قوليازمىلار بۆلۈمىدە ساقلىنىپ كەلگەن ھەم مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بۇ قوليازما نۇسخىنى ۋە بۇ نۇسخىنىڭ ئاخىرىغا ئەھمەد زىيائى ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «مەن بۇ كىتابنى كاشغەر ۋالىيسى سەيدۇللا سەيپۇللايوپنىڭ ئەمرى بىلەن كاشغەردە تەرجىمە قىلىپ چىقتىم» دەپ يېزىپ قويغان ئېنىق قۇرلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. بىراق ئاپەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ باشلانغان يىلى، يەنى 1966 ــ يىلى تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ مەسئۇلى XX ئۆزىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت ئىشخانىسىدا كونا كىتابلارنى يىغىپ ساقلىغان دەپ تەنقىد قىلىنىپ، ئەدەپلىنىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، «دىۋان» نى، يەنە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1940 ــ يىللاردا ئۈرۈمچىدە نامەلۇم بىر ئۆلىمانىڭ تەرجىمە قىلغان نۇسخىسى قاتارلىق بىر قانچە كونا كىتابلارنى قوشۇپ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ ئاشكارا كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. بۇ قېتىمقى كۆيدۈرۈلۈش جەريانىنىمۇ مىرسۇلتان ئوسمانوۋ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن.

ئەھمەد زىيائى «دىۋان» نى تەرجىمە قىلغاندا ئۇنىڭ قايسى نۇسخىسىنى ئاساس قىلغان؟ بۇ ھەقتە شائىر ئەھمەد زىيائى ھايات چېغىدا ئەسلەپ مۇنداق دېگەن: «... 1948 ــ

يىلى مەن مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ، تەنجىڭغا سەپەر قىلدىم. تەنجىڭغا بېرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگىنىمدە مېنى ھەممىدىن بەك خۇشال قىلىدىغان مۇنداق بىر ئىش بولدى: مەن ئەقلىمگە كېلىپ شۇ كۈنگىچە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ۋە كۆرەلمىگەن ئىككى نادىر ئەسەر «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» نى ئۈرۈمچىدىكى «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» دا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇيغۇر - تۈرك تارىخىغا ئائىت كىتابلار بولۇپ، شۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پەرغانە نۇسخىسى، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئۈچ توم بار ئىكەن. مەن تەنجىڭغا بېرىشتىن بۇرۇن شۇ كۇتۇپخانىدا ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم شۇ گۆھەر ئابىدىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. كېيىنكى چاغلاردا بىز ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى ئىشلىگەن «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» شۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلار ئاساسىدا ئىشلەنگەن ⑫».

بۇ باياندىن، «دىۋان» كاشغەردە شائىر ئەھمەد زىيائىينىڭ تەرجىمە قىلىشى ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدىكى رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلمىي خادىملار ئەينى زاماندا ئۈرۈمچى شەھرىدە ئېچىلغان «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» غا قويۇلۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ئوقۇلغان ۋە كېيىنكى كۈنلەرگىچە ئىلمىي خادىملارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قېلىنغان نۇسخىسىنى تېپىپ ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى ئوقۇلىدۇ.

[ئىزاھات: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» بولسا 1945 - يىلى XXX، XXX كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي كىتابلىرى ئاساسىدا ئاچقان كۇتۇپخانا بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنلياڭ كوچىسى (ئاياق مەھەللىسى) غا تەسىس قىلىنغان ⑬.]

بۇ قېتىملىق تەرجىمە خىزمىتى ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ۋە مەدەنىيەت نازارىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلار ۋە ئىلمىي خادىملار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغان⑭. كاشغەردە سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋ قاتارلىقلار بولسا بۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلاشقان. ھەتتا بۇ ئىككى رەھبىرىي كادىر شەخسىي يېنىدىن مەبلەغ چىقىرىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغان⑮. ھەممىدىن ئەھمىيەتلىك بولغىنى، ئەينى زاماندا دۆلەت تېخى يېڭىلا ئازاد بولغان، يېڭى جۇڭگو تېخى باللىق باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى دېگەندەك تۇراقلىشىپ كېتەلمەيۋاتقان، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى قارىشى ئازاد بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى كىتابلارنىڭ قەدرىنى تونۇپ يېتەلمەيۋاتقان، بەزى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى تەۋرىنىپ تۇرۇۋاتقان بىر شارائىتتا «دىۋان» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان بەدەل تولىمۇ زور ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم ئىدى. ئەينى زاماندىكى رەھبىرىي كەدىرلار ۋە ئىلمىي خادىملار يۈكسەك سىياسىي ئاڭ، مىللىي ئاڭ ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن بۇ خىزمەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا ئورۇنلىغان، ئېغىر بېسىملارغا بەرداشلىق بەرگەن، قاتمۇ قات قېيىنچىلىقلارنى يەڭگەن، تەقدىرى بىلەن ئويۇنىشىشقا جۈرئەت قىلغان.

تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى 1953 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كەسىپداشلار بىلەن ئالاقىلىشىپ «دىۋان» نى نەشر قىلىش ئىشىنى قولغا ئالماقچى بولغان. 1956 - يىلى نەشرىيات رەھبەرلىرىگە بۇ توغرۇلۇق ئىلتىماس خېتى يازغان. ئىلتىماس نەشرىيات ئارقىلىق باش مىنىستىر جۇ ئېنلەيگە يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن، باش مىنىستىر ئىلتىماسنى كۆرۈپ «ئەگەر ئۇيغۇرلارنىڭ بۇنداق كلاسسىك ئەسىرى بولسا، چوقۇم (نەشر قىلىپ) چىقىرىڭلار» دەپ تەستىق سالغان⑯. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم مۇتىئى ئەھمەد زىيائىي تەرجىمە قىلغان «دىۋان» نىڭ ئورىگىنالىنى بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىش توغرىسىدا شىنجاڭدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا خەت يازغان. خەت شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلار ئۆز يولىغا چۈشكىچە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن «دىۋان» نى نەشر قىلىش ئىشى كېچىكىشكە توغرا كەلگەن.

**ئۈچىنچى، «دىۋان» نى ئۇيغۇر سايرانىنىڭ تەرجىمە قىلىش جەريانى.** «دىۋان» 1965 - 1960 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر سايرانى، مۇھەممەد سالىھ قاتارلىق كىشىلەر تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قېتىملىق تەرجىمىنىڭ جەريانى تۆۋەندىكىدەك بولغان.

ئۇيغۇر سايرانى 1950 - يىلى 10 - ئايدىن 1956 - يىلى 9 - ئايغىچە ئالموتادا مۇئاۋىن كونسۇل ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش بىلەن تۇرۇپ قالغان. ئۇ ۋەتەنگە قايتىدىغان چاغدا ئۇنى ئۇيغۇر يازغۇچىسى قادىر ھەسەنوۋ، ئايالى، تىلشۇناس ئايشەم شەمىيېۋالار ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغان. مېھماندارچىلىقتا يەنە بىر قازاق ئالىمىمۇ چاقىرىلغان ئىكەن. داستىخان ئۈستىدە قازاق ئالىمى ئۇيغۇر سايرانىغا مۇنداق

دېگەن: گېزىتتىن ئاڭلىدۇق، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلۇپتۇ، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش بولۇپتۇ. سىزگە دەپ قويىدىغان بىر گەپ بار، ھازىر بىر مەشھۇر ئەسەر بار، ئۇنى تاشكەنتتە (نەشر قىلىش ئىشىنى) ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇلار بۇ ئەسەر بىزنىڭ دەۋاتىدۇ، مەن ئۇلار كۆرسەتكەن ئاساسلارنى كۆرۈپ باقتىم. لېكىن، بۇ ئاساسلار ئاساس دېگۈچىلىكى يوق ئاساسلار ئىكەن. ئەگەر ئاساس كۆرسىتىمىز دېسەك، بىزنىڭ ئاساسىمىز ئۇلارنىڭكىدىن كۈچلۈكرەك. لېكىن، بۇ ئەسەر سىلەرگە تەۋە، ئالدى بىلەن بۇ ئەسەرنى سىلەر ئىشلەڭلار» دېگەن گەپنى قىلغان ⑰. ھەم بۇ ئەسەرنىڭ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» نى ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلگەن. بۇ گەپ ئۇيغۇر سايرانىغا چوڭقۇر تەسىر قىلغان. ئۇ ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن بىر قانچە يىل جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇش، ئورگان تەسىس قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، 1950 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ «دىۋان» نىڭ تەرجىمىسىنى ئىشلەشنى قولغا ئالغان. ئۇنىڭ قولغا ئېلىنىش جەريانى بولسا مۇنداق بولغان. يولداش بۇرھان شەھىدى 1956 ـ يىلى قۇرۇلغان جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، يىل ئاتلاپلا بېيجىڭغا يۆتكىلىپ كەتكەن. ئۇيغۇر سايرانى ئاكادېمىيە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ سېكرېتارى، قوشۇمچە ئاكادېمىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ تەيىنلەنگەن ھەم ئارقىدىنلا بېيجىڭغا پۇل ھەل قىلىش ۋە بەزى خىزمەتلەرگە كۆرسەتمە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بارغىنىدا، بۇرھان شەھىدى ئەپەندىگە «دىۋان» توغرۇلۇق ئالمۇتادا ئاڭلىغان گەپنى ئېيتىپ، بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتكەن. بۇرھان ئەپەندى دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، ھەم «دىۋان» دىن خەۋىرى بارلىقىنى ئېيتىپ، ئۆيىدىن 1945 ـ يىللىرى ئورۇمچىدىكى ئۆلپەتلىرى ئۆزىگە تەقدىم قىلغان «دىۋان» نىڭ تۈركچە تەرجىمىسىنى ئېلىپ ئۇيغۇر سايرانى بىلەن بىرلىكتە بېرىپ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ جىڭفۇغا باشقا خىزمەتلەر قاتارىدا «دىۋان» نى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى ئېيتقان. جاڭ جىڭفۇ بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى ئىشلەش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىشنىڭ، ئاساسلارنىڭ تولۇق ۋە كۈچلۈك بولۇشىنىڭ لازىملىقىنى جېكىلىگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر سايرانى ئورۇمچىگە قايتقاندىن كېيىن باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلىگەچ «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئالغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە نۇسخىسى ۋە تۈركىيىدە بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى قاتارلىقلار تەق قىلىنغان. بۇرھان ئەپەندى ئۆزىدىكى «دىۋان» نىڭ نۇسخىسىنى ئۇيغۇر سايرانىغا بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر سايرانى تۈركچە ۋە ئۆزبېكچە نۇسخىسىغا، ئەرەب تىلى مۇتەخەسسىسى مۇھەممەد سالىھ ئەرەبچە نۇسخىسىغا قاراپ «دىۋان» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان. 1965 ـ يىلى بۇ خىزمەت ئۇتۇقلۇق ئاخىرلىشىپ، ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىگە نەشر قىلىش ياكى ماي بوياق نۇسخىلىق قىلىپ بېسىپ ئىچكى قىسىمدا تارقىتىش تەكلىپى بېرىلگەن. ئەپسۇسكى ئايەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ كېتىپ، مىڭ بىر جاپادا ئىشلەنگەن «دىۋان» نىڭ تەرجىمە ئورىگىنالى ئۆكتەم ـ كۆكەرمە «قىزىل ئىسيانچىلار» تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنىپ، ئاخىر يوقىلىپ كەتكەن ⑱. تېخى «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىپ چىققانلىق بىر خاسىيەتلىك ئىش بولماستىن، بەلكى بۇ ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىقلارنىڭ يەنە بىر گۇناھى بولۇپ، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئەدەپلىنىش جازاسى يەنىمۇ ئېغىرلىتىلغان.

**تۆتىنچى، «دىۋان» نىڭ ئىبراھىم مۇتىئى قاتارلىقلار تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمە نۇسخىسى.** 1977 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتى، ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن «دىۋان» نى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشىنى قولغا ئالغان. 1978 ـ يىلىنىڭ دەسلىپىدە «دىۋان» نى تەرجىمە قىلىش خىزمىتى مەملىكەتلىك پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقات پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1978 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسى رەسمىي قۇرۇلغان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا سابىق ش ئۇ ئا ر يېزىق ئىسلاھاتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇسالام ئابباس ۋە مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى، ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش چېن خۇا رىياسەتچىلىكىدە، تىل ئىنستىتۇتىدىكى تەتقىقاتچى خادىملارنى ئاساس قىلغان ھالدا باشقا قېرىنداش ئورۇنلاردىكى مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەر قاتناشقان «دىۋان» نى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىللىرىغا تەرجىمە قىلدۇرىدىغان ئىككى مەخسۇس گۇرۇپپا قۇرۇلغان، بۇ گۇرۇپپا توپ ـ توغرا ئالتە يىل ھەمكارلىشىپ تىرىشىپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە «دىۋان» نىڭ I، II، III توملىرى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەر-

جىمە قىلىنغان ھەم 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇرچە نۇسخىسى نەشر قىلىنغان. ئۈچ تومنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى (پروفېسسور)، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئىمىن تۇرسۇن (پروفېسسور)، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (پروفېسسور، II، III توملىرىنىڭ) قاتارلىقلار ئۈستىگە ئالغان. I تومنى ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېھىم ھېبىبۇللا، داموللا ئابدۇلھېمىت يۈسۈفى، خەلىل سالىخ، ھاجى نۇرھاجى، ئوسمان مۇھەممەدنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلغان، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) قاتارلىقلار، II تومنى ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت، خەلىل سالىخ، ئوسمان مۇھەممەدنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار، III تومنى ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇرېشىت قارىم سابىت، خەلىل سالىخ، ئوسمان مۇھەممەدنىياز، سابىت روزى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، مىرسۇلتان ئوسمانوۋ قاتارلىقلار ئىشلىگەن. پۈتكۈل تەرجىمە، نەشر قىلىش جەريانىدىكى چىقىمنى دۆلەت ئۈستىگە ئالغان. ئۇنىڭغا قاتناشقان ئىلمىي خادىملارنىڭ كۆپچىلىكى دۆلەتنىڭ مائاشلىق خادىملىرى بولۇپ، بەزىلىرى قوشۇمچە دولەتنىڭ كاماندىروپكا پۇلىدىن بەھرىمەن بولغان.

«دىۋان» نىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىمۇ ئۇيغۇرچە نۇسخىسى بىلەن بىرلىكتە ئىشلىنىپ ماڭغان. بىراق مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نەشر قىلىنىشى كېچىكىپ 2000 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاندىن بېيجىڭدا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۈچ توم بولۇپ نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ I تومىنىڭ تەرجىمىسىگە شې رۇي، دىڭ يى، شياۋ جۇڭيى، لىيۇ جىڭجيا قاتارلىقلار، II تومىنىڭ تەرجىمىسىگە شياۋ جۇڭيى، لىيۇ جىڭجيا قاتارلىقلار، III تومىنىڭ تەرجىمىسىگە شياۋ جۇڭيى قاتناشقان.

«دىۋان» نىڭ 1980 ـ يىللاردىن كېيىن جۇڭگودا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە بولۇپ، جۇڭگونىڭ «دىۋانشۇناسلىق» تەتقىقاتىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش بىلەن بىرگە، دۇنيا «دىۋانشۇناسلىق» ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ توغرا، تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بۇنى ئەسلەش، مۇھاكىمە نۇقتىسى قىلىش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مۇئەييەن ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بىر خىل خىزمەت.

**خۇلاسە:** «دىۋان» نىڭ ئاپتورى مەھمۇد كاشغەرى كاشغەر شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ئوپال يېزىسىدا تۇغۇلغان، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ تىلشۇناسى. ئۇ كاشغەر قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار شەھەرلەردە ئوقۇپ، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە باغدادقا بېرىپ «دىۋان» نى يېزىپ چىققان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، مەكتەپ ئېچىپ مۇدەررىسلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ۋاپات بولغان چاغدا يۇرتىغا دەپنە قىلىنىپ، مەخسۇس قەبرە ياسالغان. مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى ئۇيغۇر قاتارلىق شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ قەبرىنى بىر خاسىيەتلىك ئورۇن سۈپىتىدە كۆرۈپ مۇھاپىزەت قىلىپ كەلگەن. قەبرە ئەتراپىغا قەرەللىك يوسۇندا جەم بولۇپ، كوللېكتىپ ھالدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغان. شۇنداق قىلىپ بۇ يەر ئىلىم ئەھلىنىڭ تەڭرىگە، دانىشمەنلەرگە، ئالىملارغا سېغىنىدىغان، ئىلىم تەلەپ قىلىدىغان دەرگاھلىق رولىنى ئويناپ كەلگەن.

«دىۋان» جۇڭگودىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ساھەسىگە قوشقان كاتتا تۆھپىلىرىدىن بىرى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارغا، شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە مەنسۇپ. بۇ قامۇس يەنە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر قاتار خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، تىل تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، مىللەتشۇناسلىق تارىخى قاتارلىق ساھەلەردىمۇ مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو ئۇيغۇرلىرى ئۆز تۇپرىقىدا «دىۋان» نى ئاپىرىدە قىلىپ، جۇڭگو خەلقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قاتار تۈركىي تىللىق خەلقلەر، جۈملىدىن پۈتكۈل دۇنيا خەلقى زوقلىنىدىغان مەنىۋى بايلىققا ئايلاندۇرغان. ئۇنىڭ مۇئەللىپى بولغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ئۈچۈن كاشغەرنىڭ ئەڭ گۈزەل ھاۋالىق جايى بولغان ئوپال يېزىسى ئازىق كەنتىنىڭ نورۇز بۇلاق دېگەن يېرىگە كۆركەم مەقبەرە ياساپ، زامانلارنىڭ دەھشەتلىك قايناملىرىدىن ئاتلىتىپ ئالىمنىڭ ئالتۇندەك مېيىتىنى كۆزىنىڭ قارىچۇقىنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، جېنى ۋە تېنى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ، قەرەللىك يوسۇندا تېۋىنىش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، مىللىيلىكى كۈچلۈك بولغان ئۇدۇملۇق ئادەتلىرىنى سۇسلاشتۇرماستىن دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ كەلگەن.

XX ئەسىرنىڭ كىرىپ كېلىشى بىلەن جۇڭگو ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەزەر دائىرىسى يەنىمۇ كېڭىيىپ بارغان.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىسىنى مۇھاپىزەت قىلىش بىلەن
قانائەتلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مۇبارەك كىتابى
بولغان «دىۋان» تۇغرۇلۇق ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئاشۇ
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر داموللا، قۇتلۇق شەۋقى قا-
تارلىق كاشغەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەر ئەزىمەتلىرى چەت ئەللەر-
گە، جۈملىدىن تۈركىيىگە بارغىنىدا ئۇ يەردە بېسىلغان
«دىۋان» نىڭ نۇسخىسىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېلىپ، بۇ
ئۇلۇغ ئەسەرنى ۋەتەنداشلىرىغا ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى
بىلەن كۆرەك قىلغان، ئۇ ھەقتە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش-
نىڭ سىگنالىنى چالغان. شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئىلىم
ئەھلىلىرى «دىۋان» تۇغرۇلۇق مەخسۇس ئىزدىنىدىغان،
ئۇنى ئۆز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشنى، ئۆز
خەلقىنىڭ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى
«دىۋان» غا بولغان تونۇشىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى
تېزلىتىش ئۈچۈن ئىرادە تىكلىگەن. بىرىنىڭ ـ كەينىدىن
بىرى ئىز بېسىپ، «دىۋان» تەتقىقاتىنىڭ ئىزچىللىقىنى كاپا-
لەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. جۇڭ-
گونىڭ «دىۋانشۇناسلىق» ئىشلىرىنىڭ دۇنيا «دىۋانشۇناس-
لىق» ئىشلىرىدا باشتىن ـ ئاخىر يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشى-
نى ئاساسقا ئىگە قىلىپ بەرگەن.

بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىز ئەجدادلىرىنىڭ
«دىۋان» ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپى مەھمۇد كاشغەرى توغرۇلۇق
ھارماي ـ تالماي ئىزدەنگەن، تىنىم تاپماي تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەن، قاتتىق ئېغىرچىلىقلارغا، ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز
كۈلپەتلەرگە، دەھشەتلىك خېيىمخەتەرلەرگە باش ئەگمەي،
ئۇنى كەڭ ۋەتەنداشلىرىغا تونۇشتۇرۇش، ئىلىم نۇرلىرىدىن
زوقلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە ئاپىرىن
ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتە ئىشلىگەن
ئەھمىيەتلىك ئىشلىرىنى ئەسلەش، خاتىرىگە چۈشۈرۈش،
ئۇ ھەقتە زامانداشلار ۋە ئەۋلادلارنى خەۋەردار قىلىشنىڭ
ئۆزىنى مۇبارەكلەشكە تېگىشلىك خاسىيەتلىك بىر خىل
خىزمەت دەپ ئېيتىشقا ئاساسىمىز بار.

ئاخىردا شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، «دىۋان»
نىڭ جۇڭگودا 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق تەرجىمە قىلىنغان
نۇسخىلىرى يورۇقلۇققا چىقمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ تۆۋەن-
دىكىدەك ئىجتىمائىي رول ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە بولغان.

بىرىنچى، «دىۋان» نىڭ قولىيازمىسى XX ئەسىرنىڭ
باشلىرىدا تۈركىيىدە بايقالدىن كېيىنلا، شىنجاڭ ئۇيغۇرلى-
رى، جۈملىدىن جۇڭگو خەلقى بۇ كىتاب توغرىسىدا مۇئەي-
يەن چۈشەنچىگە كېلىپ، ئىزدىنىشكە كىرىشكەنلىكىنى تارى-
خىي پاكىت ئاساسىغا ئىگە قىلغان.

ئىككىنچى، شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى، جۈملىدىن جۇڭگو-
نىڭ «دىۋان» تەتقىقاتىدىكى ئورنىنىڭ دۇنيا «دىۋانشۇناس-
لىق» تەتقىقاتىدا ئىزچىل يوسۇندا يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ
كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا مۇمكىنچىلىك تۇغدۇرىدۇ.

ئۈچىنچى، ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەرجىمە جەريانى-
نىڭ ھەممىسى ئەينى زاماندىكى شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مۇ-
ئەييەن ئىجابىي تەسىر پەيدا قىلغان. كۆپلىگەن كىشىلەر
بۇ خەۋەردىن ئىلھاملانغان، مەنىۋى زوق ئالغان. ئۆز مىللى-
تى، ئۆز خەلقى، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان ئىپتىخارلىق تۇيغۇسى-
نىڭ ئۆسۈشىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈرتكىلىك رول
ئوينىغان.

تۆتىنچى، ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەرجىمە جەريانى-
نىڭ ھەممىسى ئائىلىدە، خۇسۇسىي ئىش سۈپىتىدە ئىشلەن-
گەن بولماستىن، بەلكى ئومۇمىي خەلقنىڭ، ئومۇمىي مىل-
لەتنىڭ ئىشى سۈپىتىدە قولغا ئېلىنىپ ئىشلەنگەن. بۇ ئىش
ئەينى زاماندىكى بىر قىسىم ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ دىققىتىنى،
خەير ـ خاھىشىنى قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى ئەل ـ يۇرت
يېتەكچىلىرىنىڭ، مۆتىۋەر رەھبەرلەرنىڭ دىققىتىنىمۇ ئۆزىگە
ئالاھىدە جەلپ قىلغان، قوللىشى، مەدەت ۋە ياردەم بېرى-
شى، ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرگەن. بۇ
ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ ئىلىم ـ پەنگە بولغان قىزغىنلىقىنى
يۇقىرى كۆتۈرۈش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئا-
شۇرۇش، ئاۋام ـ پۇقرا ئارىسىدىكى مەرىپەتكە بولغان ئىنتى-
لىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە رولى چوڭ بولغان.

بەشىنچى، «دىۋان» نىڭ ئالدىنقى ئۈچ قېتىملىق تەر-
جىمىسىنىڭ بىرەر بەت ئورىگىنالى تۆتىنچى قېتىملىق تەر-
جىمە خىزمىتىگە يېتىپ كېلىپ، پايدىلىنىش قىممىتىنى ھا-
زىرلاپ بەرمىگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ كېيىنكى ئىشلارغا،
بولۇپمۇ تۆتىنچى قېتىملىق تەرجىمە خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى
ئىلمىي خادىملارغا كۈچلۈك مەنىۋى ئىلھام بېغىشلىغان،
روھىي جەھەتتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. شۇنداق بولغان-
لىقى ئۈچۈن، «دىۋان» نىڭ تۆتىنچى قېتىملىق تەرجىمە
خىزمىتى جۇڭگونىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىش، ئىسلاھات
ئېلىپ بېرىش يېتەكچى يۆنىلىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان
1977 ـ يىلىلا قولغا ئېلىنىشىغا مۇمكىنچىلىك تۇغۇلغان.
«دىۋان» نىڭ تەرجىمە قىلىنىشىنى باشلاشتىن ئىبارەت ھەق-
قانىي تەكلىپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس
قىلدۇرغان، ئىلمىي خادىملاردىن تارتىپ رەھبىرىي كادىرلار-
غىچە بۇ خىزمەتنىڭ خەۋىرى چىقىشى بىلەنلا ئۇنى قوللاي-

دىغان، ئالقىشلايدىغان، يار ـ يۆلەكتە بولىدىغان كەيپىياتنى هازىرلىغان. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگودا «دىۋان» نىڭ تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىنىپ، جەمئىيەتكە ئاشكارىلىنىشى، كەڭ ئامما بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشۈشى، بۇ هەقتىكى تەتقىقاتنىڭ دەرهال قولغا ئېلىنىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى مۆلچەردىكىدىن ئالاهىدە تېز بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈنكى كۈندە مەهمۇد كاشغەرى ۋە «دىۋان» نىڭ ئانا ۋەتىنى بولغان جۇڭگودا «دىۋانشۇناسلىق» نىڭ جۇشقۇن مەنزىرىسىنى يارىتىشقا پايدىلىق ئىمكانىيەت ۋە ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەرگەن. جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ خەلقئارا «دىۋانشۇناسلىق» ساھەسىدە يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىشى، ئىپتىخارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىلمىي كەيپىيات هازىرلاپ بەرگەن.

2008 ـ يىلىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن ـ مائارىپ تەشكىلاتى تەرىپىدىن باشقا ئالىملار قاتارىدا «مەهمۇد كاشغەرى يىلى» قىلىپ ئېلان قىلىنغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ ئاددىي ماقالە ئالاهىدە تەييارلاندى. بۇنىڭدىن مەقسەت مەهمۇد كاشغەرىنى ئەسلەش بىلەن بىرگە تارىختا بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ نامىنى، بۈيۈك ئوبرازىنى، تەۋەررۈك كىتابىنى ئەسلەش، يادلاپ تۇرۇش جەهەتتە كۈچ چىقارغان، تۆھپە كۆرسەتكەن كىشىلەرنىمۇ ئەسلەشنىڭ بىر خىل ئەهمىيەتلىك خىزمەت ۋە خاسىيەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشتىن ئىبارەت.

---

## پايدىلىنىش ماتېرىيالى

1. مەهمەد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى نەشرگە تەييارلاش گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ، 1983 ـ، 1984 ـ يىللىرى نەشرى.

2. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (ماقالىلەر توپلىمى)، مۇھەممەد زۇنۇن سىدىق، ئابدۇروسۇل ئۆمەرلەر نەشرگە تەييارلىغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1985 ـ يىلى نەشرى.

3. «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (3 ـ قىسىم)، جۇڭگو «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ئىلمىي مۇهاكىمە يىغىنى ئىلمىي ماقالىلىرىدىن تاللانما، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

4. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك، تەتقىقاتىغا دائىر ماقالىلەر توپلىمى» («‹突厥语大词典›研究论文集»)، شياۋ جۇڭيى نەشرگە تەييارلىغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

5. غەيرەتجان ئوسمان: «ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» (2 ـ قىسىم) غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

6. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا مەهمۇد كاشغەرى»، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى باشقۇرۇشىدىكى خەنزۇچە «جۇڭگو مىللىي قەدىمكى ئەسەرلىرى» (民族古籍) ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

7. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى مەدەنىيەت ئەربابلىرى تەزكىرىسى»، «ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» (ياپونىيە) نىڭ 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

8. غەيرەتجان ئوسمان: «مەملىكىتىمىزدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ يۈز يىللىق هەققىدە ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى» («中国维吾尔历史文化研究论丛»، 4 ـ قىسىم) غا كىرگۈزۈلگەن، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

9. غەيرەتجان ئوسمان: «XIX ۋە XX ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەهمۇد كاشغەرى»، ئەنقەرەدە تۈركچە نەشر قىلىنىدىغان ياۋروپا ـ ئاسىيا يازغۇچىلار ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «كاردىش كالىملەر» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

---

## قوشۇمچە ماتېرىيال

① ماقالە ئاپتورى ئىمىن تۇرسۇن هاجى بىلەن 2008 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى كەچتىكى تېلېفوندا قىلىشقان سۆھبەت خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىمىن تۇرسۇن هاجى ئەينى يىللىرى چۆچەكتە چىقىدىغان بىر گېزىتتە ئىسمائىل داموللىنىڭ «دىۋان» نى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ چىقانلىقى توغرىسىدىكى ئۇچۇرنى كۆرگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان؛ ئۇنىڭدىن باشقا، قازاقىستانلىق ئالىم

خوجا ئەھمەد سەيدىۋاققاسوۋ ئۆزىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدە كاشغەرلىك ئىسمائىل داموللا «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نىڭ 1 - تومىنى 1946 - يىلى تەرجىمە قىلغان دەپ يازغان. بۇ ماقالە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىلى 1 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان،

② پاتىمە ئىسمائىل: «دادام مەرھۇم ئىسمائىل داموللا ھەققىدە ئاڭلىغان، بىلگەنلىرىم»، قوليازما، 2008 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا.

③ ت. تاشباييۇ: «مەھمۇد كاشغەرى نامىدىكى ئۇيغۇر قىزلار مەكتىپى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىللىق 1 - سانى، ئۈرۈمچى.

④ پاتىمە ئىسمائىل: «دادام مەرھۇم ئىسمائىل داموللا ھەققىدە ئاڭلىغان - بىلگەنلىرىم»، قولىيازما، 2008 - يىلى 2 - ئاي، غۇلجا.

⑤ «سەيدۇللا سەيپۇللايوپ بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى» 2001 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئۈرۈمچى.

⑥ بۇ ماقالە دەسلەپ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» نىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.

⑦ بۇ كىتابنى ئابلىمىت ئىسمائىل، مەھمۇدجان ئىسلام قاتارلىقلار يازغان بولۇپ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 - يىلى نەشر قىلىنغان.

⑧ «ئابلىمىت روزى بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 1996 - يىلى 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

⑨ «ئابلىمىت روزى بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 1996 - يىلى 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

⑩ «ئىمىن تۇرسۇن بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 2008 - يىلى 2 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، ئۈرۈمچى.

⑪ «ئابلىمىت روزى بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 1996 - يىلى 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

⑫ كېرىمجان ئابدۇرېھىم، ھەبىبۇللا ئابدۇسالام: «ئەھمەد زىيائىي» 158 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 - يىلى نەشرى، ئۈرۈمچى.

⑬ «ئەھمەد زىيائىينىڭ ئەسلىمىسى»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئومۇمىي 28 - سان، 177 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىلى، ئۈرۈمچى.

⑭ ئەھمەد زىيائىينىڭ ئوغلى ئارسلانغا ئاغزاكى يوسۇندا ئېيتىپ بېرىشىچە، 1950 - يىلىرى ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى بۇرھان شەھىدى ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن كېڭەش قىلغاندا، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشنىڭ لازىملىقى توغرىسىدا گەپ بولۇنغان ھەم يىغىن قاتناشچىلىرىدىن بىرى بۇ ئىشنى كاشغەردىكى ئەھمەد زىيائىينىڭ ۋۇجۇدقا چىقىرالايدىغانلىقىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇلىنىڭ ئىچكى قىسىمدا ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «دىۋان» نىڭ تۈركىيىدە بېسىلغان نۇسخىسى كاشغەرگە ئەۋەتىلىپ، سەيپۇللايوپ ۋە ئابدۇرېھىم ئىمىنوۋلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەھمەد زىيائىي تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغان. «ئارسلان بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 2000 - يىلى 7 - ئاي، ئۈرۈمچى.

⑮ ئىبراھىم مۇتىئى: «باش مىنىستىر جۇ ئېنلەينىڭ خىزمەتلىرىمىزگە قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى ياد ئېتىمەن»، «ئىتتىپاقلىشىش، ئىزدىنىش، يول ئېچىش، تۆھپە قوشۇش» (团结、求实、开拓、奉献)، 180 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى تەھرىر بۆلۈمى تۈزگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

⑯ «ئۇيغۇر سايرانىنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك› نى نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى ھەققىدىكى ئەسلىمىسى»، مەھمۇدجان مۇھەممەد خاتىرىلىگەن، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ ئومۇمىي 49 - سانى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2008 - يىلى نەشرى.

⑰ «ئۇيغۇر سايرانى بىلەن سۆھبەت خاتىرىسى»، 2000 - يىلى 9 - ئاي، ئۈرۈمچى.

---

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

**تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى**

# «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» روھى ۋە تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق مەنبىئى ھەققىدە

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى

ب د ت نىڭ 2008 ـ يىلىنى مەھمۇد كاشغەرى يىلى قىلىش قارارى بىلەن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلايمەن

بىز ئۇيغۇرلاردا «سۇ باشتا لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي ئاقىدۇ» دېگەن تەمسىل بار. بىز بۇ تەمسىلنى بىر ئىشنى باشتا توغرا قىلماي ئاخىردا زىيان تارتىدىغان ياكى بىر ئىشقا باش بولغان ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى پاك بولمىغاندا، ئۇ باش بولغان ئىشلارنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولىدىغان بارلىق گەپ ـ سۆز، ئىش ـ ھەرىكەتكە تەدبىقلايمىز. ئەگەر بۇنى تىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تەدبىقلاش توغرا كەلسە، مىنىڭچە ئالدى بىلەن تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق مەنبەئىنى توغرا ئېنىقلاش ياكى ئېنىقلىيالمەسلىككە تەدبىقلاش توغرا كېلىدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا، مەن يەردە بۇ تەمسىلنى ئۇيغۇر تىلى تارىخىي ئۈستىدە ئىزدەنگەن بىر بۆلۈك ئالىملارنىڭ مىلادىيە VIII ئەسىرگە مەنسۇپ ئورقۇن، يېنىسەي كىتابەلىرىنى ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان يازمىلاردىكى تىل ـ ئۇسلۇبىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسىي دېگەن يەكۈنگە تەدبىقلايمەن. چۈنكى، دانىشمەنلىكنىڭ پاك روھىدىن تۆرەلگەن تومسۇندەك قۇتسال ئالىملار مەيدانغا كېلىپ، گويا تەڭرى ئالدىدا مەجبۇرىيەت ئۆتەۋاتقان جاۋابكار ئەرۋاھلار كەبى ئورقۇن پۈتۈكلىرىمىزنى ئوقۇپ بەرگەن ۋە تۇرپاندىكى 20 نەچچە خىل يېزىق ۋە تىللاردا يېزىلغان كىتاب، ھەم ئۇلارنى بېسىپ چىقارغان مەتبەئەلەرگە قاراپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ شەرق خەزىنىسىدىكى بۇ گۆھەرلەرگە قايىل بولغاندىن كېيىن بۇلارنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى دەپ قارىدى، بۇنىڭغا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە لوپ (تەكلىماكان، تارىم) ئويمانلىقىدىن دەلمۇ دەل ماتېرىيال تېپىلمىغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەل ئالىملىرى بىزدىن بۇرۇنراق چىقىپ «شەرقىي ئىران تىلىغا مەنسۇب توخرى تىلى» دېدى. بىزدىكى ياش ئالىملار تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن، «راس شۇنداقمۇ» دەپ ئىنتاغدا قالدى. بۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئورقۇن تەرەپتىكى «ئۇيغۇر» لارنىڭ ئەسلىدە تارىم بويلىرى، تەڭرىتاغ ئەتراپىدىن تۇرپان، قۇمۇل تامان يۆرۈپ ئورقۇن بويلىرىغا قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېبابەت، ۋە سودا تىجارەت يوللىرى بىلەن بارغان ۋە «موغۇل ئېرىقى» دېگەن شىمال قەبىلىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان خەلق ئىكەنلىكىنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتەلمىدى ـ دە، تونۇشتىكى بۇنداق كىچىككىنە تۈپەيلى تىل ئەمەلىيىتىمىزدە نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلۈپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سۇ باشتىن لاي ئاققاندەك بىر خىل تەسىرات پەيدا قىلدى. تىل تارىخىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بويىچە قارىساق، تىلىمىزنىڭ ئاساسى زادى شۇنداقمۇ؟ مۇشۇ يەكۈن چىققاندىن ھازىرغىچە بولغان تەتقىقات ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىشلاردىن مەلۇم بولدىكى، بۇ يەكۈندە تىلىمىزنىڭ تارىخىي يىلتىزىغا مۇخالىپ كېلىدىغان بىر مۇنچە تۇتۇقلۇقلار بولۇپ، بۇ تۇتۇقلۇقلار تىلىمىزنىڭ دەۋر تەلىپىدىكى تەرەققىياتىغا ئۇيغۇن بولمىغان بىر مۇنچە پاسسىپ تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. مەسىلەن، مۇشۇنداق يەكۈنگە ئىشەنگەن كىشىلەر يېڭىدىن بىرەر سۆز، ئېيتىم ياكى ئات ياساشقا توغرا كەلگەندە، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋال تۆرەلگەن ۋە ھازىرمۇ ياشاۋاتقان ئانا ماكانىدىكى تىل تەۋرىنىشلىرىگە قاراپ تۇرۇپ، دەۋر تەقەززاسىدىكى شۇ سۆز، ئېيتىملارنى ياسىماستىن، بويۇنلىرىنى تاماخورلۇق بىلەن تىلدا بىزدىن روشەن پەرقلىنىپ كەتكەن ئەشۇ شىمالىي ئاسىيا پايانىغا ۋە بىز كۈنىمىزدە بېرىنىپ كەلەلمەيدىغان «چۈشسىمان ئىران» تەرەپتىكى بۇلۇتسىمان غۇۋا پەردىلەرگە سوزدى ـ دە، تىلىمىزنىڭ ئەڭ ئاۋۋالقى تارىخىي مەنبەئى بولغان لوپ (تەكلىماكان، تارىم) چۆرىسىدىكى بوستانلىقلاردىن، تەبىئەتپەرۋەر ئەجدادلىرىمىز كۆك تەڭرىگە چوقۇنغاندا ھەرەم قىلىپ ھەج قىلغان تەڭرىتاغ بويلىرىدىن، بۇ ئانا يىلتىزغا تۇتاشقان قېرىنداش خەلقلەردىن، بولۇپمۇ تارىخىي رىشالە ۋە كۈنىمىزدە خەلقنىڭ قايناق تۇرمۇشىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا بارلىققا كېلىۋاتقان سۆزلەرگە مۇراجەت قىلىشتىن، بالتىبىپ، تىلىمىزنىڭ لۇغەت فوندىسىنى توغرا يول بىلەن بېيىتىپ، دەۋر قەدىمى بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە بۇ ۋەزىپىنى يۇقىرى سۈپەت بىلەن ئورۇندىيالمىدى. بۇ ئىش ئالدى بىلەن مۇنەججىم بىلگىنلەر

ئىدىيىسىدە تۇمان پەيدا قىلغاچقا، بوينىنى ئەشۇ ئۇزاققا سوزغان تاماخور زىيالىيۇنلار ئاكادېمىيە ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ئىشلەۋېتىپمۇ، ئەشۇنداق يالتىيىش تۇپەيلى بىلىم قاينىقى بولغان مەكتەپلەردىمۇ ھەتتا، تىل ـ ئەدەبىياتىمىزغا بىۋاستە تاقىشىدىغان مەخسۇس ئاتالغۇلارنىمۇ ئەجنەبىيچە ئۆزگەرتىشكە باشلىدى ـ دە، بۇ ئارقىلىق تىل ھەققىدىكى تەپەككۇرىمىز قاتمال بىرخىل مېخانىك كاتېگورىيىگە كىرىپ قالدى. يەنى دوراش بولدىكى، ئىجادىيەت، ئىختىرا كەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن يىراق يەرلەردە چىققان باشقا تىللار لۇغەتلىرىگە مۇراجەت قىلىپ تۇرۇپ، تىلىمىز ئەمەلىيىتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپىدىغان ئايىنىش بىرخىل ئىنقىراس (بۆھران) بولۇپ باش كۆتۈردى. ھەتتا تىلىمىزنىڭ تارىخىي شەكىللىنىش جەريانىدىن خەۋەرسىز، شۇنداقلا ئانا تىلىدىن باشقا بىرەر تىلنى دەسلەپتە ئىگىلىگەن بەزى ياش تەرجىمانلار شۇ تىللاردىكى لۇغەتلەرنى تەرجىمە قىلىش ھېسابىدا تۈرلۈك لۇغەتلەرنى ئىشلەپ چىقتىكى، ئەڭ ئاخىرىدا تىل كومىتېتىمىز رەھبەرلىكىدە ئىشلەنگەن ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەتكىمۇ «تاپالمىغانلىرىمىزغا خەلقئارالىق ئورتاق ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىمىز» دەپ، خەلق يىلتىزىدىن چۈشەنمەيدىغان كۆپلىگەن لاتىن ۋە ئىنگلىز ئاتالغۇلىرىنى كىرگۈزۈپ قويۇپ، تىلىمىزنىڭ دەۋر تەرەققىياتىدا بېيىپ بېرىشىغا، تېگىشلىك ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا كۆتۈرۈلۈشكە سۈنئىي تۇسالغۇ پەيدا قىلىپ قويدى. كونىمىزدە ئالتاي تىلىمىز بىلەن يىلتىزداش نۇرغۇن سۆزلەرنى پارس ۋە ئەرەب تىلىغا مەنسۇپ قىلىپ تەبىرلەش بىلەن تىلىمىزغا قېرىنداش بولغان تىللاردىنمۇ مۇۋاپىق سۆزلەرنى، ئالماي يېتىمسىراش، نامراتلىشىش نەتىجىسىدە تىلىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەرخىل بۇزۇلۇش، ھەتتا خەلقنىڭ ئەڭ چوڭ مۇئەللىمى بولغان نەشرىيات ۋە ئاخبارات ۋاستىلىرىدىمۇ ئېزىقىشلارنىڭ كۆرۈلۈشى مەلۇم مەنىدە تىلىمىزنىڭ ئۆز مەنبەسىنى ئۇنۇتقان مۇشۇنداق مېخانىك تەپەككۇرغا كىرىپ قېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزنىڭچە بۇ ئەھۋال «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ بىر ئومۇمىي لۇغەت ئارقىلىق، تىلىمىز ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر پۈتۈن مەدەنىيەتنى ئۆگەنگۈچىلەرگە يىلتىزلىق ئامىللىرى بىلەن بىللە ئۆگىتىپ قويۇش، شۇ ئارقىلىق ئۆز مىللىتى ۋە بۇ تىلنى ئۆگەنگۈچى مىللەتكە بۇ ھەقتە مەڭگۈلۈك يادىكارلىق قالدۇرۇش ئۇسۇلىغا خىلاپ بولۇپلا قالماستىن، ئېلىمىزنىڭ ھەر ئىشتا ئادەمنى نېگىزلەش، ئادەمنىڭ ساپا ئىقتىدارىنى «ئىختىراۋى دۆلەت قۇرۇش» يۆنىلىشىگە جىپسىلاشتۇرۇش تەلىپىگىمۇ خىلاپ كېلىدۇ. تىلىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىپ يېڭى سوتسىيالىستىك جۇڭگودا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باشقا مىللەتلەر قاتارى ئۆز تىلى بىلەن دۇنياۋى سەۋىيىنى ئىپادىلەش قۇدرىتىنى، يەنى دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىلمىي ئەسەرنى ئۆز تىلىغا تەرجىمە قىلالايدىغان ۋە ئۆز تىلىدا دۇنيا خەلقىگە فارابى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يەسەۋى، جالالىدىن رۇمى، نەۋايىلاردەك بۈيۈك شەخسلەرنى تەقدىم قىلىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشىنى بوغۇپ قويىدۇ.

شۇنداق ئىكەن، ئەگەر بۈگۈنكى پەن، مەدەنىيەت ۋە سەنئەت تۇرمۇشىمىزدا يولۇقۇۋاتقان مۇشۇنداق مەسىلىلەر بىلەن كارىمىز بولماي، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دەپ كېتىۋېرىدىكەنمىز، تىلىمىز ئەڭ ئاخىرىدا بۆشۈك مەنبەدىن ئايرىلىدۇ ـ دە، مۇشۇنداق تەتۈر يوللاردىكى پايانىغا دوم چۈشكەن شۆھرەتپەرەس «ئىلمىي نوپۇز» لارنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىي ياكى ئەمەلىيەتتىن چەتنىگەن خاتا يەكۈن جارچىلىرىنىڭ بوغۇچىغا چىگىلىپ كېتىدۇ، ھەممە بۇنداق بوغۇچتىن قۇتۇلۇپ بولغىچە تېز رىتىمدە ئىلگىرىلەۋاتقان ھازىرقى زامان مەدەنىيەت سۈرئىتىدە باشقا تىللار پايانىغا غەرق بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان جۇڭگولۇق ۋە جۇڭگو سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى ۋە قايسى ماكانغا تەۋە ئىكەنلىكى ھەققىدە قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشىنى، تىلىمىز ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان مىللىي قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ «تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆز مەنىلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇبلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق» (د ل ت 1 ـ توم مۇقەددىمە 2 ـ 3 ـ بەت) شۇ زامان تۈركىي قەبىلىرىدە يەنە ئۇزاق يىللار جاپالىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھەممە قەبىلىگە باپ كېلىدىغان ئورتاقلىقنى تېپىپ چىققان ئالىي پەزىلەتلىك ئۇلۇغ ماشايىخ، تىلىمىزنىڭ مەڭگۈ پاتماس قۇيياشى، ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ كەنجى بوغۇنلىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ، ئىشخانىدا ئىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ھەرخىل لۇغەتلەرنى كۆچۈرىدىغان يامان خاھىشلاردىن ئازات بولۇپ، تىلىمىزنىڭ دەۋر تەلىپىدىكى ئەمەلىي تەتقىقاتچىسى، قوغدىغۇچىلىرىدىن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئوقۇرمەنلىرىمىزگە مەلۇمكى، كەمىنە ئەقىل ۋە تالانت پەلسەپىسىگە مەپتۇن كىشى بولۇپ، مەخسۇسلاشقان تىل تەتقىقاتچىسى ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزنىڭ كۆز ئالـ

دىمىزدا ئۇچراۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا سۆز ئالغاندا، تىلنىڭ لېكسىك، فونېتىك، گراماتىك دېگەندەك يەك كەسپىي نۇقتىلاردىن ئەمەس، ئومۇمىي يۆنىلىش بويىچە سۆز ئالىمەن. بۇ يەردە پەقەت تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق مەنبەئى ھەققىدە توختىلىمەن. شۇ كالتا پەمىم بىلەن ئويلىشىمچە، تىلىمىزنىڭ تارىخىي مەنبەئى ھەققىدە تۆۋەندىكىلەرنى ئويلاپ كۆرگەندە، تىلىمىزنىڭ ئاساسىغا توغرا ھۆكۈم قىلغىلى، تېگىشلىك بولمىغان سەۋرى خاتالىقلاردىن ساقلانغىلى بولامدىكىن، دەپ قارىدىم، سەۋەنلىكلەر كۆرۈلسە، مەخسۇسلاشقان تىلچى جاناپلارنىڭ تەنقىدى تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**بىرىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ پىرمانلىقتىن ئىنسانلىققا كۆچۈش ئەقلى.** بۇنداق يەكۈننىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدا، بەزى ئالىملار تارىمنىڭ ئەقلىي ھوقۇقىغا ئىگە تارىخىي ئىجادىيەتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپلا قالماستىن، يەنە ھازىرقى كۈندە بايقالغان ئارخېئولوگىيىلىك كەشپىيات يەكۈنلىرىگىمۇ خىلاپەت قاراشلاردا تۇرۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، سېلىشتۇرۇما قىلىپ ئېيتساق، مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنى باھالىغاندا، ھازىرغىچە ئالىملار ئەڭ ئاۋۋالقى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنى مىسىر، بابىلون (ئاسسۇرىيە)، ئابغان، كەشمىر (ھىندىستان) ۋە جۇڭگو دەپ كەلدى. ئىراق، مىلادىدىن بۇرۇنقى 5 ـ 10 مىڭ يىللارغا توغرا كېلىدىغان تەسەۋۋۇر چەكلىنىپ، بۇ بۆشۈكلەرنىڭ قانداق ھاسىل بولغانلىقى ھەققىدە سىر تۇتۇپ كېلىندى. ئەگەر بىز پىرمان ئىنسان ئەقلىگە كېلىۋاتقان شۇ زامان دۇنياسىنىڭ خەرىتىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، بۇنىڭدىن 59 ـ 60 مىڭ يىل بۇرۇن شىمالىي ئافرىقا ۋە ياكى ھازىرقى ھىندى ئوكيان ئاستىدا قالغان ئورمانلىقلاردا ياشىغان ھاۋا ۋە ئادەم باللىرى قانداق قىلىپ ھازىرقىدەك بىر دۇنياغا تارقالدى؟ ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى پىرمانلىق ھالىتىدىن ئىنسانلىق ئەقلىگە كۆچۈشتىكى گېپى نېمە؟ دەپ سوئال قويساق، ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغىنى ئالىملار تۈرلۈك تەسەۋۋۇر ۋە كۆز قاراشلىرى ئارقىلىق بىزگە بىلدۈرگەن تىروپىك بەلۋاغدا تېخىچە يالغاچ ياشاۋاتقان ئەشۇ پىرمانلار گەۋدىلىنىدۇ. ئۇلار تۆت ئەتراپقا كۆچۈشتىن بۇرۇن كالتەك ـ چوماق دېگەندەك ياغاچ قوراللار بىلەن رىسىق ـ روزىنىسىنى تېپىپ يېيىش، ئىما ئىشارەتلىرى بىلەن كۆڭۈللىرىنى ئۇقتۇرۇش، بەلگە سىزىپ ۋەقەلەرنى ئىپادىلەش ئەقلىگە كەلگەنلەر بولۇپ، بۇ ئەقىل دەرىجىسىگە كۈنىمىزدىكى ئەقىلشۇناسلىق نەتىجىلىرى بويىچە قارىغاندا، بۇ ئىنسانلىققا يەنى ئادەم كاللىسىدىكى ئوي بىلەن تەبىئىي مەۋجۇت بىر شەيئىنى باشقا شەكىلگە كەلتۈرىدىغان ئىجادىي دەرىجىگە يەتمىگەن ئاددىي ئۇرۇقلار بولۇپ، بۇنى ئىنسانلىقنىڭ ئەقىل دەرىجىسى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇ ھال ھازىرقى تەتقىقاتىمىزدا ئىسپاتلىنىۋاتقان ئورانگۇتان ۋە چاڭگا تىزىۋاتقان قۇشلاردىمۇ باردۇر.

يەر شارائىتىدىن شىمالىي يېرىم شارىدىكى 20 ـ 40 پاراللېل بويلاپ قارىساق، مىسىر، بابىلون (ئاسسۇرىيە)، ھىندىستان، ھىندىچىنى ۋە بۇنىڭغا يېقىن ئاراللاردىكى ئىقلىم مانا شۇ تىروپىك بەلۋاغقا يېقىندۇر. بۇ جايلاردا ھەيۋەتلىك قارلىق تاغلار ئاز بولۇپ، سان جەھەتتىن كۆپەيگەنسىرى ئوزۇق ئىزدەپ بۇ ئەتراپقا بارغان پىرمانلار سوغۇق كېلىشتىن بۇرۇن بۇ جايلاردىن ئۆز ماكانلىرىغا قېچىپ كېتەلەيدۇ. بۇ خۇددى ئىسسىق بەلۋاغ قۇشلىرى ياز كۈنلىرى شۇنداق ئىسسىق جايلارغا ئۇچۇپ بېرىپ، سوغۇق كەلگەندە ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كەتكەنگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھاياتىدا ئوت بولمىسا مۇزلاپ ئۆلىدىغان قەھرىتان مۇھىت يوق. ئىراق غەربىي ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراقورۇم، پامىر، ھىندىقۇش، ئالتاي، تەڭرى تاغلىرىغا ئوخشاش ئېگىز قارلىق تاغلار بولغاچقا، ياز پەسلىدە بۇ تاغلارنىڭ شىمالىغا ئۆتكەن پىرمانلار سوغۇق چۈشكەندە بۇ تاغلاردىن ئۆتەلمەي توڭلاپ ئۆلگەن، جان تالاشقان، بۇنداق تەبىئىي تۇسالغۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان مۈشكۈلات ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان پىرمانلاردىكى سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش ئېھتىياجى ئۇلارنى ئىسسىقلىقنى ئېلىشقا شۇنداق قىستىغانكى، بۇ ئېھتىياج ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا قاندۇرمىسا بولمايدىغان ئاتا ـ ئانىدىنمۇ يېقىن بىر شېرىن تۇيغۇغا ئايلانغان، بۇ چاغدا جان قايغۇسىدا يۈرگەن بىر قېرى پىرمان ئاق تاشلار ئۇرۇلغاندا چاقنىغان نۇر مەنزىرىسىگە دىققەت قىلغان ـ دە، ئاقتاشنى ئۇرۇپ تۇنجى ئوت ئۇچقۇنىنى ئىختىرا قىلغان، مانا مۇشۇ ئىختىرا بىلەن بۇ ئوت (تومۇغ) نى ئىختىرا قىلغان پىرمان ئۇرۇقى شىمالىي بەلۋاغدا تارقىلىش ـ يارىلىش بەختىگە مۇيەسسەر بولغان. ھازىرقى تەتقىقاتتا 59 ـ 60 مىڭ يىل بۇرۇنقى ھاۋا ـ ئادەم ئۇرۇقى بولغان پىرمان دەل شۇ چاغدىلا غەربىي ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلەلمەي، مىلادىدىن 45 ـ 35 مىڭ يىللار بۇرۇن كەلگەن دېگەن يەكۈن مۇشۇ ئوت (تومۇغ) ئېلىش كەشپىياتىنىڭ پىرمانلار دۇنياغا كېلىپ 20 مىڭ يىللاردىن كېيىن ئورۇندالغانلىقىنى، ئۇنىڭ پىرماننىڭ ئىنسانغا ئۆزگىرىش گېنى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تىلىمىز ئاساسىنى ئۇرقۇنغا قويۇپ، ئۇنىڭغا «شىمالىي ئاسىيا تىلى» ياكى «شەرقىي

ئىران تىل سىستېمىسىغا تەۋە توخرى تىلى» دېگۈچى ئالىملار ئىنسانىيەت مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنى باھالىغاندا ئۇلارنى پەيدا قىلغۇچى مەنبەۋى ئامىللارنى قايرىپ قويغانلىقتەك بىر سەۋەنلىك ئىچىگە كىرىپ قالغان.

ئەگەر بۇنى ئىنسانلىق تارىخىمىزنىڭ باش بۇغۇنلىرىغا تەۋە «ئوغۇزنامە» رىۋايەتلىرىدىكى «بىر ئوق ئۈچ قىر» ۋە «ئوتتۇز ئون ئوق توققۇز قىر» ئۇقۇمىغا تەققاسلاپ كۆرسەك، يەنى مەركىزىي ئاسىيادا ئىنسانلىق ئەقلىنى ياراتقان ئوغۇزلارنىڭ شەرق، غەرب، جەنۇبلارغا تارقالغان يوللىرى بويىچە تارىخىي كۆرۈنۈشلەرنى ئوبيېكتىپ تەكشۈرسەك، تىلىمىزدىكى سىرلار ئېچىلىشقا باشلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز مىلادىيدىن بۇرۇنقى 10 ـ 20 ـ مىڭ يىللار بۇرۇنقى چاغلاردا ئىنسانلارنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا تارىلىش تارىخىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولىمىز. مۇشۇ قىياسىمىزچە، مانا مۇشۇ دەۋرلەردە ئۇۋچى پىرمانلار ئىنسانلىققا ئۆزگىرىشكە باشلىغان، بۇ ئىنسانلار زاپاس مال ئۈچۈن ئىت، ئات، كالا، قوي قاتارلىق ھايۋانلارنى بېقىشنى ئۆگەنگەن، ھايۋاناتلار دۇنياسى ئىچىدىن يول ئېچىپ دىتى يەتكەن تەرەپلەرگە تارالغان. تارىلىش جەريانىدىكى ھەمكارلىق ئېھتىياجى ئۇلارنى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە ئېلىپ كىرگەن، مەركىزىي ئاسىيادا بۇ ئۇرۇقداشلار ئۈچۈن ئوت چىققان ئاقتاش ئىلاھى يادىكار (ياداتاش) تۇتۇم بولغان. ئەڭ ئاۋۋال تۇتۇم بولغان مانا مۇشۇ يادا تاش ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى ئىنسانلىققا ئاچقان ۋە ئۇلارنىڭ تۆت تەرەپكە تارقىلىشىغا سەۋەب بولغان. تۇنجى بەلگۈ ۋە تىلىمىزنىڭ تۇنجى ئۇرۇقى بولۇپ، ئىنسانىيەت ئۇرۇقى تېرىلغان پىرمانىيەت دەۋرىنى ئىنسانىيەت ئەقلىي دەۋرىگە ئۆزگەرتكەن. يەنى ئىنسانىيەت ئۇرۇقى تېرىلغان تىرويىك يەلۋاغ پىرمانىيەت دەۋرى ئىدى. مۇشۇ تىرويىك بەلۋاغ بىلەن كونتىنتال بەلۋاغ ئارىسى ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت 4 پەسىل بولىدىغان، ئىنسانىي ئەقىل شەكىللەندۈرگۈچى كىلىماتى (ئىلاھى) سەۋەب بولۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئەجدادلىرىمىز يادا تاشقا چوقۇنۇپ ئوت ئېلىشتىن شامانغا ئۆتكەن، يەنى ئىنسانىي ئەقىل مۇشۇ يەردە ئوت ئېلىشتىن باشلاپ ئېچىلغان.

**ئىككىنچى، ئىنسانلىق ئەقلىنى ئاچقان يادا تاش ئاقۋۇدىنىدىكى تەسىر.** بۇ ھەقتە ئىسلام تارىخچىلىرى بىزگە بۇنى رىۋايەت قىلىدۇ؛ نوھ پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا مەركىزىي ئاسىيانى ئوغلى ياپەسكە تاپشۇرغان. ياپەس بۇ قۇرغاق ئۆلكىدە ھاياتلىقنى قانداق ياشارتىش ھەققىدە دادىسىدىن شاپائەت تىلىگەن. نوھ پەيغەمبەر ياپەسكە يامغۇر ياغدۇرۇش قۇدرىتىنى بەخشەندە قىلغان ۋە ئۈستىگە «ئىسمى ئەزەم» يېزىلغان بىر تاشنى ئۇنىڭغا بېرىپ «ھاجىتىڭ چۈشكەندە بۇ تاشتىكى پۈتۈكنى ئوقۇپ تەڭرىگە دۇئا قىلساڭ، يامغۇر ياغىدۇ» دېگەن. بۇ تاشقا «يادا تاش» دەپ نام بەرگەن. بۇ يادا تاش ئەقلىي بىلەن بۇ ئۆلكە ياشىرىپ تۈركىي قەبىلەلەر خۇددى ئاسماندىن يامغۇر ياققاندەك تېز كۆپەيگەن ۋە ياغمىرلار دەپ ئاتالغان. قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغان قەبىلىلەر ئىچىدە مۇھىم رول ئوينىغان ياغما قەبىلىسى دۇنيانىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىگە تاراپ كەتكەن قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نەمۇنىسى ئىكەن. مۇشۇ رىۋايەتنىڭ تارىخىي ئىزى شۇ كۈنلەردە تىللاردا تەكرارلىنىۋاتقانلىقتىن بولسا كېرەك، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە بۇ ھەقتە بۇنى مۇنداق خاتىرە قالدۇرغان: «بۇ بىر خىل سېھىرگەرلىك تېشى بولۇپ، يامغۇر، شامال ۋە باشقىلارنى تىلەش ئۈچۈن مانا مۇشۇنداق تاشلار (يادا تاشلار) ياردىمى بىلەن سېھرى قىلىنىدۇ. بۇ ئادەت تۈركلەر ئارىسىدا كەڭرى تارقالغان. مەن بۇنى ياغمىلاردا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. ئۇ يەردە بىر يانغىن بولغاندا، يانغىننى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن شۇنداق قىلىنغان ئىدى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يازدا قار ياغدى، كۆز ئالدىمدا ئوت ئۆچۈرۈلدى.» (د ل ت 3 ـ توم 1ب).

بىزگە مەلۇمكى، بۇ يەردىكى يادا تاش ھەققىدىكى خاتىرىلەر تارىخىمىزنىڭ ئەڭ باشلىمىدىكى ئىنسانىي ئەقلىنى ئاچقان ئامىللارغا تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرى شامانىزم بىلەن بىرىكىپ كەتكەن. شۇڭا، بىز تۇنجى ئوتپەرەس دىن شامانىزمنى ئۆزىدىن ئىلگىرى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بولغان تاش قۇراللار دەۋرى خاتىرىسىدىن باشلاپ ئوتخور (چارۋىچىلىق)، چۆپخور (دېھقانچىلىق) ئامىللىرى ھەققىدىكى خىياللارنىڭ يەكۈنلىرىدىن ئىبارەت دەيمىز، شۇنداقلا شامانىزم ئىنسانلاردىكى ياۋايى ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش، ئۇچىۋاتقان قۇشلارچە ھۆرلۈك ئارزۇلىرىغا يەتمەك ئۈچۈن، قەبىلىۋى ئۆملۈك ئۈچۈن پەيدايىلىق يېتىشتۈرگەن دىن دەيمىز. يەنى شامانىزم (ئوتپەرەسلىك) نوقۇل كۆن ياكى گۈلخانغا چوقۇنغۇچى دىن بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئەنە شۇ يادا تاش بىلەن ئىنسان جىسمى ئىچىدىكى كۈچنى قادىرى كۈچكە ئۇلاش، تەندىكى روھ (ئوتقا) ئىنسانىي مۇھەببەتكە چوقۇنغۇچى دىن بولغان. شۇڭا، ئۇ دىن تەبىئەتتىكى كۈچلۈك قۇشلاردىن بۈركۈت، سۇمرۇغ، تەسەۋۋۇرىغا، ئەجدىھا، شىر، يولۋاس تەسەۋۋۇرىغا بېرىلىش ۋە بۆرى، تۈلكە ۋە مار (يىلان)، توغراق قاتارلىقلارغا زوقلۇ-

نۇش بىلەن تەننى كۈچەيتىش سىرلىرىنى ئىزلەپ، تۆت تادۇ ۋە ئۇنلۇق تەپەككۇرىنى ئىختىرا قىلغان. بۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا كەلسەك، «ياداتاش» بىلەن تاشلارغا دىققەت قىلىدىغان ئەقىل تۈۋپەيلىدىن ئالتاي، تەڭرى تاغلىرىدا كۆيۈۋاتقان ئورمان ۋە ئوچۇق كۆمۈرلۈكلەردىكى ئېرىتىپ يەنە قېتىپ قېلىۋاتقان مەدەنلەر ئەجدادلىرىمىزغا تۇچ، تۆمۈر قورال ئىلھامىنى بەرگەن. بۇنىڭ بىلەن ئاتلىق ۋە تۆمۈر قوراللىق قەۋملەر دوغۇل (شەرق)، جەنۇب (هودۇن)، غەرب (رۇمۇل) تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلغان. جەنۇب (هودۇن) خەلقى بۇلارنى سومۇل (شىماللىق) دېگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ تۆمۈر قوراللىقلار سومىر مەدەنىيەت دەۋرى بولغان.

ئەگەر بىز بۇ دەۋرلەردىكى ئىنسان تەرەققىياتىنى سەۋىيە جەھەتتىن پەرقلەندۈرۈپ قارىساق، ئوتنى ئىختىرا قىلغان دەۋر ئوغۇز (كۆمۈرىس ئادەم) دەۋرى بولسا، تۆمۈر قورالLARنى ئىختىرا قىلغان دەۋر ئالپ ئەرتوكۇ روھىغا باغلانغان سومىر (تومۇرىس ئادەم) دەۋرى بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولغان بۇ دەۋر پارىس (بۇ سۆز ئەڭ ئاۋۋال ساسان دەۋرىدىكى گىرىكلەر كاپكاز شەرقىدىكى قەۋملەرنى پەس كۆرگەنلىكتىن ئاتىغان ئەشۇ «پەس» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان) تىلىدىكى دادىيان، تۈرك تىلىدىكى ئالتاي دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. بۇ دەۋردىكى تىل ئالتاي تىلى، دىن ئوت ياكى ئاتەش دىنى ئىدى. بۇ تىل ۋە دىن ئوت ئېلىپ ئىنسانلىششنىڭ تۇنجى ئورۇۋقىدۇر. لېكىن، بۇنداق بىر ئۇزاق تارىخى ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدە هازىرقى شەرق ۋە غەرب تارىخلىرىدا تولىمۇ نۇرغۇن بايانلار بولسىمۇ، ئەمما، بۇ ئورۇقنى تېرىغان خەلق توغرىسىدا مۇپەسسەل بىر گەپ يوق، بۇلار ئېھتىمال پىرمانلار ئاساس بولغان بابىلون، مىسر ۋە ھىندىستان دەۋرىدە تۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك. بۇلاردىن ئويغانغان دانىشمەن ئارنولد تويىنبىي «تارىخ تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە، سومىر ئىمپېرىيە نامىنى «ئارىماتلار» دېگەن، بۇ يەردە تەرجىمە تەلەپپۇزىدىكى تۇتۇقلۇق بولغاچ، «ئارىمات» ـ ئاقتاش ئىچىدىن چىققان ئاق ئات ۋە ئاقيىلان بىرىكمىسى بولغان «ئارسلان» (ئالپ ئەرتوكۇ) دېمەكتۇر. سومىر دەۋرىدىن ئالتاي تىلى ئورنىنى ئىگىلىگەن ئارىيان تىللىق دەۋر ئارىسىدىكى ئاخىرقى خانلىقنى هور ئەنگىي (乌尔.恩格) دەپ يازغان. بۇ تىلىمىزدا هورۇلقا يەنى سۇمرۇغ ـ ئەنقا روھى دېگەنلىك بولۇپ، ئالپ ئەرتوكۇ روھىغا قارىتىلغان گەپتۇر.

مانا مۇشۇ سومىر (شىماللىق) ئاتلىق ۋە تۆمۈر قوراللىقلار جەنۇب (هودۇن) ئىقلىملىرىدا، بالقان، بابىلون (ئاسسۇرىيە)، مىسىر، هىندى ۋە جۇڭگونىڭ رايونلىرىدا قولدارلىق تۈزۈم تىكلىگەن، بولۇپمۇ بابىلون، مىسىر يەرلىرىدىكى ئافرىقىسمان نىگىر (ھەبەش) پىرمان قۇللار بىلەن پاتلىنىپ، تىل، دىل (ئۇقۇم، ئۇدۇم) ئۆزگىرىشلىرى بولۇپ، ئارىيان (بىزدىن ئايرىلغان ياندىكى ئادەملەر ياكى يان تەرەپتىكى ئەبجەش دېگەن مەنىدە) تىل سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللارنىڭ ئالدى كەينىدىكى مەسىلىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالتاي تىلىنى قېرى مەدەنىيەت ۋەكىلى، ئەبجەشلەنگەن ئارىيان تىلىنى ياش مەدەنىيەت ۋەكىلى دەپ ئاتاش مۇمكىن. ياش مەدەنىيەت گەرچە شاش، تېمەن، تەسىرچان بولغىنى بىلەن، قېرى مەدەنىيەت تارىخىنىڭ نۇرغۇن سوغۇق تومۇرلىرىدىكى يەكۈنلەر هاسىل قىلغان تىندۇرما بىلىملەرمۇ ئىنسانىيەت ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. بۇنى غەربىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى مەركىزىي نۇقتا ـــ لوپ (تەكلىماكان، تارىم) ۋە تەڭرىتاغ ئەتراپىدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان، بۇ يەرنىڭ توپراق، ئوجاقلىرىدىن كېچە ـ كۈندۈز نەپەسلىنىپ تۇرغان ئادەملەر بەكرەك چۈشىنىمىز. چۈنكى، تەبىئەت تارىخىدا مىليون يىللار سىرى نەچچە مىڭ خىل جانلىقلار، ئىنسانلار ياشاپ ئۆتكەن، زامان، ماكانلار ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، بەزى خىلداش تىپ (ماهى ئامىللار) ياشاپ كەلمەكتە. تەپەككۇر شامالدەك ئۇچۇپ تۇرغۇچى بولسىمۇ، ئۇقۇم (فونتىك، لېكسىك) ئامىللار، مەنتىق قاتارلىقلار تارىخىي مەۋھۇمىيەتنى ئېچىپ بەرگۈچى ئاچقۇچلۇق ئامىللاردۇر. بۇ ئامىللار ئارقىلىق هازىرقى قايسى تىلنىڭ قايسى تىل سىستېمىسىدىن كېلىپ چىققانلىقى ۋە ئورۇقلۇق مەنبەلىرىنى تېپىپ چىقالايمىز. مەسىلەن، تېمىمىزدىكى سانسكرىت تىلىنى ئالىدىغان بولساق، سانسكرىت تىلى گەرچە هازىر گىرىك ـ هىندى تىل سىستېمىسى دېگەن ئارىيان تىل سىستېمىسىغا مەنسۇپ دېيىلسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تەكتى ئەجدادلىرىمىزنىڭ سانلىق ئېڭىغا باغلانغان. يەنى سان ـ سىنكرىت دېگەنلىك ـ سان سىفىر تىلى دېگەنلىك. چۈنكى، قەدىمكى دانىشمەنلەر دىل (يېزىق) تىل (ئېزىق) تەۋرىنىشى مىقدارلىرىنى هېسابلاپ تۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىز بۇنداق مىسالنى هازىرغىچە داۋام قىلغان «ئىرسال» دىن، بوغۇمدىن رەقەم چىقىرىپ زامان تەرتىپىنى هېسابلاش مىسالىدىن بىلىمىز.

**ئۈچىنچى، تىلىمىزنىڭ سانلىق بىخلىنىشى.** يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، مىلادىيىدىن 10 ـ 20 مىڭ يىل بۇرۇن 20 ـ

40 پاراللېل ئارىسىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئاقتاش» ئارقىلىق تۇنجى ئوت (تومۇغ) نى ئىختىرا قىلغان ئوغۇز قەۋملىرى «ئاقتاش» نى چۆرىدەپ «ئوتتۇز ئون ئوق توققۇز قىز» بولۇپ ئاسىياغا تارالغانلىقى ئۈچۈن، تۇنجى تىل ئالتاي تىل سىستېمىسى ئىدى. بۇ دەۋردە ھېساب ئەقلى يەنى «ئونلۇق» بىرلىكلەر ئەقلى، ئاندىن تاۋۇشلارنى رەقەمسىمان پەرق ئەتكۈچى ئەقلى بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ئى، مى، ھى، ر، چى دېگەن ئۇزۇك تاۋۇشلار بىر (بىر رەقەم)، ئە، مە، ھە، رە، چە دېگەن ئوتتا تاۋۇشلار بەش (بەش رەقەم)، ئا، ما، ھا، را، چا دېگەن جاراڭلىق تاۋۇشلار 10 (ئون رەقەم)، قالغان ئارىلىق ئۇ، ئۆ، ئو دېگەن تاۋۇشلار (2، 3، 4؛) (6، 7، 8، 9) رەقەملىك تاۋۇشلار بولغان. بۇ ئورۇقداشلىق مېھرى ئىللاھ بولغان دەۋردە قەبىلە ئاقساقاللىرى، خان — قاغانلار «دىۋە — شاياتۇن» دېگەن دۈشمەنلەرگە قارشى ئورۇشتا باتۇرلۇق نامايان قىلماق ئۈچۈن «مەردۇ مەيدان» تەلەپ قىلىپ «نەرە تارتىدىغان» بولغاچ، بۇنداق سەپ رەمزى 9 < 1 ئىدى. بۇ بىر ئىگە (ئىسىم) بۇزۇن، خەۋەر (پېئىل) كېيىن كېلىدىغان تەلەپپۇز ۋە تەبەررۈچ (بېزىق) سەۋەبى ئىدى. بۇنداق ئېلېمېنتلار ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىمىزدا ئەڭ گەۋدىلىك ساقلانغان. مەسىلەن، يۇقىرىدىكى 10 لۇقلار سىستېمىسى بىلەن بىرلا چاغدا باشلانغان تۆتىلىكلەر سىستېمىسىنى ئالايلى، بۇ سىستېما شۇ زاماندىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ماكرولۇق كۆزىتىشلىرىدىكى ئالەمنىڭ سۇ، ھاۋا، ئوت ۋە تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت تادۇدىن باشلانغانچە تۆت خىل يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى ئىپادىلەيدىغان «زودىياك» تەلىماتى؛ بۇنىڭغا ئاساسەن بىر يىللىق ھاۋا رايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت بىر يىللىق تەبىئىي ئايلانما؛ يۇلتۇزلارنىڭ ئورۇنلىشىش تەرتىپىگە ئاساسەن بەلگىلەنگەن شەرق، غەرب، شىمال، جەنۇبتىن ئىبارەت تەرەپلەر بىرلىكى؛ تەبىئەتتىكى تۆتلىكلەردىن ئادەم جىسمىغا قاراپ ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ۋە بۇ ئاساستىكى ئىسسىق، سوغۇق، ھۆل، قۇرۇقتىن ئىبارەت تۆت خىل مىزاج؛ قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلت دېگەنلەر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەشۇ ئىپتىدائىي ھاياتىدا شەكىللەنگەنچە كۈنىمىزگىچە داۋام قىلىپلا قالماستىن، يەنە يۇقىرىدىكى 10 لۇقلار بويىچە ئادەم جىسمىنى شۇنداق تەبىئىي يوروتۇپ ماڭغاندىكى ئىككى قولدا بەشتىن 10 بارماق، بۇلارغا مۇناسىپ مېڭىدىكى زېھىن مەركەزلىرىگىچە يېتىپ بارغان. بۈگۈنكى كۈندە دۇنيادىكى ئەڭ تەسىرلىك ئالىملارنىڭ نەزىرىدە مېڭىدىكى زېھىن مەركەزلىرىنىڭمۇ 10 مەركەز بولۇپ بايقالغانلىقىنى ئۇيلىسىڭىز، «خۇدا ئادەمنى خۇددى شۇ چاغدىكى بوۋىلىرىمىز پەرەز قىلغاندەك ياراتقان بولغىيمىتتى» دەپ قالىسىز، بۇنداق قاراش كۈنىمىزگىچە داۋام قىلىپ بىزدە ھازىرقى دۇنيانىڭ ۋە ئەقلىنىڭ ئەڭ زىل مەسىلىلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان تەلىماتلارغا ئايلانماقتىكى، بۇنىڭ ئۈچۈن قەقنۇسنىڭ «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» دە ئېلان قىلىنغان «يېڭى ئىرا تەلىماتى»، «ماھىيەت تەلىماتى»، «قىممەت تەلىماتى» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ كۆرۈش كۇپايە.

ئەگەر بۇنىڭغا ئەجدادلارنىڭ 10 لۇق تەلىماتىنىڭ كۈنىمىزدىكى يۈزلىنىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىرەر ئۆرنەك كۆرۈپ ئۆتۈپ كېتەيلى دېسەك، ئۇ دەيدىكى، «ئىنسانىدىكى باش روھ (نىرۋان) بىلەن چاتروھ (لىمپان) نى ئون ئۇقۇم دېسەك، سەككىز تۈيۈم $\frac{4}{4}$ كەسىرى نەقىل ھاسىل قىلىدۇ. مەزكۇر كەسرى نەقلىنى تابىھاج + بەلگىسىگە سالساق:



بولىدۇ. يەنى باش (نېرۋان) تەرەپتە ئىككى قولدىكى بەشتىن ئون بارماق، باش ۋە كۆكرەكتىكى بەشتىن ئون ھورمون، چات (لىمپان) تەرەپتە ئىككى پۇتتىكى بەشتىن ئون بارماق، قوساق ۋە چاتتىكى بەشتىن ئون ھورمون بولىدۇ.

باش — مېڭىدىكى دىئالېكتىك تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، تەجەللۇم (ئىلھام) بىلەن بەدەندىكى دىنامىكىلىك تەنەففۇر، تەلەففۇز، تەبەررۇم (بېزىق) نىسبەتلىرىنى سېلىشتۇرساق، مېڭىدىكى دىئالېكتىك قۇرۇلما سائەتنىڭ سېكۇنت تىلىدەك تېز ھەرىكەت قىلىدۇ. بەدەندىكى دىنامىكىلىق قۇرۇلما سائەتنىڭ مىنۇت تىلىدەك ھەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، كۆز — قۇلاقتىن كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زامان، ماكان كۆلەڭگىسى مېڭىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. نەفەسنى بىر — بىرلەپ شىمىرىشكە، چىقىرىشقا، تەلەففۇزنى تاۋۇش، بوغۇملاپ قىلىشقا، تەبەررۈج (بېزىقنى) ھەرپلەپ بېزىشقا توغرى كېلىدۇ» (يۈسۈپ ھوسەيىن قەقنۇس): «فىلولوگىيىدىكى ئىلمى تەرەققىيات قەۋەتلىرى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2008 — يىل 6 — سان).

دېمەكچىمىزكى، بوۋىلار، «سانسكرىت تىلى» دېگەن سان سىفىر تىلىنى ئىجاد قىلغاندا، ئەزەلىي ۋە مەھشەرلىك

مەسىلىلەرگە دىققەت قىلغانكى، ئۇنىڭ داۋامى بۈگۈنكى ئاينىمىغان زىيالىيۇنلىرىمىزدا مەڭگۈلۈك ھەقىقەتلەرنى يورۇتىدىغان زىل ھەم زىبا نىرۋانى قۇرۇلۇشقا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. موچەلمۇ يىللارنىڭ بىرخىل سانلىق ئايلىنىشى، بۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن نۇرغۇن زامان، ماكانلارنى ئەسلەپ كۆرگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ دەۋرى ئايلىنىشتىكى بىلگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بوۋىلار بۇ جەھەتتىمۇ شۇنچە بۇرۇن سانلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ تۇرۇپ تۇرمۇش ئەمەلىيىتىگە لايىق بەزى ھەقىقەتلەرنى تاپقان.

«... تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان، بۇنىڭدا شۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېلەچەك ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز ئون ئىككى ئات ۋە ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن»، خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ياۋايى ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرىغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا، خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ ھەيدىگەن. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن ئون ئىككى خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ ئىسمى ئون ئىككى يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال چاشقان ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ چاشقان يىلى دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىر يىل ئۈچۈن ئىسىم بولۇپ قالغان. بۇلار: ئۇي يىلى (كالا يىلى)، بارس يىلى (يولۋاس يىلى)، توشقان يىلى، لەھەڭ يىلى (تىمساھ يىلى)، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، توڭگۇز يىلى دېگەندەك. توڭگۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ» (د ل ت 1 ـ توم 449 ـ 451 ـ بەت)

10 لۇق ۋە 4 لىك ھەممە شۇنىڭغا ئوخشاش سىستېمىلار ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىغا كەلسەك، ئەھۋال شۇكى، مىلادىدىن بۇرۇنقى 3 ـ 5 مىڭ يىللار ئارىسىدا يەنى سۇمېر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا غەربتە بابىل ئاسۇرىيە ۋە شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭ (جوڭيۈەن) دە قۇلدارلىق تۈزۈم ھادىسىلىرى باشلاندى. بابىلون ۋە جوڭيۈەن قاتارلىق دەريالىق، سازلىق ماكانلارنى ئىگىلىگەن ئالتاي تىل، ئاتەش دىنلىق سۇمېرلار جەنۇبىي (تىروپىك) بەلۋاغ تەرەپتىن نۇرغۇن پىرمانسىمانلارنى ئوۋلاپ قۇل قىلىش ئەقلىنى تاپتى. قۇلدارلار بىلەن قۇلكارلار ئارىسىدىكى گىناتىك ئەبجەشمە تۆپەيلى، ئارىيان (ئارىلىق تەرەپ) تىل ئامىللىرى شەكىللەندى. بولۇپمۇ تەپەككۇر شەكلىدە جاپادىن قېچىپ ئارامنى تاللايدىغان قۇلدارلىق ئەقلى 3 > 7 رەمزىدىكى ئۇسۇلنى تاپتى. يەنى سەپ تۈزگەندە يەتتە قۇلنى ئالدىغا چىقىرىپ ئۆزىگە يېقىن ئۈچىنى ئارقىغا قويىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئارىيان تىلىدىكى ئىگە (ئىسىم) كېيىن، خەۋەر (پېئىل) بۇرۇن كېلىدىغان تەلەپپۇز ئادىتى ئودۇم بولدى. لېكىن، بۇ دەۋردە يەنە ساسانىيانىڭ شەرقىدىكى رايونلاردا ئالتاي تىلىنىڭ ئىسىم بۇرۇن، خەۋەر كېيىن كېلىدىغان خۇسۇسىيەت ساقلاپ قېلىندى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىللاردىن باشلاپ ئارىيانلاشقان قۇلدارلىق تۈزۈم تەرەققىي قىلدى. 3 > 7 بىلەن 1<9 غا (يەتتە قۇل بىلەن بىر باشقا ھوجۇم قىلدىغان) نامەرتلىك، ھىيلە ـ مىكىر غەلىبە قىلدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن دادىيان دەۋرى ئورنىنى ساسانىيان دەۋرى ئىگىللىدى.

ئەمدى ھىندىستان دېيىلگەن ماكانغا كېلەيلى، ھىندىستان ئىبرىم ئارىلىغا (تىروپىك بەلۋاغدىن چىقمىغان پىرمانسىمانلارغا) باستۇرۇپ بارغانلار ئوغۇز ـ سۇمېر (ئالتاي تىللىقلار) ئىدى. كېيىن ساسانىيان دەۋرىدە يۇنان، بابىلون، ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن بارغانلار ئەبجەش بولغان زۇلقەرنەيىن قوشۇنلىرى سارماتىنلار بولۇپ، بىگىدىن تەشكىللەنگەن ئارىيان تىللىقلار ئىدى. بۇلاردىنمۇ كېيىن بارغانلار بولسا گىرىك تارىخلىرىدا ئېفتالىت ياكى ماسساگېتلار دېيىلگەن ئاق ھونلار، توخارلار (تىل تەركىبىدە ئالتاي تىل ئامىللىرى كۆپ، ئارىيان تىل ئامىللىرى ئازراق) ئىدى. دېمەك، ھىندى مەدەنىيىتى ئەسلىدىكى پىرمانىيەتتىن ئەمەس، بەلكى شەرقىي ياۋروپا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىن بارغان ئىنسانلاردىن تۈزۈلگەن مەدەنىيەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدىن ئۆچكەن ئىزلارنى ھىندىستاندىن كۆرەلەيمىز. مەسىلەن، جەسەتنى كۆيدۈرۈش، بۇ ئاتەش ئادىتى، بۇ ئادەت ئوتتۇرا ئاسىيادا قالمىغان، لېكىن، ھىندىستاندا ساقلانغان. مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا كۆرە، ھازىرقى كۈندىمۇ ھىندى تىلىدىكى مۇھەببەت،

دۇنيا، رەھىم... دېگەندەك سۆزلەرنىڭ تىلىمىزدا بار ئىكەنلىكى بىلەن ئۇلاردىكى مۇزىكا ھەم ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ بىزگە سىڭىپ كىرىشىنىڭ تەبىئىيلىكىدەك ھادىسىلەرنىمۇ شۇ يىلتىزلىق باغلىنىشتىن قاراش خاتا بولمىسا كېرەك.

**تۆتىنچى، غەرب تارىخىدىكى ئويغۇنۇش ۋە بىزدىكى ياش ئالىملارنىڭ پەرەزلىرى.** ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى پىكىرلىرىمىزنى غەربنىڭ تەتقىقاتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى دېسەك، زامانىمىزدا ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنى تىلى ۋە دىنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا بىر پۈتۈنلۈكتە تەكشۈرۈپ كۆرگەن نوپۇز ئىگىسى ئارنولىدتويىنبىينىڭ كۆز قارىشىنى ئەڭ يېڭى ئىلمىي نەزەر دەپ قاراش مۇمكىن.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا يايلاقلىرىدىن غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەرەپكە بارغانلارنى سومىرلار دەپ قارايدۇ ۋە ھىندىستان ئەتراپىدىكى جەمئىيەت ۋە ئۇ يەردە بارلىققا كەلگەن دۆلەت يىلتىزىنى تەكشۈرگەن ئەھۋاللارغا قارىتا دەيدۇكى: بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىمىزنى تارتقىنى بۇدداھ (بۇرھان) ۋەكىللىكىدىكى دىندۇر. بۇ دىن خۇددى ئولىمپىيىدە چوقۇنۇش ھاسىل قىلغان دىندەك سىرتتىن كەلگەن بىرۋاراۋار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. شۇڭا، بۇ دىندىن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ھىندى جەمئىيىتىنىڭ ئىچكى قاتلىمىدا ئىجاد بولغان ھېچقانداق بىر ئالامەتنى تاپقىلى بولمايدۇ. بىز گىرىك ۋە ھىندى جەمئىيىتىدە يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئەھۋاللارنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھىندىستاندا بۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت بولغانلىقى ۋە شۇ دۆلەت ۋەيران بولغان پۇرسەتتە ئارىيانلار(سومىر) نىڭ بېسىپ كىرگەنلىكىنى بايقىدۇق. ئۇلار نەدىن كىرگەن؟ بىر يەردىن كېلىپ بىر بۆلۈكلىرى باشقا جايلارغا يۆرۈش قىلىپ كەتكەنمۇ ـ يوق؟ بۇنى بىز كېيىنچە ھىندىستانغا ئوتتۇرا ئاسىيا يۇرتلىرىدىن بېسىپ كىرگەن XI ئەسىردىكى غەزنەلىك مەھمۇد بىلەن XVI ئەسىردىكى مۇغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان بابۇرلارنىڭ يۈرۈش يوللىرىنى بويلاپ تۇرۇپ پەرەز قىلدۇق: «بىز بۇ تۈركلەرنىڭ تارقىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرسەك بىلىمىزكى، بۇلارنىڭ بىر قىسمى شەرقىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ ھىندىستانغا كىرگەن بولسا، يەنە بىر قىسمى غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ مېڭىپ ئاناتولىيە ۋە سۇرىيەگىچە كىرگەن. مەسىلەن، مەھمۇد غەزنەۋى بىلەن بىرلا چاغدا يۈرۈش قىلغان سالجۇقىلارنىڭ يۈرۈشى بىزنىڭ غەرب جەمئىيەتلىرىمىزدە ئەھلى سەلىپ تەشكىللەپ قايتارما ھۇجۇم قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قەدىمكى مىسىر پۈتۈكلىرىدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ 1500 يىللار ئارىلىقىدا ئارىيانلارنىڭ ئاسىيا ـ ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدىن باشقا جايلارغا تارقالغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ماتېرىياللار بار. بۇنداق ئەھۋال 3000 يىلدىن كېيىنكى تۈركلەر ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن تۆت ئەتراپقا تارقىغانلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ھىندىستاننىڭ ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، بىز ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ ھىندىستانغا كىرگەنلىكىنى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئىران، ئىراق، سۇرىيە، ئەڭ ئاخىرىدا مىسىرغا كىرگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XVII ئەسىرلەردە، ئۇلار مىسىردا بىر ۋارۋالار ئارمىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىگەن. مىسىر تارىخىدا ئۇلار «سىنكوسلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارىيانلارنىڭ بۇنداق زور تۈركۈمدە كۆچۈشىنى زادى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ بۇنىڭغا بىز تۈركلەرنىڭ زور تۈركۈمدە كۆچۈشىنى نېمە كەلتۈرۈپ چىقاردى؟ دېگەن يەنە بىر مەسىلىنى قويۇش ئارقىلىق جاۋاب بېرىمىز. نەخ تارىخ خاتىرىلەردە بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بار: تۈركلەر ئاباسىلار سۇلالىسى گۇمران بولغاندىن كېيىن ئەشۇ ئىككى يول بىلەن تارقالدى. ئاباسىلارنىڭ ئۆز يېرىدە ۋە ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىكى چېگرا رايون بېقىندىلىرىدا ھالسىراپ كېتىشى بۇ تۈركلەرنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشىغا نىشان تەييارلاپ بەردى. مۇشۇنداق چۈشەنچە بىزنى ئارىيانلارنىمۇ ئەشۇ تۈركلەردەك نىشان بىلەن تارقالغانلىقىنى يېنىپ ئۈچى بىلەن تەمىنلەمدۇ ـ يوق؟ تەمىنلەيدۇ. چۈنكى، بىز مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ 1900 يىللار ئارىلىقىدىكى غەربىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا خەرىتىسىگە قارىغىنىمىزدا، بۇ يەردە بىرلىككە كەلگەن بىر دۆلەت بارلىقىنىڭ باغدات خەلىپىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋالدا قالغانلىقىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ پايتەختى ئىراق ئىچىدە ئىدى. ئۇنىڭ دۆلەت تەۋەلىكىمۇ ئوخشاش بىر مەركەزدىن تۆت تەرەپكە كېڭەيگەن.

بىرلىككە كەلگەن بۇ دۆلەت سومىر ـ ئاككاد دۆلىتى بولۇپ، تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2143 ـ يىلدىن 2079 ـ يىللىرى ئۈردىكى سومىرلاردىن ئۇرنىگە قۇرغان ئىدى. ھالبۇكى، بۇ دۆلەتنى يەنە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1754 ياكى 1690 ـ يىللىرى ئەتراپىدا ئامۇللاردىن ھاممۇراپى قايتا تىكلىگەن ئىدى. ھاممۇراپى ۋاپاتىدىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ ھالاك بولۇشى ئارىيانلارنىڭ زور كۆلەملىك كۆچۈش دەۋرىنىڭ باشلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ھازىر بۇ سومىر ـ ئاككاد دۆلىتىنىڭ ھىندىستانغا كېڭەيگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بىۋاستە ماتېرىياللار يوق، لېكىن يېقىندىن

بۇيانقى ئارخېئولوگىيىلىك قېدىرىش خىزمىتى مۇشۇنداق بىر
مۇمكىنچىلىكنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. مەسىلەن،
هىندى دەريا ۋادىسىدىن قېزىپ چىقىرىلغان مەدەنىي يادى-
كارلىقلار (بىقىندا بايقالغان ئىككى ئورۇندىكى يادىكارلىقنىڭ
يىلنامىسى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىلى
ئەتراپىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1500 ـ يىللىرى ئەتراپى-
دا ئىكەنلىكى تەخمىنەن قىلىندى) بۇ يەرنىڭ ئەينى چاغدى-
كى مەدەنىيىتى ئىراق سومېرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن نا-
هايىتى زىچ باغلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

بۇنداقتا بىز ئەشۇ تارىختىكى سومېر ـ ئاككادلار بىر-
لىككە كەلتۈرگەن ئەشۇ دۆلەت جەمئىيىتىنى تونۇپ
ئالالامدۇق ـ يوق؟ بۇ دۆلەتنىڭ ئالدىنقى گەۋدىسىنى تەك-
شۈرگىنىمىزدە، بىز قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئەشۇ دەۋردە
ئاككادلىق سارالا دېگەن بىر مەشھۇر گېنېرالنى بايقىدۇق.
تەخمىنەن قەدىمكى زامانغا قارىتا ئاختۇرۇش ئېلىپ بارغىنىمىز-
دا يېتۈك ۋە ئىجادىيەتكە باي بىر دەۋرنى بايقىدۇق. بۇ
دەۋردىكى ئىزلار توغرىسىدا ئۇردىكى قېدىرىش بىزنى
نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن تەمىنلىدى. بىز ھازىرغىچە بۇ
دەۋرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللاردىن ئىلگىرى-
كى نۇرغۇن دەۋرلەرگە تۇتۇشۇپ كېتىدىغانلىقىغا بىر نېمە
دېيەلمەيمىز. ئەمما، بۇ بىز بۇ جەمئىيەتنى سومېر جەمئىيىتى
دەپ ئاتايمىز» (ئالىمنىڭ شۇ ناملىق كىتاۋى خەنزۇچە 32
كەسلەم تۆت توملۇق نەشرى 35 ـ 36 ـ بەتلەر). بۇ ئا-
لىمنىڭ قارىشى تولىمۇ كۆپ تاسقاشلاردىن ئۆتكەن بولۇپ،
ئۇنىڭ قارىشىچە ئەسلىدە ئالتاي تىللىق بولۇپ ئەبجەشلە-
شىپ ئارىيان تىلغا ئۆتكەن بۇ سومېر مەدەنىيىتى تاكى ئانا-
تولىيە يېرىم ئارىلىغا تارالغان. شۇ تۈپەيلى بۇ جاي «كاپپا
دوكا» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردە ئەشۇ سومېرلار يېزىقىدا يې-
زىلغان مىخ خەت ياكى شىنايېزىقلاردا ساقلانغان ئېلىم ـ
سېتىم ھۆججەتلىرى بىلەن كۈنىمىزدىكى ئاناتولى تۈركلىرى-
نىڭ تىلىدا 165 سومېر سۆزلىگى بارلىقى بۇنى ئىسپاتلايدۇ.
ئۇ يەنە شۇنى دەيدۇكى، بۇ سومېرلارنىڭ ئورنىنىمۇ
غەربىي شىمالدىن كەلگەن ۋارلار ئىگىلىگەن بولۇپ،
ئۇلارنىڭ ئورنىنى ھىتتىلار ئىگىلىگەن. بۇ مىلادىيىدىن بۇ-
رۇنقى 1595 ـ 1531 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەنە مى-
سىرنىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XV ئەسىرگە ئائىت ماتېرىيال-
لىرىدىن سومېرلار يۇرتى ھەققىدىكى بىر ماتېرىيالنى تاپقان
بولۇپ، ئۇنىڭدىن سومېر جەمئىيىتىگە باغلىنىدىغان يەنە
بىر جەمئىيەتنى بايقىغان ۋە جەمئىيەتنى كاستىلار تەسىر دا-
ئىرىسىدە تاكى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى XII ئەسىرلەردىكى

ئاسۇر ۋە ئىلام دەۋرىگىچە داۋام قىلغان بابىل پادىشاھلىقى
دەپ ئاتىغان، ھەمدە سومېرلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە
پەيدا بولغان بۇ جەمئىيەت تۈزۈمىنى نۇرغۇن تەرەپلەردە
ئۆزىدىن بۇرۇنقى سومېر جەمئىيەت تۈزۈملىرىگە ئوخشاپ
كېتىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. دېمەك، بىزدىكى تارى-
خىي خاتىرىلەر بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئانا يىلتىز-
لىرىنى تەكشۈرگۈچى غەرب ئالىملىرى بايقىغان مەزمۇنلار
بويىچە قارىغاندىمۇ، ئىنسانلىق ئەقلىنى تاپقان تىل ئالتاي
تىلى، ئۇنىڭ يۇرتى مەركىزىي ئاسىيا، ئۇيغۇر تىلى ئۇنىڭ
باش بوغۇملىرىدىن بولۇپ، مىلادى ئالدى ـ كەينىدە ماھا-
يانا ئەۋلادى بولغان ئۇيغۇرلار، بۇ تىل ۋە بۇ روھنى تاھىر
خانىيدىن باشلاپ تەپسىلىي خاتىرىلەشكە باشلىغان. بۇ
يەردە يەنە شۇ دىققەتكە سازاۋەركى، يۇقىرىدا تويىنبىي
بايان قىلغان «بۇ يەردە ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىمىزنى تارتقىنى
بۇدداھ (بۇرھان) ۋەكىللىكىدىكى دىندۇر» دېگەن مەسىلىگە
يېقىنقى ئىلمىي بايقاشلار يېڭى ـ يېڭى جاۋابلارنى تاپتى.
يەنى بۇ ئالىم بۇ يەردە بۇددىزم بىلەن ئۇنى ئىجاد قىلغۇ-
چى بۇرھان ھەققىدە گەپ ئالغان، ھالبۇكى، بۇددىزم تېخى
ئۇ چاغدا ئىجاد قىلىنمىغان بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن بۇ
ۋارۋارلار (ئارىيانلار) ھىندۇئىزىم ـــ كېيىنچە ھىندى خەل-
قىنىڭ دىنى بولۇپ قالغان بىراخمان مىللىي دىنىنى ئىجاد
قىلغان. بۇ بايقاشلارنىڭ ۋاقتى چېكى تويىنبىينىڭ ۋاقىت
مۆلچەرىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. دېمەك، ساكيامۇنى ئىجاد
قىلغان بۇددىزملا ئەمەس، بەلكى ھىندى مىللىي دىنىنىمۇ
سىرتتىن كەلگەن ئەشۇ ۋارۋارلار ئىجاد قىلغان بولۇپ، بۇ
ئىجادىيەت ئەنە شۇ تويىنبىي پەرەز قىلىۋاتقان «بىرلىككە
كەلگەن قەدىمكى دۆلەتتە ئورۇنلانغان. رىگۋېدا، ساماۋېدا،
يەجۇرۋېدا، ئاتخارۋاۋېدا دېگەن قۇتسال دىنىي كىتابلار
بىلەن ماخاپخاراتا ۋە رامايانا دېگەن ئەدەبىي داستانلارمۇ مى-
لادىدىن 6 ئەسىر بۇرۇنقى چاغلاردا يېزىلىپ بولغان.
ھەربىر كىتاب ئاخىرىدىكى ۋىدا سۆزى «ئىلاھ ھەققىدىكى
بىلىم» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان
سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان ۋە ھىندىستانغا بېسىپ كىرگەن-
لەر بىلەن يەرلىك خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پە-
سەيتىپ، ئورتاق بىر ئەندىزە بىلەن تىنچلىقتا بىللە ياشاش-
نى مەقسەت قىلغان. بۇ يەردە سانسكرىت دېگەن سۆزنى
ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بۇ تىل ھىندىستاندا ئىجاد
بولۇپ قۇتسال دىنىي كىتابلار ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىياغا كەل-
مىگەن، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىجاد بولۇپ ھىندىستانغا
كىرىپ مۇقەددەس دىنلارنىڭ دەستۇرىنى يازىدىغان ئۇلۇغ ـ

يېزىق بولۇپ، بۇ تىلدىكى ئۇنلۇق رەقەم سىستېمىسى بويىچە ھىندى خەلقىگە مەلۇم مەدەنىيەت ھادىسى بولۇپ سىڭىپ بولغاندىن كېيىن، بىز بۇددىزمغا يۈزلەنگەندە بىزگىمۇ شۇنداق مۇقەددەس ساماۋى كىتابلار بولۇپ زېمىنىمىزغا يېتىپ كىرگەن ۋە شۇ مۇقەددەسلىكى بىلەن خۇددى بىز ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنكى ئەرەبچە يېزىق مۇقەددەسلىكىدەك بىر تەسىر بىلەن «سانسكرىت ياكى توخرى تىلى ھىندىستاننىڭ ئوخشايدۇ» دېگەن خىيالى كۆلەڭگۈ ھاسىل بولغان.

بىزدىكى مىللى ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىگە كەلسەك، ياش ئالىم ئوسمان ئىسمايىل «يۈسۈپ زۇلەيخا» داستانى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئەشۇنداق بىر قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە پولشالىق كوستوۋيېۋىسكى دېگەن ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» داستانىنىڭ سۈمەرلەرنىڭ ئوتتۇرا شەرققە كۆچۈشى بىلەن باغلىنىدىغانلىقىنى ئېنىقلايدۇ («شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 2008 ـ يىل 2 ـ سان 9 ـ بەت). بۇنىڭدىن 20 يىل بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى مىراس ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان يۈسۈپ يۈسەيىن (قەقنۇس) ئوسمان ئىسمايىلدىن يېڭى ئىلھام ئالدۇ ـ دە، يېڭى ئىزلىنىشلىرىنى مۇنداق بايان قىلدۇ:

پولشالىق ئالىم كوستوۋيېۋىسكى تەققاسلاپ «يۈسۈپ ـ زۇلەيخا» رىۋايىتى مىلادىيىدىن 18 ئەسىر بۇرۇن ئاسىيادىن مىسىرغا بارغان خەلقلەر بىللە بارغان بولۇشى مۇمكىن دېگەنىدى. «ئالتاي ئاتلىق ئىمپېرىيە» دەۋرى قەدەر قارىسام، سومىر ـ مىرسۇق خەلقلىرى دېگەن ئوتتۇرا شەرق ئەجدادى شىماللىق «سومۇق» لار ئىكەن. ھازىرمۇ سىبىرىيىدە ياقۇت دېگەن بىر قەبىلە بار.

يۈسۈپ تۈركى تىلدا يەسۇ دېگەنلىك. ياقۇپ ـ يەخۇد (زېمىن ئىگىسى» دېگەنلىك. سوغدى تىلدا ئەخزەر (ئەجەم) ئەركىشى، يەزەن مەزلۇم كىشى، «سۇ» دېگەن قەدىمكى «ئابسۇ» كىتابىدىكى روھ بويىچە ئابى مەنى (ئۇرۇق)... زولەي، زولال ـ سۈزۈك ـ پاكىز دېگەنلىك بولىدۇ.

«يۈسۈپ ـ زۇلەيخا»، «تەۋرات»، «ئىنجىل» دا ئادەتتىكى رىۋايەت تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان، «قۇرئان» دا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ چىرايلىق قىسسە دەپ ئەخلاقىي پەزىلەت نەمۇنىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. رەبغۇزىنىڭ «قىسسە سۇل ئەنبىيا» كىتابىدا «ئىلاھىي ئىشق» رەمزى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

ئەگەر بىز بۇنى شۇ چاغدىكى ئالتاي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئوتپەرەسلىك ياكى ئاتەش دىنى دېگەن يىلتىزلىق مەنىۋى دۇنياسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلساق، قەدىمكى ئاددىي تەسەۋۋۇردا ئالب (ئېگىزلىك) دە ئەركىن لەرزان لەيلىگەن ئاق بولۇت روھى ئۇچماقنىڭ رەمزى ئىدى. يەنى ھەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە تۇرغان بولۇت تەڭرىقۇت روھىدىن ئىشارە ئىدى. «ئەپرەسىياپ» نى فونېتىكىلىق پارچىلىساق، ئەبرۇ باھارنىڭ يامغۇرلۇق بولۇتلىرى، ساپ دېگەن ـ ئاق دېگەنلىك. يەنى، ئەبرۇساپ ـ ئاق بولۇت دېگەنلىك. ئوتتۇرا شەرقتىكى ئىبرى خەلقلىرىنىڭ ئەجدادى سومىر، مىرسۇق. بۇلار ئالتاي ئاتلىق ئىمپېرىيە دەۋرىنىڭ ئادەملىرى ئىدى. سومۇغلار (شىماللىقلار) ئىبراھىم ئەبرۇ خەلقلىرىنىڭ روھى ئاتىسى، ئىسھاق، ئىبراھىم ئوغلى، ئەبرۇ ـ ئىسھاق، ساپ (ئاق) تەسۋىرى جەھەتتە، ئەبرو ئاق بولۇتلىرى دېگەنلىك. ئىبراھىم رىۋايەتلىرىدە، ھەزرىتى ئىبراھىم نەمروتنىڭ ئوتىدا كۆيمىگەن، بەلكى ئوت گۈل بولغان دېيىلىدۇ. تەلەففۇزنى تۈرلىسەك، نەمرو ـ نوھرو ئۆزى «ئوت» (تومۇغ) بولغان كىشى «ئوت» (تومۇغ) دا كۆيمەيدۇ، تۆمۈر (مەدەن) ئوت (تومۇغ) دا ئېرىپ، قىزىرىپ گۈلدەك بولىدۇ. بۇ تۆمۈر تاۋلاشنى بىلگەن داۋۇت ـ دادانىيان روھى تۆمۈر ئېرىپ سۇغا چىلانسا، ئاق ھور (گاز) كۆتۈرۈلىدۇ. بۇ گاز ـ ئاق بۇلۇت ـ ئىسھاق.

ئىسھاقنىڭ ئوغلى ياقۇپ بۇلۇتتىن يامغۇر تامچىلاپ مۇنبەت بولغان يەر خۇد (ئىگىدارلىقىنىڭ) ئاساسى، ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپ يەردىكى نەملىك (سۇ) ئۆزلىسە، شەبنەم ـ زەررە بولىدۇ. بۇ يەسۇ ـ زەررە (يۈسۈپ ـ زولەي) شەبنەمدەك سۈزۈك ئاقتاش دەسلەپكى ئوت ـ (تومۇغ) چىقىرىش ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر «ياداتاش» بولغان. شۇنىڭ بىلەن تاشنى ئەتىۋارلاش تۈپەيلى قاشتاش ساسانىيان دەۋرىدە لەئلى سوغدىيان (玉塞)، كاشانىيان دەۋرىدە لەئلى كەشپشان دېيىلگەن. جۇڭگودىمۇ بۇ ئەتىۋارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن 国 خېتى پۈتۈلگەن. يەسۇ (يۇ) نى مەنتىقى پاتلىساق، ئۇ ئىبراھىم يادروسدا، ئاندىن بوۋىسى نوھ يادروسىدا بولغان. رىۋايەتتە ئادەم تېنى كوف (پوستى) ئىچىدە نون (مېغىز) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئادەمنى گۇناھدىن قۇتقۇزغۇچى نوھ ئاپىرىدە بولغان. نوھ يەنى «نون» خېتىدىكى ن ئىچىدىكى چېكىت جەۋھىرى تەڭرى گۈزەللىكىنى يوشۇرغان ئاتوم ئىچىدىكى ۋاكوئۇم ئىدى.] («فىلولوگىيىدىكى ئىلمى تەرەققىيات قەۋەتلىرى ۋە ئىلمى تەرەققىيات قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات» يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس)،

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2008 ـ يىل 6 ـ سان)

**بەشىنچى، كوشان تىلىدىكى ئىككى قاش.** بۇ خاتىرىلەر بىزدە تاھىر خانىيىدىن باشلاپ ساقلانغان ئىكەن، بۇنىڭ يىپ ئۇچىنى ئۇنىڭ ئەۋلادى بولغان قادىر خانىيە دانىشمەنلىرى قالدۇرغان پەلسەپىۋى ئىزلاردىن ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشكە بولىدۇ. ئەگەر بۇنى كۆنىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر ئائىلىسى ھەممە ئۇيغۇرلارغا ۋەتەنداش بولۇۋاتقان خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭمۇ بىرلىپ ئوقۇۋاتقان «قۇتادغۇبىلىك» بويىچە ئىزدىسەك، ئۇنىڭدىكى ئۆگدۈلمىش ئايتولدى (سائادەت) نىڭ ئوغلى، ئۇ كۈنتولدى (ئادالەت) ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى پاراسەت رەمزى ئىدى. ئاخىرقى مۇددىئاسى ئودغۇرمىش ئارزۇ قىلغان قانائەت (روھى پاكلىنىش) ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئايتولدى (سائادەت) كۈنتوغدى (ئادالەت) ئۈچۈن خىزمەت يولىنى ئىزدەپ كۈشامىش بىلەن ئۇچرىشىدۇ. مۇرات ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەندىن كېيىن ئوغلى ئۆگدولمىش (پاراسەت) مىراسخور بولىدۇ. ئاخىرى ئۆگدۈلمىش قۇمارو ئارقىلىق ئودغۇرمىش بىلەن ئۇچرىشىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى جەمئىي ئالتە ئوبراز ئىچىدە ئىككىسى، يەنى كۈشامىش بىلەن قۇماروغىل ـ پال كۆرۈنۈپ ئۆتىدۇ. ئەشۇ غىل ـ پال كۆرۈنگەن كۈشامىش بىلەن قۇمارو زادى قانداق ئادەم؟ لېكسىك ۋە فونېتىك باياندىن قارىغاندا، كۈشامىش ـ ئارزۇ، قۇمارو ـ قانائەت يەنى خۇمارى قانغاندىن كېيىن پۇخادىن چىقىش. دېمەك، كۈشا ـ خۇما، قۇما ـ پۇخا. بۇ زادى قانداق تارىخ؟ گەپنى قىسقا قىلغاندا، ئۇ ماھايانا روھىدۇر. ماھايانا روھى كۇشان دۆلىتىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدۇر. لېكىن، ماھايانا گەرچە كۇشان دۆلىتىنىڭ روھىي تىرىكى بولسىمۇ، ئۇنىڭ تارىخى يىلتىزى بۇ ئەلدىن تېخىمۇ چوڭقۇر بولۇپ، ھەتتا ھەزرىتى نوھ دەۋرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇ خەۋەر «ساندۇقى شاھادەت» (نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگۈچى ھۆججەت بەندلەنگەن ساندۇق) دېگەن رىۋايەتتىن كېلىپ چىققان.

ئېيتىلىشىچە، نوھ ئەلەيھىسسالام بۇ ساندۇقنى كەشمىردىكى قۇدۇقتا بەندلەپ، ھارۇت، مارۇت دېگەن ئىككى پەرىشتىنى مۇئەككەل قىلغان ئىكەن. ماھايانا دېگەن بۇ ئۇلۇغ تىۋىنىش روھى ھارۇت، مارۇت دېگەن پەرىشتىلەر نامىنىڭ بېشىدىكى ھاۋە مابۇغۇملىرىنىڭ قوشۇلىشىدىن كېلىپ چىقىپ، بۇددىزم دەۋرىدىكى كەشمىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۇشان دۆلىتىنىڭ ئۆزگىچە ئىجادىيىتى قوشۇلغان ئون ئاتلىق ھارۋا سىمۋولىدىكى دىنىي ئىجادىيەتكە يىلتىز بولۇپ ماھايانا بولغان ئىكەن. كونكرېت ئېيتقاندا، مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىردىن مىلادى II ئەسىرگىچە ئارىلىقتا ئاق ھون ياكى توخرى ـ توخرول دېگەن قەۋملەر ھازىرقى ئافغانىستان كەشمىر، پاكىستان، تاجىكىستان، پەرغانە، تارىم ۋادىلىرىنى ئاساس قىلىپ كۇشان ئىمپېرىيىسىنى قۇردى. ھازىرقى كۆندە نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار كۇشان ياكى كېيانىيان دەپ تىلغا ئېلىنىۋاتقان دۆلەت ئەشۇ ئىدى. كېيىنچە ئۇنىڭ تەسىر دائىرىسى ناھايىتى كەڭ رايونلارغا يېيىلدى. مۇشۇ دۆلەت ياكى ئۇلارنىڭ مىللىي تەركىبى ئۈستىدە تەتقىقات قىلىۋاتقانلارنىڭ ئەسەرلىرىدە غەربىي ئىراندىكى ئەرمانىيان، ئابغان تەرەپتىكى باكتېرىيان دېگەنناملار ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى نام شۇ چاغدىكى ئىككى تىللىق بۆلۈنۈشنى، يەنى ئەرمانىيان دېگەنلەردە غەربىي ئىران، ئىراق ئەتراپىدىكىلەردە پارس تىللىق تەسىر (ئارىيان تەسىرى) چوڭقۇر بولسا، ئابغان تەرەپتىكى باكتېرىياندا ئوردو تىللىق تەسىر (ئالتاي تىل ئامىللىرى) كۈچلۈك ئىدى. بىز تىلغا ئېلىنىۋاتقان كۇشانىيان كېيىنچە ئاساسەن باكتېرىيان تەسىرى ئاستىدا باش كۆتەرگەن ئىدى. بۇ نامنى لېكسىك ۋە فونېتىك تەدبىقلىساق، كۇشان كەڭ ـ كۇشادە، ئازادە دېگەنلىك ياكى كۇشانى كاشان ـ ئازادە ماكان دېگەنلىك بولسا، باكتېرىيە ـ بەختلىك، سائادەتلىك ماكان دېگەنلىك بولۇپ، قەندىھار، كاھىشگاھ، پەيزىۋات، پاختەكلىكى، كۇسەن قاتارلىق ناملار ئەشۇ زاماننى ئەسلەتكۈچى خاتىرىلەردۇر. مەسىلەن، باكتېرىيان كېيىنچە بەختەر ئېلى بولۇپ، ئاندىن ھازىرقى قەشقەر شەھىرى يېنىدىكى پاختەكلى كېلىپ چىققان، كاشانىيان ئۇقۇمى كاھىشگاھ نامى بىلەن ساقلىنىپ قالغان. تېخىمۇ كەڭرەك چۈشەنسەك، باختېرىيان ـ بەختلىكلەر ماكانى، ئىزناسى ئابغانىستاندىكى بەلىخ، بەختى ئاۋات، قەشقەردىكى پاختەكلى، پەيزىۋات، بەش كېرەم (جەننەت چۈشكەن جاي) دېگەن سۆزلەر شۇنىڭ ئىزناسىدۇر. كاشان ـ كاھىشگاھ بولسا، كۇشان ـ كۇسەن، كۇچا، ئوچالارنىڭ باش ئىزىدۇر. توخارىستاندىن توقسۇ، توققۇزاق دېگەن يۇرت ناملىرى كېلىپ چىققان بولسا، سوغدىيانىدىن سوزاق، سوتىلى دېگەن ناملار كېلىپ چىققان. ياپغۇدىن ياپچان، يوپۇرغا كېلىپ چىققان بولسا، كىيانىدىن كىيا، نىيا دېگەن خوتەندىكى يۇرتلار نامى كېلىپ چىققان. كەيكاۋۇس دېگەن دەقيانۇسقا ئۆزگەرگەن بولسا، كاشاھارا ـ كەشمىر بولۇپ كەتكەن. كوھمارىم ماھايان تىبغىغا ئۆزگەرگەن بولسا، مارالبېشى ماھايانا بېشىدىن كېلىپ چىققان. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن جانلىق ناملار: پاختەك، تورغاي، كەكلىك،

توغراق، پاختا، ئەنجۈر، شاپتۇل... تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىستېتىك قاتلاملار؛ باغ ـ راۋان، ئۆي جاي، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت، گۈمبەز، سالاسۇن ۋە باشقا ئەسۋابلار، ناخشا ـ ئۇسسۇل قاتارلىقلارمۇ بۇنداق ئۇقۇم ۋە ئۇدۇمنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، كۇشان ئاساسلىقى گىرېكلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدى ـ توخرى خەلقلىرى ئۇستىگە قىلغان نەچچە ئەسىرلىك ئاسىملاتسىيىسىگە قارشى ئازادلىق مەنىسىدە قويۇلغان تۈركىي نامدۇر. بىزدە مەشھۇر بولغان «شاھنامە» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى ئەپسانى جەڭلەر خاتىرىسى ئەنە شۇ ئىران، ئافغان، شىمالىي ھىندىستان ئەتراپىدىكى، پەرغانە، كەشمىر، تارىم ئەتراپىدىكى ساسان بىلەن كۇشان ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى سامانىيان دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار خاتىرىسىدۇر. ئەگەر بىز مۇشۇ كلاسسىكلار بىلەن بۈيۈك سالناملاردا ساقلانغان ناملارنى رەتلەپ چىقساق، كۇشاندا قوللىنىلغان ۋە ھازىر تىلىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان سۆزلەر نەچچە يۈز، ھەتتا مىڭلارچە بولۇشى مۇمكىن. ئافغان، تاجىكىستان، پاكىستان، كەشمىر، ھىندىستان، ئىران تەرەپلىرىدىمۇ كۇشاندىن خاتىرە قالغان تۈركىي سۆزلەر سامان نەرقىدۇر. كۇشان مۇشۇنداق ئۇرۇشلار خاتىرىسى يېزىلغان ئەسەرلەردە بىر قەدەر تىنچ، چەتكە بولغان تاجاۋۇزىدىن توختاپ ئۆز ئىلىنىڭ ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات سەنئىتىنى گۈللەندۈرگەن، يېڭى ھەم ئۆزگىچە يۈكسەك غايىۋى روھى ئىلھامىغا ئىگە بولغان ئەل بولۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ئالاھىدىلىكىگە قارىتا باكتىرىيە ـ بەختلىك ماكاندا تېخىمۇ چوڭ ئازادلىققا ئېرىشكەن كۇشان دېگەن ئاراتلىق نامى قويۇلغاندۇر. روشەندىكى بۇ نام بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ خۇددى شۇ چاغدىكىدەك كەڭ كۇشادە، ئازادە دېگەن مەنىلەرنى بىرىپ تۇرماقتا. ھازىرقى كۈندە بىلىپ يەتتۇقكى، ئۇنىڭ 500 يىللىق تارىخىدا مەركىزىي ئاسىيانىڭ ئوتقا چوقۇنۇشتىن باشلانغان بارلىق دىنىي ـ مەدەنىي ئامىللىرى كۇشان روھىدىكى ماھايانادا تىرىلىپلا قالماي، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق، ئويمىچىلىق، رەسساملىق، ئىمارەت بېزەكلىرى ۋە ئىلىم ـ پەندە شۇنداق ئىجادچانلىق ھۆكۈم سۈردى. بۇ ئىجادىيەتتە ھىندى ئەدەبىيات سەنئىتى بىلەن ئەرمىنيان تەرەپتىكى ئىجادىيەتلەر توخرىلار زىمىنىغا (مەركىزىي ئاسىيا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى) ئۆزلەشتۈرۈلۈپلا قالماي، گىرېكلەرنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىردىن شۇ چاغقىچە بولغان توققۇز ئەسىرلىك پەن ۋە سەنئىتى ئىجادى ئۆزلەشتۈرۈلدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، توخرى ياكى ئاق ھونلار چەتكە كېڭەيمىچىلىك بىلەن بولۇپ كەتكەن گىرېكلەر يوقاتقان ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت روھىنى كۇشان تەۋەلىكىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت روھىدا يېڭىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى ئالتاي تىللىرى ئامىللار بارغانسېرى ئۆسۈپ باردى. «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە تىللىرىنى تۈركىي گۇرۇپپىغا مەنسۇپ قىلىپ، خوتەنگە كەلگەندە ئايرىملىقنى تىلغا ئېلىشى ئېھتىمال كۇشان دەۋرىدىكى بۇددىزم ئامىللىرىنى ساقلىغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن تىلدىكى ئارىيانلىق ئامىللارنى كۆپرەك ساقلاپ قالغانلىقى، باشقا جايلاردا تۈركىي ئامىللار ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئىسلام ئىچىلغاندىن كېيىن گىرېك ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش بويىچە «ئوتتۇرا ئاسىيا ئارىستوتىللىرى» نىڭ ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىيادا باش كۆتىرىشىمۇ ئەشۇنداق بىر يىلتىزلىق ئامىل بىلەن باغلانسا كېرەك.

**ئالتىنچى، كۇشان تىلىدىكى تۈركىي ئامىلنىڭ ئۆسۈپ بېرىشىدىكى سەۋەب.** مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي بايانلاردىن چەكلەپ قويۇپ، مەخسۇس ھالدا ھىنايانا بىلەن ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەرەققىيات سىمۋولى بولغان ماھايانا ئۇقۇملىرى بويىچە تەدبىقلاشقا ئۆتسەك، پەرەزلىرىمىز شۇكى، ھىنايانا ـ بىر ئاتلىق ھارۋۇ دېگەنلىك بولۇپ، چىن ياكى رىم تارىخىي فىلىملىرىدىن كۆرگەندەك، پادىشاھ بىر ئاتلىق ھارۋۇدا ئولتۇرغاندەك ياكى ئەسكەرلەر بىر ئاتلىق جەڭ ھارۋىسىدا يۈرگەندەك بىر مەنزىرە ئىدى. بۇددىزم (بۇددۇن) ھىنايانا ئەنئەنىسى بويىچە قۇلدار پادىشاھ بىر ئاتلىق ھارۋۇدىكى ھارۋۇكەش يەنى دۆلەت ھارۋىسىنى ئۆزى تەنھا ئىرادەت قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدەن (بۇدۇنلار) نىڭ ھەر بىرى بىر ئاتلىق ھارۋۇ تەسەۋۋۇرىدا تەپەككۇر قىلاتتى. ماھايانا ئون ئاتلىق ھارۋۇ دېگەنلىك بولۇپ، بۇددىزمنىڭ كۇشاندىكى مىللىي تەرەققىيات فورمىسى ئىدى. بۇ دۆلەتنى ھىنايانا مەزھىپىدىكىگە ئوخشاش بىر پادىشاھ ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە پادىشاھ قۇرۇلتاي ئارقىلىق باشقۇرۇش ئىدى. بۇنى تەسەۋۋۇر قىلساق، ئون ئات تارتىپ كېتىۋاتقان بىر ھارۋا كۆلەڭگىسى كىلىپ چىقىدۇ. يەنى تۆت چاقلىق ھارۋۇنى ئون ئات تارتىدۇ. ھارۋۇدا ئونغۇل (پادىشاھ) بار. ئۇلارنى كېلىشتۈرمەك ئۈچۈن نۆۋەتلەشكۈچى سۇلھەتەن (سۇلتان) بولىدۇ ياكى ئون ئات چۇلۋۇرىنى تۇتقۇچى بىر تۇغرول، ھارۋۇدا ئۈچ تەرەپكە ئوقيا ئاتقۇچى توققۇز ئونغۇل بولغان بولىدۇ. بۇنداق خۇدۇد (ئوچۇن) غا چەمبەرنى چېكىتكە سىڭدۈرۈش مىتودى بىلەن قارىساق، بىر ئىنسان پۇتىدىكى ئون بارماق ئون ئات، قولىدىكى ئون بارماق ئونغۇل بولىدۇ. بۇ مانا بىر ئەمەس، ئونلاپ دانىشمەن كېڭەش قىلىپ

دۆلەتنى ئادالەت بىلەن باشقۇرۇشقا ئۆتكەن دۇنياۋى سەۋىيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ماھايان كۇشاندا مۇقەددەس دىن بولۇپ، ئىلىمىز جۇڭگو ۋە ياپونىيىگىچە تارقىلىپ قالماي، ئاخىرىدا يەنە بىرما، كەشمىر، تىبەت، بىنگاللاردا ئۈستۈنلىكنى ئىگىلەپ، ئاخىرىدا ھىندىستاندىكى بەزى ماھايانا مەزھەپلىرىنىمۇ قايىل قىلىپ ئۆزىگە قوشقاندۇر.

بىزنىڭچە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەسۋىرلىگەن ئۆگدۈلمىش ئىزدىگەن تىپىمۇ ئەقىللىق كۇشامىش بىلەن قۇمارۇلار مانا مۇشۇ قۇرۇلتاي تۈزۈمىنى بىلگەن ۋە يولغا قويۇپ سىناقتىن ئۆتكۈزگەن دانىشمەنلەر ئىدى. يەنى ئۇلار ئېيتقان ئون ئاتلىق ھارۋا نامىدىكى ماھايانا دېگەن ئىلىم شۇ چاغدىكى تىلىمىزدا «گەردۇن» ئاتىلىۋاتقان ئالەم ھەققىدىكى بىلىم بولۇپ، بۇ گەردۇن ئالەمنىڭ ئون قەۋەت گەردىشلىرى ياكى ئون قەۋەت ئاسمان بولسا، كۇشامىش ۋە قۇمارۇلار مۇشۇ ھەقتىكى بىلىملەر بىلەن قوراللانغان ۋە بۇ بىلىملەرنى قاراخان دانىشمەنلىرىگە ئۆگىتىپ قويىدىغان دەرىجىدىكى ئەۋلىيا، «دۇنياۋى» تەپەككۇرلىرىدا ئۇلارغا خۇش خەۋەر بېرىدىغان دانىشمەنلەر ئىدى. بۇنداق دانىشمەنلىك ماھايانا ئەۋلادلىرى بولغان ۋە بۇ دىن ئىجاد بولغان تارىم ـ خارەزىم ئەتراپىدىكىلەرگە كۈچلۈك ئىلھام ئىدى.

ئەگەر بىز «ماھايانا راست شۇنداق دانىشمەنلىكمىدۇ؟» دەپ قالساق، بۇنى شۇ چاغدىكى «ئالتۇن يارۇق» مەنتىقىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك مەلۇم بولىدۇكى، بۇ ئەل شۇ چاغدىلا دۇنياۋى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئەقىل ئىدراك جەھەتتە زور بىر قېدىرىش ئېلىپ بارغان مەدەنىيەتلىك ئەل بولۇپ چىقىدۇ. مەسىلەن، بۇ ئەلنىڭ مەنىۋى دەستۇرى بولغان «ئالتۇن يارۇق» تا مەسىلىلەر سەھەر، گۈلشەن، كۆچەت، چېچەك؛ شەپەق؛ شەبنەم، خۇشپۇي، يىلتىز رەمزى بىلەن مەنتىقىلەنگەن. بۇ ھەرگىزمۇ كۆڭلىمىزدىكى چىمەن ياكى باغ تەسەۋۋۇرى بولماستىن، ئىنسانلارغا ئۆزلىرىنىڭ مەشغۇلى ھەرىكەت بىلەن تۇرغان كائىنات بىلەن بولغان بىر چېكىتلىك مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ كائىناتتەك كەڭلىك روھىدا دوستلىشىش شەرتلىكىنى بىلدۈرۈش ھەققىدىكى مەنتىقە ئىدى. ئەگەر بىز بۇ نېگىزلىك مەنتىقىنى تېمىمىزدىكى گۈلشەن (دوسرۇھ) بىلەن دۈشمەن (پوسرۇھنى) ئۆزگەرتىش بويىچە تەدبىق قىلساق، گۈلشەن دېگەن نۇرغۇن خىلداش كۆچەتلەر ئۈملۈكى بولۇپ، ھەر بىر كۆچەت ئۈچۈن باشقا كۆچەت چېچەكلىرى بىلەن زەرەتلىنىپ تۇرۇش زۆرۈر بولىدۇ. چېچەكلەردىكى شەبنەم ئاسماندىن چۈشكەن ئىلھام، بۇ ئىلھامنى (شەبنەمنى) ئالەملىك ئاپتاپ (يورۇقلۇق) چىرايلىق قىلىدۇ. ئاپتاپ زەرەتلىرى سىڭگەن شەبنەم چېچەكتىن كۆچەتكە نەملىك بولۇپ تارىلىپ تۇپراقتىكى يىلتىزنى قۇۋۋەتلەيدۇ، بەلكى تۇپراقنى مۇنبەت قىلىدۇ. بۇنداق گۈلشەن ھەم ئون ئاتلىق ھارۋىدەك ھەرىكەت قىلىدۇ، ھەربىر كۆچەت كۈچى ئون ئاتلىق ھارۋىدەك، ئون ئات ۋە ئونغۇل روھلىرى شەبنەمدەك، ئاپتەپتەك پارلاق بولىدۇ. بۇنداق گۈلشەن روھ دۈشمەنلەرگە تەسىر قىلسا، گۈلشەنگە ئايلىنىدۇ، پوس دوستقا ئايلىنىدۇ. دېمەك، ماھايانا ئىنسانلار يارالغان ئەزەلى زاماندىن تاكى مەھشەرگىچە زامانلارنى تاسقاپ، ئىنسانلارغا يامانلىق قىلمايدىغان، جانغا ئۇۋال قىلمايدىغان ھالاللىق رىسقلىرىنى ئىزدەيدىغان دۇنيا قاراش بىلەن ۋىجدانى روھى ئامانلىقنى ئىزدىگەن دىن بولۇپ، شۇ زامان دۇنياسىدا ئەڭ يۇقىرى ئىلىم ـ پەن سەۋىيىسى بولغان تابغاچ روھى بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. مەسىلەن، شۇ چاغدىكى رىمدا جىنايەتچىنى تەڭرى جازالىسۇن دەپ كرېستكە مىخلاش يولغا قويۇلغان، كۇشاندا تەڭرى جازاسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇرۇنراق تابغاچ (卍) مىزانىنى ھەممە ئادەم روھىغا ئەندىزە قىلىپ بەلگىلەپ، كىشىلەرنىڭ پىكىر ـ سېزىم تەڭلىمىسىنى تەڭشەش ئىپادىسىنى يولغا قويغان. بۇنداق سەۋىيىنى بىزنىڭ بىۋاستە قانداش بوۋىلىرىمىز ياراتقان. بۇ روھ كېيىنچە سامانىلارغا مىراس قالغان. مىلادى 2 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە زامانلار تارىختا كۆك تۈرك ياكى سامانىيان دەۋرى ئاتالدى. دىن نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ماھاياناغا شامان ۋە مانى روھى قوشۇلغان ئىدى. مانى دىنى دېگەن گەپ ئەسلى مائانىزىم ـ ھىندىيادىن ئۈستۈن غايىۋى روھ بىلەن ماھايانا روھىنى تۇرغۇزۇش دېگەن گەپ ئىدى. مانى دىنىدىكى ئۈچ زامان: تۈنۈگۈن، بۈگۈن، ئەتىدۇر؛ بىر ھوقۇقى دۆلەت روھى بويىچە، تۈنۈگۈن ـ ھوقۇقنى ئېلىش ـ بۇرۇنقى ئۆتمۈش؛ بۈگۈن ـ ھوقۇق ئىگىلىگەن ھازىرقى كۈيمۈش؛ ئەتە ـ دۆلەت غايە قىلغان كەلگۈسى كۆرمىش ئىدى. ئىككى كۈچ ئەخرەمەن (زۇلمەت سوغۇق)، ئەخرۇمەز (تومۇز ـ يورۇق) ئىدى. ھوقۇق نەزىرىدە، ئەخرومەز (ئاق) تومۇز ـ يورۇق كۈچ ھوقۇقى قاتلام؛ ئەخرومەن (زۇلمەت ـ سوغۇق) يۇقىراۋى قاتلام ئىدى. ھوقۇقى مەنمۇنىيەت بىلەن يۇقىراۋى مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ «ھەرقانداق بىر ئىنسان بۇ ئۈچ زامان تەرتىپىنى ۋە ئۆزىدىكى ئىككى قاتلام كۈچنى بىلىپ تۇرالايدۇ، دېگەن گەپ ئىدى. بۇنىڭدىن بۇنداق ھوشيار ئادەملەر تۆرىسى بولغان قاغان «تەڭرىقۇت» ھەممىگە قادىر، يەنى ئاقىل ماھايانالىق ئۆگلۈك (دانىشمەن) ھەممىگە قادىر دېگەن مەزمۇن چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كۇشان دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا يەنى باكتىرىيىلىك مانى ماھايانا قاراشلىرىدىن چىقىپ مائانىزم دىنىنى

خوتەن قاشتېشىغا نەقىشلىگەن دېگەن گەپ مەيدانغا چىققان.
مانى مۇشۇ مىراس ئاتىلىلا (ئادىل نوشىرۋان) قولىغا چۈشكەن.
بىلىمىزكى، ئۇ مەغرىپ (مۇغۇلغا) يۈرۈش قىلغۇچى ۋە
مەشرىق (دوغۇلغا) يۈرۈش قىلغۇچى سىگان (مانى راھىب)
قوشۇنلىرىنى ئايرىدى. ئۇ ساگان قوشۇنلىرى بىلەن ياۋرو-
پاغا قەدەر يۈرۈش قىلدى. كۆك تۈرك دەپ ئاتالغان مانى
قوشۇنلىرى بولسا شەرققە (دوغۇل) بولۇپ كېتكەيدى. بۇ
يەردىكى سامانى دېگەن ھازىرقى كۈندە پارس تىلى بولسى-
مۇ، ئەڭ قەدىمكى زامانلاردا تۈرك ھەم پارسلارغا ئورتاق
ئانا يىلتىز بولۇپ، كېيىنچە بىز بۇنى كۆك دەپ ئاتىدۇق.
مۇشۇ مەنىدە شامان (ئاسمانى) دېگەن سۆز بۇ كۆك تۈرك
بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتتى. كۆك بىلەن ئاسمان — سا-
مانى ئوخشاش ئىكەن، ئۇنداقتا تۈرك بىلەن مانى دېگەن
نېمە گەپ؟ بۇ ئابىۋاندا تۈرك بولۇپ ئۆگزىنى كۆتۈرۈپ تۇ-
رىدۇ. تۈرك ياكى تۆت قىر، ياكى سەككىز قىرلىق بولىدۇ.
تۆت ياكى سەككىز تەرەپكە يۈرۈش قىلىدىغان ماھايانا
(ئون غول — ئون ئاتلىق) كۈچ دۆلەت ئاسماننى كۆتۈرۈپ
تۇرىدۇ، دېگەنلىكتۇر. دېمەك، كۇشان توخرىلىرى ئىجاد
قىلغان ماھايانا سامان — ئاسمان كۆك دەۋرلىرىدىمۇ
شۇنداق مەنا بىلەن تېخىمۇ ئىجادىي جارى قىلىندى. كۇ-
شانغا سامان — كۆك تۈرك ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ تارى-
خىي يىلتىزلىق مەناسىدىن ئالغاندا، كۆك — تۈرك، شەرقىي
تۈرك — دوغۇل دېگەنلىك بولسا، سامانى — غەربىي كۆك
تۈرۈك — سامانى دېگەنلىك بولۇپ، بۇ خۇددى كۇشان
دەۋرىدىكى شەرقىي هون (دوغۇل)، غەربىي هون (موغۇل)
دېگەندەك ياكى قارا هون، ئاق هون دېگەندەك پەرقتۇر.
تۈركىي ۋە پارسىيلارغا ئورتاق بولغان بۇ دىن ياكى ئاتالغۇ-
لار باشقا جايغا تارقىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى يەرلىك
زىل پەرقلىرىنى بىلمىگەنلىكى بىلەن سامان (ئاسمان) ياكى
كۆك (ئاسمان) دېگەنلەر ئۇلاردا باشقا — باشقا مەنىدە چۈ-
شىنىلگەندۇر. مەسىلەن، بۇ تارىخىي باسقۇچلاردا بىز ئېلى-
مىز جۇڭگو تارىخىدىن خەن دەۋرىدە جاڭچيەن، كېيىن
بەنچاۋ كۇشان دىيارىغا كەلگەنلىكىنى، تاڭ دەۋرىدە شۇ-
ۋەنزاڭ (ئەسلىدىكى كوشان) دىيارىغا كەلگەنلىكىنى بىلى-
مىز. بۇلار دەل بىزدىكى ئەشۇ بىرىنچى مەدەنىيەت گۈللىنى-
شى دېگەن چاغلاردا كەلگەنلەر بولۇپ، بۇلار شۇ چاغدا بۇ
ناملارنى توغرا خاتىرىلىگەن، لېكىن كېيىنكى يازغۇچىلار
كۆمۈلگەن سىرلارنى بايقىماي ھە دېسىلا ئارىلاشتۇرۇپ
قويغان. مەيلى جاڭچيەن، مەيلى بەنچاۋ، مەيلى شۋەنزاڭ
بولسۇن، ئۇلار بۇ يەرلىك تىل ياكى ناملارنى بىلەتتى.
چۈنكى ئۇلار ئالتاي (تۈركىي تىل) ياكى ئوردۇ تىلىنى بىلى-
مىسە ئەلچى بولالمايتتى. ئۇلار تىلنى بىلگەن بولسا، قانداق
ئۆگەنگەن؟ ھېس قىلىش مۇمكىنكى، بىرىنچى ئېھتىمال
ئۇلار كۇشان ياكى سامانى دەۋرلىرىدە سودىگەر بولۇپ
چاڭئەندە ماكانلاشقان قېچى، ئىككىنچى ئېھتىمال ئەشۇنداق
قېچى ئەسلىدىن بولۇپ قالغان ياكى سودىگەر بولۇپ قېچى
بولغانلاردۇر. خەن دەۋرىدىكى «ئاق ئات» ئىبادەتخانىسى
ياكى تاڭ دەۋرىدىكى «كىچىك جاڭگال» ئىبادەتخانىسى ما-
ھايانا مۇرتلىرى ئېلىمىزنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا بېرىپ
مۇخلىس كۆپەيتكەن ئىزلاردۇر. بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەق-
قىيات تارىخىدىكى مۇشۇ ئىزلارنى بىلىپ ئالغاندىلا، ئۇنىڭ
ئۇرۇقلۇق ئاملى، ئۇرقۇن ئەمەس، تارىمدىن تارالغانلىقىنى
بىلەلەيمىز ۋە يۇقىرىدىكى تۇتۇق پەرەزلەردىن ئازاد بولۇپ،
تىلىمىزنىڭ ئۇقۇم، ئىبودۇمىدىكى بايلىقلارنى زامانىمىز
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. گەپنى قىسقا قىلغاندا،
ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇرۇقى ئەنە شۇ قاتمۇ — قات تارىخ ئىچىگە
يوشۇرۇنغان، بۇنىڭدا رىنسانلىق ئەقلىنى ئاچقان يادا تاش
تۇتۇمى، بوۋىلىرىمىزنى ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرغان بۆرە تۇتى-
مىغا ئائىت مەنالارنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملار، بۇددىزمنىڭ
ماھايانا دولقۇنىنى ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇملار، ئىسلامىي مەدەنى-
يەت تارىخىدىكى ئۇقۇملار بار بولۇپ، گويا دەريالار قوشۇ-
لۇپ ھاسىل قىلغان دېڭىزلاردەك بىر مەنىۋى خەزىنە يو-
شۇرنۇپ ياتىدۇ. شۇڭا، بۇ تىلنىڭ ئۇرۇقى نېگىزى ياكى
ئاساسىي توغرىسىدا گەپ قىلغاندا، بۇ دېڭىز لېۋىدىن بىر
كۆز سۇ ئېلىپ كېلىش بىلەن قانائەت ھاسىل قىلماي، دې-
ڭىزغا كىرىپ ئۆرۈپ بېقىش لازىم. ھېچبولمىغاندا، مىلادى-
نىڭ ئالدى — كەينىدىكى كۇشان خانىنىڭ دەستۇرى بولغان
«ئالتۇن ياۋۇق»، ئۇرخۇن پۈتۈكلىرى، قادىرخانىيە دەستۇ-
رى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تەك ئا-
بىدىلەرنىڭ مەنىۋى يىلتىزلىرىنىڭ ئۇلىنىپ تۇرغانلىقىنى
كۆرۈش كېرەك.

**— يەتتىنچى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن
ئۈچۈر ۋە بىزدىكى ئالىملارنىڭ پەرەزلىرى.** تىلىمىزنىڭ
كۇشان دەۋرىدە تېز گۈللىنىپ كېيىنچە ئۇنىڭ سىياسىيلار
سۇلالىسى قۇرۇلۇشىدىن بۇرۇنقى تىل يىلتىزى ناھايىتى
مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن بولۇپ، تىلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ماشا-
يىخى مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە بۇ ھەقتە
بەرگەن خەۋەرلەر يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە
بىۋاستە ئاساستۇر. بىز بۇ يەردە ئۆزىمىزنىڭ تەھلىلگە
چەك قويۇپ، ئالدى بىلەن بوۋىمىزنىڭ ئۆز ئەسىرىدە
تۈركمەن، ئۇيغۇر، ئۆگەن سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ
بېرىش مەقسىتىدە خاتىرىلىگەن تۆۋەندىكى مەزمۇنلارغا

قاراپ ئۆتەيلى.

بىرىنچى، «تۈركمەن، بۇلار ئوغۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ تۈركمەن دەپ ئاتىلىشىدا مۇنداق بىر ھېكايە بار: زۇلقەرنەيىن سەمەرقەنتتىن ئۆتۈپ، تۈرك شەھەرلىرىگە يول ئالغان چاغلاردا، تۈركلەرنىڭ «شۇ» ئىسىملىك بىر ياش خاقانى بار ئىدى، ئۇ چوڭ قوشۇن ئىگىسى ئىدى. بالاساغۇن يېنىدىكى «شۇ» قەلئەسىنى شۇ ئۆزى ئالغان ۋە بىنا قىلدۇرغان. بۇ قەلئە ئالدىدا ھەر كۈنى بەگلەر شەرىپىگە 360 قېتىم دۇمباق چېلىناتتى. ئادەملىرى ئۇنىڭغا: «زۇلقەرنەيىن يېقىن كېلىپ قاپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ؟ نېمە بۇيرۇقلىرى بار ئىكىن؟» دەيدۇ. ئەسلىدە خاقان «شۇ» خوجەند دەرياسى بويىغا قاراۋۇل قويۇش ۋە زۇلقەرنەيىننىڭ دەريادىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بۇ دەريا قىرغىقىغا تارخانلاردىن تەركىب تاپقان قىرىق كىشىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتكەنىكەن. چارلىغۇچىلار مەخپىي ھالدا كەتكەچكە ئۇلارنىڭ خاقانىنىڭ كۆڭلى بۇنىڭدىن خاتىرجەم ئىكەن. خاقانىنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان بىر كۆلچىكى بولۇپ، سەپەرگە چىققاندا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلغاندىن كېيىن، غاز ئۆردەكلەر چۈشۈپ شۇڭغۇپ ئوينايدىكەن، خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشىمىزمۇ دېگەنلەرگە ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈمۈش كۆلچىكىنى كۆرسىتىپ، «غاز، ئۆردەكلەرگە قاراڭلار، ئۇلار سۇغا قانداق شۇڭغۇيدىكەن؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. خاقانىنىڭ بەرگەن جاۋاب ئادەملىرىنى ئويغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇلاردا «خاقان زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇرۇشماقچىمۇ ئەمەس، چېكىنمەكچىمۇ ئەمەس» دېگەن گۇمان پەيدا بولۇپتۇ. زۇلقەرنەيىن دەريادىن ئۆتۈپتۇ. چارلىغۇچىلار ئۇنىڭ ئۆتكەنلىكىنى خاقانغا كېچىسى كېلىپ مەلۇم قىپتۇ. خاقان شۇ كېچىسىلا دۇمباق چالدۇرۇپ، شەرققە قاراپ يول ئاپتۇ. خاقانىنىڭ تەييارلىقسىزلا يولغا چىققانلىقىدىن، خەلق ئارىسىدا ئەنسىزلىك تەشۋىش پەيدا بولۇپتۇ. ئۇلاغ تاپالىغانلار ئالدىراش — تېنەش ئۇدۇل كەلگەن ئۇلاغلارغا مىنىشىپ خاقانىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۇ بۇنىڭ، بۇ ئۇنىڭ ئۇلىغىنى ئېلىۋاپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قارارگاھ تۇپتۇز بىر سايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇ چاغلاردا تىراز، ئىسپىجاب، بالاساغۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەھەرلەر بىنا قىلىنمىغان ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن بىنا قىلىنغان. ئۇ يەرلەردە چېدىرلاردا ياشايدىغان كۆچمەنلەر ھايات كەچۈرەتتى. خاقان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى كېچىلەپ كېتىپ قالغاندا، يىگىرمە ئىككى كىشى ئۇلار بىلەن بىللە كېتىشكە ئۇلاغ تاپالمىغانلىقتىن، بالا چاقىلىرى بىلەن شۇ يەردە قېلىپ قاپتۇ. مەن ئۇلارنىڭ ناملىرىنى كىتابىنىڭ بېشىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم، ماللىرىغا باسىدىغان تامغىلىرىنىمۇ شۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتكەنىدىم. مەسىلەن، «قىنىق»، «سالغۇ» ۋە باشقىلار. بۇ يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارنىڭ كەينىدىن پىيادە بېرىش ياكى مۇشۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا، ئۇلارنىڭ يېنىغا ئىككى كىشى كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بالا چاقىلىرىمۇ بىللە ئىكەن. ئۇلار يۈك تاقىلىرىنى دۈمبىلىرىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ كەينىدىن كېتىۋاتقان، ھارغان — ئاچقان، ئېغىر يۈكنىڭ دەستىدىن تەرگە چۆمگەنىكەن. بۇ ئىككى ئائىلە قېلىپ قالغان ھېلىقى يىگىرمە ئىككى ئائىلىگە يولۇقۇپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ. يىگىرمە ئىككى ئائىلە ئۇلارغا «ئەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم (زۇلقەرنەيىن) بىر يولۇچى، ئۇ بىر يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قېلىپ قالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدە ئۆزىمىز قالىمىز» دەپتۇ. ئۇلار ئىككى ئائىلىگە تۈركچە «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپتۇ. كېيىن ئۇلار «خالاچ» دەپ ئاتىلىپ قالغان، خالاچلارنىڭ ئەسلى شۇ، ئۇلار ئىككى قەبىلىدۇر.

زۇلقەرنەيىن كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن چاچلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تۈركلەرگە خاس بەلگىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن گەپ سورىمايلا بۇلار «تۈرك مانەند — تۈرككە ئوخشايدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۆز ئۇلارغا بۈگۈنگە قەدەر نام بولۇپ — قالغان.

تۈركمەن (تۈرك مانەند) لەر ئەسلىدە يىگىرمە تۆت قەبىلىدۇر. لېكىن ئىككى قەبىلىدىن ئىبارەت بولغان خالاچلار بەزى جەھەتتە ئۇلاردىن ئايرىم تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئوغۇزلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى شۇدۇر.

خاقان «شۇ» چىن (قاراقىتان) تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشىدۇ. ئۇيغۇرلارغا يېقىن بىر يەردە خاقان زۇلقەرنەيىنگە بىر قىسىم چارلىغۇچى قوشۇن ئەۋەتىدۇ، زۇلقەرنەيىنمۇ شۇنداق قوشۇن ئەۋەتىدۇ. توقۇنۇش نەتىجىسىدە زۇلقەرنەيىن ئەۋەتكەن قوشۇن مەغلۇپ بولىدۇ، بۇ توقۇنۇش «ئالتۇنقان» دېگەن يەردە بولغانىكەن، بۇ تاغ ھازىرقى كۈندە «ئالتۇنخان» دەپ ئاتىلىدۇ. زۇلقەرنەيىن ئەنە شۇ يەردە خاقان — (شۇ) بىلەن سۈلھ تۈزىدۇ. ئاندىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلىدۇ ۋە بىر مەزگىل شۇ يەردە تۇرۇپ قالىدۇ، زۇلقەرنەيىن چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن خاقان «شۇ» قايتىپ كېلىدۇ ۋە بالاساغۇنغا قەدەر ئىلگىرىلەيدۇ. ئاندىن ئۆز نامى بىلەن ئاتالغان «شۇ» شەھىرىنى سالدۇرۇپ، ئۇ يەرگە بىر تىلسىم قۇردۇرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە لەيلەكلەر ئۇ تىلسىملىق شەھەرنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ توختاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۇچۇپ

ئۆتەلمەيدۇ. تىلسىم بۈگۈنگە قەدەر بۇزۇلماي كېلىۋاتىدۇ» (د ل ت 3 ـ توم 564 ـ 568 ـ بەت)

ئىككىنچى، «ئۇيغۇر، بىر ئەلنىڭ ئىسمى، ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەر نەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغانىكەن.

ماڭا مۇھەممەت چاقىرتونقاغان ئوغلى نىزامدىن ئىسرافىل تۇغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى (شۇ) ئۇنىڭغا قارشى 4 مىڭ ئادەم ئەۋەتكەنىكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەر نەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە «بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن، بۇلارنىڭ قولىدىن ئۇۋ قېچىپ قۇتۇلمايدۇ، قاچان خالىسا شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ» دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل «خۇزخۇر» دەپ ئاتىلىپتۇ، كېيىن «خ» ھەرپى «ا» غا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئالمىشىش، بولۇپمۇ «ا» نىڭ «خ» غا ۋە «خ» نىڭ «ا» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ «خەمىر» دېيىلىشى شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار «ئەمىر» دېيەلمەي، «ا» نى «خ» غا ئالماشتۇرۇپ «خەمىر» دەيدۇ، شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىزنى «خەمىر تەگىن» دەپ ئاتايدۇ. خۇددى «ئۇيغۇر» سۆزىدە كۆرسەتكىنىدەك، بۇ يەردە «ا» ھەرپى «خ» غا ئالماشقان.

«خ» ھەرپى «ا» غا ئالمىشىش بىلەن بىللە «خۇز» سۆزىدىكى «ز» ھەرپىمۇ «ي ـ يا» غا ئالماشقان. بۇ «ز» ھەرپىنىڭ «ي» غا ئالمىشىشى تۈپ قائىدە. شۇنىڭدىن كېيىن «خۇر» سۆزىدىكى «خ» ھەرپى «غ» غا ئالماشقان. «غ» نىڭ «خ» غا ۋە «خ» نىڭ «غ» غا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە. خۇددى ئەرەبچىدە «خوتۇر» نى «غودۇر» دېگەندەك.

«ئۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر:

سۇلمى، بۇنى زۇلقەر نەيىن سالدۇرغان. قوچۇ، چانبالىق، بېشبالىق، ياڭى بالىق» (د ل ت 1 ـ توم 151 ـ 153 ـ بەت)

«ئۆگە، تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قېرى ـ سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىن-دىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق، بۇ سۆز مۇنداق كېلىپ چىققان: زۇلقەر نەيىن چىنغا قاراپ ئىلگىرىلىگەندە، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن تۈرك خاقانى (شۇ) ياشلاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلۈك ئەسكەرنى ئەۋەتىدۇ. خاقاننىڭ ۋەزىرى: «سىز زۇلقەر نەيىنگە ياشلارنىلا ئەۋەتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تەجرىبىلىك، ياشانغان ئۇرۇش ماھىرلىرىدىن بىرەر ئادەمنىڭ بولۇشى كېرەك ئىدى» دېگەندە، خاقان ياشانغان ۋە تەجرىبىلىك مەنىسىدىكى «ئۆگە» سۆزىنى قوللىنىپ «ئۆگەنمۇ» دېگەن. ۋەزىر «ھەئە» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن خاقان سىنالغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ كېچىسى زۇلقەر نەيىننىڭ ئالدىنقى ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭگەن. بىر تۈرك ئەسكىرى زۇلقەر نەيىن ئەسكەرلىرىدىن بىرىنى بىر قىلىچ بىلەنلا كىندىكىگىچە ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن. ئۆلتۈرۈلگەن ئەسكەر تىللا سېلىنغان ھەميانىنى بېلىگە ئېسىۋالغانىكەن، ئۇمۇ كېسىلىپ تىللالىرى قانغا مىلىنىپ يەرگە تۆكۈلگەن، ئەتىسى ئەتىگەن تۈرك ئەسكەرلىرى قانغا مىلەنگەن تىللالارنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ سوراشقاندا، ئۇلار: «ئالتۇنقان» دېيىشكەن، شۇڭا، شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاغ مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان. ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن بولغان بۇ تاغنىڭ ئەتراپىدا كۆچمەن تۈرك خەلقلىرى ياشايتتى. زۇلقەر نەيىن كېيىنچىلىك ھۇجۇمدىن كېيىن تۈرك خاقانى بىلەن سۈلھ تۈزگەن.» (د ل ت 122 ـ 123 ـ بەت)

يۇقىرىدا پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بۈيۈك تىلچى بوۋىمىز خاتىرە قىلغان ئۈچ مەزمۇننى ئوقۇپ ئۆتتۇق. بۇ ئۈچ مەزمۇندا بىردەك گىرىكلەرنىڭ ئىراندىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا باسمىچىلىق يۈرگۈزگۈچى ۋەكىلى ئىسكەندەر بىلەن شۇ خاقان تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى بۇ مەزمۇنلار تاجاۋۇزچى ئىسكەندەر ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ئىستىلاسىغا قارشى چىققۇچى يەرلىك خەلق داھىسى «شۇ» خاقان ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر توقۇنۇشىنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان، بوۋىمىز بۇلارنى «شۇ» داستانىنى ئاساس قىلىپ خاتىرە قىلغان. ئەمما، بۇ داستاننىڭ بوۋىمىز تىلغا ئالغاندىن باشقا قىسىملىرى بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەن، مانا مۇشۇ كىچىككىنە بىر قىسىملا بىزگە تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق يىلتىزى توغرىسىدا شۇنچە مۇھىم ئۇچۇرنى قالدۇرغان.

مەركىزى ئاسىيا ۋە ئىران تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، يىراق قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى بىلەن ئىران خەلقى يەنى تۇر ئەۋلادى بىلەن ئىراج ئەۋلادى قانداش تۇغقانلار بولۇپ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ غايىۋى كەلگۈسىنى تولۇق مۆلچەرلىيەلمەيدىغان گۆدەك چاغلاردىكى جەندەللەر

تۆپەيلى بۆلۈنگەن. كونكرېت ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VII ئەسىردىن IV ئەسىرگىچە 300 يىل داۋام قىلغان ئۇرۇش تۆپەيلى ئاخمانىلار سۇلالىسى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر بۆلەك يەرلىرىنى ئىگىلەپ كەتكەن ۋە بۇنىڭدىن نارازى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقى ئىراج (ئىران) قەۋمىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش بىلەن ياتلىشىپ كەتكەن. «ئىككى قوشقار سوقۇشسا بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ» دېگەندەك، بۇ ئۇرۇش ئىچىدە كۈچى خوراپ كەتكەن ئىككى تەرەپ ئەھۋالىنى بايقىغان گىرىكلەر دانىشمەن ئارىستوتىل تەربىيىسىدە بىلىم ۋە پاراسەت كامالىتىگە قاراپ ماڭغان ھەمدە گىرىكلەرنىڭ ئۇلۇغ قەھرىمانى ئاكادېمىيىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ئىسكەندەرنى زور قوشۇن بىلەن ئىران ئاخمانىلار سۇلالىسى ئۈستىگە ماڭدۇرغان، ئۇ مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 331 - يىلى ئاخمانىلار سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ، ئىران (ئەجەم) يەرلىرىنى ئىگىلىگەن ۋە توختىماي ئىلگىرىلەپ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 329 - يىلى ئوغۇزلارنىڭ سەمەرقەنتتە ئىسكەندەرگە قارشى ئېلىشقان باتۇرى سىپتامىن قوشۇنلىرىنىمۇ يېڭىپ ئاخمانىلار بېسىۋالغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارنىمۇ بېسىۋالغان.

تىل ماشايىخىمىز تۈرك خاقانى ئاتاۋاتقان «شۇ» ئەنە شۇ باسمىچىلىقتا تېخىچە باش ئەگمىگەن ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار بويىچە ئېيتقاندا، تېخىچە ئىسكەندەرنىڭ قەدىمى يەتمىگەن خوجەن، پەرغانە ۋادىلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ شەرقىدىكى بۆلگىلەرنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان. ئۇنىڭ ئوردىسى سەيجۇن (ئامۇ) دەرياسىنىڭ شەرقىدە بولغانلىقتىن ئىسكەندەر قوشۇنى ئۇنى قوغلىغان ۋە ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىن ئالتۇنقان دېگەن يەردە ئىككى تەرەپنىڭ چارلىغۇچى قوشۇنلىرى توقۇنۇشقان. توقۇنۇشتا ئىسكەندەر قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولغان ۋە بۇ يەردە «شۇ» خاقان بىلەن سۈلھى تۈزگەن. ئىسكەندەر چېكىنىپ كەتكەندىن كېيىن شۇ خاقان قايتىپ كېلىپ بالاساغۇن (قۇز ئوردۇ) غىچە ئىلگىرىلىگەن. ئاندىن بۇ يەردە ئۆز نامىدا قەلئە سالدۇرغان. «شۇ» داستانىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلىك جەريانى قىسقىچە شۇنىڭدىن ئىبارەت. گەرچە بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەر بولغان تەقدىردىمۇ بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئېنىقكى، بۇ داستان ئىسكەندەر ئىستىلاسى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش بولۇۋاتقان جەرياندا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بىزگە بۇ يەردە ئەزەلىي ياشاپ كېلىۋاتقان خەلق بىلەن ئۇنىڭ تىلىنى ئۇقتۇرىدۇ.

بۇنداق ئىكەن، بۇ يەردىكى خەلق كىم؟ مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە «قېنىق، سالغۇ ۋە باشقىلار» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەن قەبىلىلەردۇر. ئۇيغۇرلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. تىلچۇ؟ شۇ خاقان شەرققە چېكىنگەندە ئۇلاغسىز ئارقىدا قالغان 22 ئائىلە ۋەكىلىنىڭ يولغا چىقىپ ھېرىپ قالغانلىقتىن ئۆزلىرىگە ئۇچراپ قالغا ئىككى «خالاچ» قا: «ھەي ئادەملەر، ھېلىقى ئادەم» (زۇلقەرنەيىن) بىر يولۇچى، ئۇ بىز يەردە تۇرمايدۇ، بىزنىڭ يەرلەردە قالمايدۇ، ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىز بەرىبىر ئۆز يېرىمىزدا ئۆزىمىز قالىمىز. «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قېلىڭلار» دەپ تۈركىي سۆزلىگۈچىلەردۇر. ئىسكەندەر قوشۇنى ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا 4 مىڭ كىشىلىك قوشۇن ئەۋەتكەن ۋە ئاخىرىدا ئۇنى سۈلھى تۈزۈشكە مەجبۇر قىلغان خاقان ئەنە شۇ «شۇ» خاقاندۇر. ئۇنىڭ قوشۇنى بىر نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنى تەسۋىرلىگەندە ئەيتىلىپ كېلىۋاتقان ئالاھىدىلىكلەر بىلەن تولغان كىشىلەردۇر. يەنى بۇ قوشۇن «قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتالايدىغان»، «باشقىلارغا موھتاج بولماي ئۆز ئۇرۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغان»، «قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان» يۇنان تەلەپپۇزىدا «خۇزخور» دەپ ئاتالغان «ئۇيغۇر» لاردىن تەشكىللەنگەندۇر. دېمەك، «ئۇيغۇر» دېگەن نام زۇلقەرنەيىن دەۋرىدىن بۇرۇنلا ھازىرقى تەلەپپۇزى بويىچە يۇرتىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ، يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا تەكرار تىلغا ئېلىنغان «ئۇيغۇر ئوغلى»، «ئالتۇنقان» دېگەن جايلار «ئۇيغۇر» ماددىسىنىڭ ئاخىرىدا ساناپ ئۆتكەن بەش ئۇيغۇر شەھەر (سولمى قارا شەھەر، قۇچۇ - تۇرپان، چانبالىق - سانجى، بېشبالىق - جىمسار، گۇچۇڭ، ياڭى بالىق - ماناس ئەتراپلىرى) لىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەنلىكى ئېنىقتۇر.

ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردە بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن ئالىملار كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ تەسۋىرلەش ماقالىمىزنىڭ مۆلچەرىدە ئەمەس، بۇنىڭغا ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن بىرنى قوشۇپ قويساق ئوشۇق كەلمەيدۇ. ئۇيغۇر ئالىملىرىدىن تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن سۈلھى كېلىشىم تۈزگەن بۇ شۇ خەلقنىڭ نەسەبىنى جۇڭگو تارىخىنىڭ رىۋايەتتىن ئازاد بولغان ھەقىقىي تارىخىنىڭ باشلىمىدا تۇرىدىغان ۋە ئەۋلىيا كۆك قۇزى بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئەدەپ - يوسۇنلىرىنى تىكلەشنى تەشەببۇس قىلغان جۇ خەلقى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بۇلارنىڭ جۇ خەلقنى شەكىللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تەكىتلىسە، (ت. ھ. ئىدىقۇتى: «شۇ» خاقانىنىڭ رىۋايىتى بىلەن «جۇنامە» تۈركلەر تەزكىرىسىدىكى ‹سۇ ئېلى› «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمى ژۇرنىلى 2007 - يىل 4 - سان 87 - بەت)، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن يەنە

بىر ئالىمىمىز يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس) بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

«مەن «شۇ» قەبىلىسى دېگەن مەسىلىنى «قەدىمكى ئاتەش دىنى «ئابسۇ» قەۋملىرى دەپ قارىدىم. بۇ زامان دارانىيان (ئالتاي تىللىق) دەۋر بولۇپ، ئاتەش دىنى «ئابىسۇ» غا بەيئەت قىلغۇچىلار «سۇ» قەۋمى دېيىلگەن. يۇنان (ئارىيان) تىللىق، يەنى «زولقەرنەيىن» نامىدىكى يۈرۈشلەر تۈپەيلىدىن ساسانىيان دەۋرى بولغاندا «تارىمدىكى بۇ قەۋم شەرققە «ئالتۇن تاغ» چېكىنگەچ، گەنسۇ تەرەپكە كەتكەنلەردىن «جۇ» (周) قەۋمى شەكىللەنگەن. جۇ خېتىدىكى شەكىل ئۆي ئىچىدىكى ئەكەك (土) بىلەن مەدەك (口) بىرىكمىدىن تۈزۈلگەن. بۇ كو ئاھاڭغا يېقىن. كو شان ياكى كاشان دېگەن قۇش ئۇۋىسى دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن. خەنزۇچىدىكى 玉 خېتى 王 ۋاڭ (پادىشا) بېقىنىغا بىر تاش (يادا تاش) قويۇلسا، بۇ (يۈ) بولىدۇ يەنى كىمكى ئوت چىقارغۇچى، يامغۇر ياغدۇرغۇچى يادا تاش (چاقماق تاش، ئەڭگۈشتەر) ئىگىسى بولسا، شۇ پەيغەمبەر پادىشاھ بولىدۇ. تارىختىكى سۇلايمان (ساسانىيان روھى) ئەسلىي داۋۇت (دارانىيان روھى) ئوغلى بولۇپ، پادىشاھ پەيغەمبەر بولغان. «سۇ» ۋە ياكى «جۇ» ئەشۇ مائاندىن تۈرلەنگەن. قولۇمدىكى بىر رەسىم بولۇپ، جۇ يۈگوڭ (周玉公) خىزىردەك قېرى بولۇپ، يېنىدا قاقىر (ھاڭغۇت) بىلەن جەرەن بېقىپ تۇرغان مەنزىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ» (يۈسۈپ ھۈسەيىن قەقنۇس): «فىلولوگىيىدىكى ئىلمىي تەرەققىيات قەۋەتلىرى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2008 ـ يىل 6 ـ سان).

دېمەك، تىلىمىزنىڭ ئۇرۇقلۇق مەنبەسى ھەققىدە مەن پەقىردەك بىللە ئۆگىنىۋاتقان ئالىملار كۆپ بولۇپ، ئەقلىم يەتمىگەن تەرەپلەر شۇلارنىڭ يېڭى بايقاشلىرى بىلەن بۇ مەسىلە تېخىمۇ چوڭقۇر يورۇتۇلغۇسى. شۇڭا، مەن مۇشۇنداق ئىشەنچ بىلەن بۇ جەھەتتىكى ئەزەلىي ھەم مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى تېپىش ئۈچۈن يۇقىرىدىكى مەسىلىلەردە ئويلىنىپ كۆردۈم. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلۈم تامامەن يېشىلىپ كەتتى دېيەلمەيمەن. مەن بۇرۇن قۇلىقى ئۇزۇن كىشىلەردىن بەزىدە تەكلىماكان قۇملىرىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن دەقيانۇس شەھىرى ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئاڭلىسام، بەزىدە: مورگان «ئىنسانىيەتنىڭ سىرى تارىمدا» دەپتۇ دېگەن گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. راستمىكىن دەپ ئۇنىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» دېگەن كىتابىنى باشتىن ئاخىر ئوقۇسام بۇنداق گەپ يوق ئىكەن. ئەمما، ئانا يىلتىزلىرىمىزنى بىلدىغان مەسنەۋىدە دەقيانۇس دېگەن دانىشمەن ھەققىدىكى گەپلەر خۇددى تارىمنىڭ تىلسىم ـ سىرلىرىغا ئوخشاش بايان قىلىنىپتۇ. يېقىنقى 200 يىلدىن بۇيانقى مەركىزىي ئاسىيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزلىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەنلەر شۇنداق كۆپ بولدىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ سىرلار يىپىنىڭ ئۇچىنى ئاز ـ ئازدىن تارتىپ چىقاردى. ئەڭ ئاخىرقى يەكۈنلەر چىقمىدى، پەمىمچە بۇ سىرلارنىڭ يىپى بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ تەكشۈرۈپ خۇلاسە قىلغان ئۆگلۈكلەرگە مەنسۇپ. ھېچبىر مەزھەپ ئۆزلۈكى بىلەن مەس بولۇپ قالماي، ھەقىقەت ئۈچۈن گويا قۇياش ئېكۋاتورغا تىك چۈشكەندەك تىكلىگەن شۇنداق ئۆگلۈكلەر بولغاندا، بۇ سىرنىڭ يىپى ئاندىن تولۇق سۇغۇرۇلىدۇ. تىلىمىزنىڭ يىلتىزى ھەم شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى مەھمۇد كاشغەرىدەك كامالەت ئىگىسى تۇرۇپ يەنە قانائەت قىلماي چوڭقۇرلايدىغان، ھەر نېمىنى شۇ شەيئى پۇت دەسسەپ تۇرغان زېمىندىن چۈشەندۈرمىگىچە بولدى قىلمايدىغان بىر ئىلمىي غەيرەت كېرەك. جىسمىمىزدىكى مۇشۇ قادىرى كۈچ تارىمدىكى تارىخىي ئەمەلىيەت بىلەن زىچ بىرلەشكەندە ھەممە سىر تولۇق ئېچىلىپ، ئىنسان ئەقلىنى ئاچقان يادا تاش ئەۋلادلىرىدىن يېڭى ئالىملار باش كۆتىرىشى، بۇ ھال ئېلىمىز جۇڭگونىڭ، ھەمدە دۇنيانىڭ ئىنساننىڭ ئەقلى كامالىتىنى ئىزدىشىگە يېڭى ئىلھام بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 ـ يىل نەشرى.
② «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2006 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
③ «تارىخ تەتقىقاتى» خەنزۇچە، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
④ ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى: «ياشاش سەنئىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
⑤ يۈسۈپ ھۈسەيىن قەقنۇس: «فىلولوگىيىدىكى ئىلمىي تەرەققىيات، قەۋەتلىرىگە تەتقىقات»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» 2008 ـ يىللىق 6 ـ سان.

# «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ماقال ـ تەمسىللەردىن ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىغا نەزەر

ئابدۇرەئوپ تەكلىماكانىي

ئىلمىي، توغرا ۋە ئىلغار بىر دۇنيا قاراشنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى بىر مىللەت، بىر توپلام ۋە بىر جامائەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ئالىمدىكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىلدۇر. ھالبۇكى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ قەدىمىي مىللەتلىرىدىن بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەۋجۇتلۇق ۋە تەرەققىيات مۇساپىسىنى غەلىبىلىك بېسىپ ئۆتۈپ، بۈگۈنكى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىشىنىڭ ئۆزى بۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ، ئىنسانىي ياشام قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان ئىلغار ۋە نىسبەتەن مۇكەممەل بىر خىل دۇنيا قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋاسىتىلىك دەلىللەيدۇ. ئەمدى بۇ مەسىلىنى يېزىق ئاساسى بىلەن شەرھلەشكە توغرا كەلسە، يەنىلا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە تارىخى قامۇسى دېيىشكىمۇ بولىدىغان بۈيۈك نامايەندە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە بۈيۈك دىداكتىك ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق كلاسسىكلارغا مۇراجىئەت قىلماي بولمايدۇ.

مەلۇمكى، مۇئەييەن بىر مىللەت تىلىدىكى ماقال ـ تەمسىللەر شۇ تىل ساھىبى بولغان خەلقنىڭ تىلىدا، ئۇزۇن زامانلىق جەريانلار ئارقىلىق پىشقان، تاۋلانغان تەپەككۇر جەۋھەرلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەزكۇر مىللەت خەلقىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىياتىدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشىنى، ھايات پەلسەپىسىنى ۋە تۇرمۇش ـ تىرىكچىلىك مىزانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇھىم بىر مەنبە بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. مېنىڭ ئۆگىنىشىمچە، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئىپادىلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشىغا ئائىت مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

**بىرىنچى، ئەمگەك بىلەن ھالال ياشاش، ھۇرۇن بولماسلىق**

ئىشچاننىڭ ئىرنى ( لېۋى ) ياغلىق، ھۇرۇننىڭ بېشى قانلىق. ئىشچان ئادەم تىرىشىپ ئىشلەپ، ياخشى تاماقلارنى، سېمىز گۆشلەرنى كۆپ تېپىپ يېگەچكە، كالپۇكى ياغلىنىدۇ؛ ھۇرۇن ئادەم ئۆزىنىڭ ئىرىنچەكلىكىدىن ئىشتىن قېچىپ، تاياق يەپ بېشىنى قانىتىدۇ. بۇ ماقال ھۇرۇنلۇقنى تاشلاپ، ئىشچان بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. قاراڭ: «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ( د ل ت )، 1 ـ توم (ت 1 )، 96 ب ). («دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» قىسقارتىلىپ «د ل ت» دەپ ئېلىندى. بەت/ ب دەپ ئېلىندى، تەرجىمىسى/ت دەپ ئېلىندى) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.

تىكمىگىچە ئۈنمەس، تىلىمىگىچە تېپىلماس. يەنى دەرەخ تىكىلمىگىچە ئۈنمەيدۇ، مۇراد ـ مەقسەت ئىزدەنمىگىچە قولغا كەلمەيدۇ. بۇ ماقال بىرەر ئىشتا، كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تىرىشىش لازىملىقىغا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. ( د ل ت ت 2، 27 ب )

يازدا قاتتىق ئىشلىسە، قىشتا سۆيۈنەر. ( د ل ت، ت 3، 218 ب )

ئەمگەك بىكار كەتمەس. بۇ ماقالنىڭ مەزمۇنى ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ « ان مع العسر يسرا» (ئىننە مەئەلئۇسرى يۇسران) دېگەن سۆزىگە ئوخشايدۇ. (د ل ت، ت 1، 149 ب )

كىچىكىدە قىيىنىلسا، ئۇلغايغاندا (قېرىغاندا) سۆيۈنەر. ( د ل ت، ت 2، 390ب )

مانا بۇ ماقاللاردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياشام پەلسەپىسى ئالدى بىلەن ئىشچانلىق پەلسەپىسى، ئىش ـ ئەمگەكنى سۆيۈش پەلسەپىسى ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

مەلۇمكى، بۇ دۇنيادا ياشاش، ھايات كەچۈرۈش ئەمەلىيەتتە بىر پائالىيەت جەريانىدۇر. ئەمدى، ھەر قانداق بىر ئىنسان بۇ پائالىيەت جەريانىنى ياخشى نەتىجىلىك ۋە ئىمكان بار راھەتلىك قىلىش، مۇمكىن بولغىنىچە ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەمگەك قىلىشقا، تەر ئاققۇزۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى قۇرئاندا: «ليس للانسان الا في السئو» (لەيسە لىلئىنسان ئىللا فىسسەئا: ئىنسان ئۈچۈن، سەئيى ـ ئىھتىمام قىلىشتىن، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشتىن باشقا يول يوقتۇر،) دېيىلىدۇ. دېمەكچىكى، ئەمگەك قىلىش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئىنسان ياشامى ئۈچۈن بىر خىل زۆرۈرىيەتتۇر، بىر

خىل مەجبۇرىيەتتۇر. ئەمما ئىنسان مۇشۇ ئەمگەكنى سۆيۈش ـ سۆيمەسلىك مەسىلىسىدە، «ئىشچان» ۋە «ھورۇن» دەپ ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئىشچان بولۇشنى، ئەمگەكنى سۆيۈشنى ئۆزلىرىگە تۈپكى تۇرمۇش پەلسەپىسى قىلغاچقا: «ئىنسان ئەمگەك قىلسا، تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، يەنى ئىشچان بولسا، بۇ ھالدا، ھايات پائالىيىتى ياخشى نەتىجىلىك بولىدۇ، لېۋى ياغلىنىدۇ، تۇرمۇشى ھۇزۇر ئىچىدە ئۆتىدۇ» دەپ قارىغان ۋە بۇ قاراشنى ئومۇملاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ھورۇنلۇقنىڭ ئىنسان ھاياتىنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە: «ھورۇننىڭ بېشى قانلىق» دېگەن كەسكىن يەكۈن بىلەن خەلقنى ئاگاھلاندۇرغان. شۇنداقلا، «ئەزمىگە بوسۇغىمۇ داۋان كۆرۈنۇر» (د ل ت، ت 1، 59 ب)، «ئېرىنچەككە بۇلۇت كۆلەڭگىسى يۈك بولۇر» (د ل ت، ت 1، 186 ب) قاتارلىق ماقاللار ئارقىلىق، ھورۇنلۇق ئىللەتلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۆككەن ۋە جىددىي تەنقىد قىلغان.

## ئىككىنچى، جامائەتلىشىشنى ئەۋزەل كۆرۈش، ئىجىل ـ ئىناق بولۇش، شەخسىيەتچى بولماسلىق

بىر مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى سەھنىسىدە، ئۆزىگىلا خاس بولغان مىللىي گەۋدىسى بىلەن مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىشى ئۇنىڭ ئىچكى ئۇيۇمچانلىقىغا باغلىق. ئەمدى بۇخىل ئۇيۇمچانلىق ئەمەلىي تۇرمۇشتا، شۇ مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ئىچىدىكى جامائەتلىشىش، ئۇيۇشۇش ۋە بىرلىشىشكە بولغان مىللىي تونۇشى ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇكى، قايسى مىللەت جامائەتلىشىشنى ئەۋزەل كۆرۈش ئېڭىغا ئىگە بولسا، ئۆزئارا ئىجىل ـ ئىناق بولۇشنى ئادەت قىلسا، ئومۇمىي مىللىي مەنپەئەتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز نەپسىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك چەكلەش جەھەتتە پىكىر ۋە قەدەم بىرلىكىگە ساھىب بولسا، ئۇ ئەبەدىي سەپتىن چۈشۈپ قالمايدۇ، مەدەنىيلىك تەختىدە مەڭگۈ مەزمۇت ئولتۇرالايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دىكى «يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس. (د ل ت، ت 3، 524 ب)»، «تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر. (د ل ت، ت 2، 139 ب)»، «ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس» (د ل ت، ت 1، 167 ب)، «ياتنىڭ ياغلىق لوقمىسىدىن ئۆزنىڭ قانلىق مۇشتى ياخشى» ياتنىڭ ياغلىق تائامىدىن ئۆز يېقىنلىرىنىڭ مۇشت بىلەن ئۇرغىنى ياخشى. بۇ سۆز يېقىن ئادەملەرنىڭ ئارىلىرى بۇزۇلغاندا، ئۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 3، 57 ب) قاتارلىق ماقال ۋە تەمسىللەرنىڭ مەزمۇنىغا چۆكۈپ قارايدىغان بولساق، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مەسىلىدە ھەقىقەتەنمۇ ئىلغار تونۇشلۇق مەدەنىي مىللەت بولغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەسىلەن، «تاغ تاغقا قوۋۇشماس، ئادەم ئادەمگە قوۋۇشۇر.» دېگەن ماقالنى ئالساق، بۇنىڭدا دېيىلگىنى «بىر تاغ سۇرۇلۇپ يەنە بىر تاغنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق يارىتىلغان جانسىز جىسىمدۇر، تاشتۇر. ئەمما ئادەم بولسا، يارىتىلىشىدىن ئىنسانىي ئاڭغا ئىگە بولغان بىر مەخلۇقكى، ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن جىنسداش بولغان يەنە بىر ئادەم بىلەن بىر يەرگە كېلىشى، بىرلىشىشى ۋە ئىچ قويۇن ـ تاش قويۇن بولۇپ ئىتتىپاقلىشىشى تەبىئىيدۇر، جەزمەندۇر. بىر ئىنساننىڭ يەنە بىر ئىنسان بىلەن چىقىشالماسلىقى، ئىتتىپاقلىشالماسلىقى بولسا، غەلىتىلىكتۇر، ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىشتۇر». دېمەك، بۇ ماقالدىن بىز قەدىمىي ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىي بىرلىك، ئادىمىي ئىتتىپاقلىقنى رەد قىلىش ئۈچۈن ۋەج كۆرسەتكىلى بولمايدىغان بىر خىل تەبىئىي ئىش يۈكسەكلىكىدە تونۇغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. «يالغۇز غازنىڭ ئاۋازى چىقماس.» دېگەن تەمسىلگە كەلسەك، ئۇ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىستېمالىدىكى «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس، چېڭى چىقسىمۇ دېڭى چىقماس» دېگەن تەمسىلنىڭ مەزمۇنداش ئەسلى ۋە قەدىمىي ۋارىيانتى بولۇپ، بۇنىڭدا، يالغۇز بىرئادەمنىڭ ھەرگىزمۇ جەمئىيەت شەكىللەندۈرەلمەيدىغانلىقى، شەخسىيەتچىلىك بىلەن، ئايرىمچىلىق بىلەن جەمئىيەت جەمئىيەت بولالمايدىغانلىقى، جەمئىيەت دېمەك، ئىجتىمائىي ئورتاقلىق بولىدىغانلىقى مىساللىق چۈشەندۈرۈلگەن.

يەك مۇھىمى، ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى توغرا تونۇشنىڭ ھىدايەتكارلىقىدا، شەخسىيەتچىلىكنى ئاگاھلىق چەكلەپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقىنى ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم قىلغانلىقى ۋە شۇ ئارقىلىق، ئۆملىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلغانلىقى ئۈچۈنلا، قاراخانىيلار دەۋرىدەك شانلىق تارىخنى يارىتالىغان، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشالىغاندۇر.

## ئۈچىنچى، ئىلىم بىباھا، ئىلىملىك بولۇش ئىنسان ئۈچۈن بۇرچ

«بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس» چۆللەردە يول كۆرسىتىدىغان بەلگە بولسا، يولدىن ئېزىپ كەتمەيدۇ؛ كىشىدە بىلىم بولسا، سۆزدە يېڭىلىشمايدۇ. (د ل ت، ت 1، 123 ب)

«قۇت بەلگىسى بىلىك» يەنى بەختنىڭ بەلگىسى بىلىم. ( د ل ت، ت 1، 557 ب )

«ئىم بىلسە، ئەر ئۆلمەس» ( د ل ت، ت 1، 54 ب )

«ئۇزۇقلۇق ئادەم هارماس» ( د ل ت، ت 1، 200 ب )

مانا بۇ ماقاللاردا بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمگە بولغان چۈشەنچىسى ۋە ئىشەنچىسى ئېنىق ئىپادىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئېڭىچە، بىلىم دېگەن ئىنسان تۇرمۇشىنى نۇسرەت كاپالىتىگە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە بولۇپ، ئۇ خۇددى يولسىز چۆل - جەزىرىدىكى مەنزىل كۆرسەتكۈچ بەلگىگە ئوخشايدۇ. كىمكى بۇ بەلگىنى بىلسە، ئۇ ئۆزىنىڭ هاياتلىق يولىدا ئېزىپ قالمايدۇ، مەنزىلگە چوقۇم يېتەلەيدۇ.

«قۇت بەلگىسى بىلىك» دېگەن ماقال قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىم، ئىلىم - پەنگە بولغان تونۇشىنىڭ نەقەدەر قەتئىي ۋە نەقەدەر ئېنىق ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئىنسان بۇ دۇنيا هاياتىدا ئەڭ كۆپ ۋە ئەڭ ئاداققى ئارزۇ قىلىدىغان نەرسە نېمە؟ بەختلىك بولۇش. ئۇنداق بولسا، بەختنىڭ بەلگىسى، بەختلىك بولغانلىقنىڭ ئالامىتى نېمە؟ بەختنىڭ بەلگىسى بىلىك، بەختلىك بولغانلىقنىڭ ئالامىتى بىلىملىك بولۇش، ئىلىم - پەن ساهىبى بولۇشتۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىچە، بىر ئىنسان پەقەت بىلىملىك بولغاندىلا، ئاندىن بۇ دۇنيا هاياتىدا ئۇ بەختلىك بولغان بولىدۇ. بۇ - نېمىدېگەن يۈكسەك سەۋىيىلىك تونۇش ۋە نەقەدەر ئالىيجاناب قاراش - هە؟!

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز، بۈگۈنكى دۇنيادا، ساندا كۆپ ياكى ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ بىلىم، ئىلىم - پەنگە بولغان قارىشى دۇرۇس، بىلىملىك بولۇشقا نىسبەتەن تونۇشى روشەن ۋە قەتئىي بولسا، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن مائارىپنى يۈلەۋاتىدۇ، ئومۇمىي خەلق ئىچىدە مەرىپەتلىك بولۇشنى هەممە ئادەم ئۆزىنىڭ بۇرچى بىلىدىغان مىللىي ئادەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋاتىدۇكى، بۇنىڭ بىلەن جاهان مىللەتلىرى سورۇنىدا، باشقىلارنىڭ هەۋىسى كەلگىدەك دەرىجىدە باياشات ۋە بەختىيار ياشاۋاتىدۇ. ئەمدى بىلدۇقكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز زامانىسىدا، «قۇت بەلگىسى بىلىك» دېگەن تونۇشنى ئومۇمىي خەلق بويىچە بىرلىككە كەلتۈرەلىگەنلىكى ئۈچۈنلا، ئۆز دەۋرىنىڭ بەختلىك مىللەتلىرىدىن بولۇپ، مىڭ يىللار ئۆتسىمۇ ئەۋلادلىرى پەخىرلەنگىدەك ئۆلمەس مەدەنىيەت بىنالىرىنى بەرپا قىلالىغان ئىكەن - دە.

### تۆتىنچى، ئېسىل خىسلەتلىك، ئەخلاقلىق ۋە پەزىلەتلىك بولۇش شەرەپ

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشىدا، بىر ئىنسان ئۈچۈن بىلىملىك بولۇشتىن كېيىنلا تۇرىدىغان زۆرۈرىيەت ئەخلاقلىق بولۇشتۇركى، ئەگەر سىېنىڭ بىلىمىڭ بولۇپ، ئەخلاقىڭ بولمىسا، بەختىڭ قولدىن كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار «ئەردەمسىزدىن قۇت كېتىدۇ» يەنى «پەزىلەتسىز ئادەمدىن بەخت - دۆلەت كېتىدۇ. ( د ل ت، ت 2، 332 ب)» دېگەننى ئۆزلىرى ئۈچۈن مۇهىم بىر تۇرمۇش مىزانى، ئاساسلىق بىر هايات قارىشى قىلغان.

ئەمدى، زادى قانداق قىلغاندا، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولغىلى بولىدۇ؟ ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، «ئەدەپ - ئەردەمنىڭ بېشى تىل. چوڭنى، چىرايلىق سۆزلەيدىغان كىشى ئابرۇي تاپىدۇ. ( د ل ت، ت 1، 145ب )» يەنى گەپ - سۆزدە گۈزەل بولۇش ئەمەلىيەتتە ئەدەپلىك بولۇشنىڭ بېشى، ئەخلاقلىق بولۇشنىڭ بىسمىللاسىدۇر. چوڭنى كۆرگەندە، «ئاكا، ئاچا» دېيىش، كىچىكنى ئۇچراتقاندا، «ئۇكام، سىڭلىم» ئاتاش؛ دىدارلاشقاندا، «ئەسسالام»، ئايرىلاشقاندا بولسا، «خەير - خوش» ئېيتىش قاتارلىقلار ئۇنداق دېيىشمۇ بولىدىغان، دېمىسىمۇ بولىۋېرىدىغان ئەرزىمەس قوشۇمچىلار ئەمەس؛ هېلىقىدەك قىلىسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئەدنا ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئۇ بىر ئۇيغۇر ئىنساننىڭ ئەدەپ - ئەخلاقلىق ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەقەللىي مىزاندۇر. تىلنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۈچۈن باش زىننەت، بىرىنچى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇشىنى ئۇنىڭ ئىنسان تۇرمۇشىدىكى تەڭداشسىز رولى بەلگىلىگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تونۇشىچە، ئىنسان «تىل بىلەن نېمەتكە ئېرىشەر» يەنى تىلى يۇمشاق ئادەم نېمەتكە ئېرىشىدۇ. بۇ ماقال «كىشىنىڭ پەزىلىتى ئۆزىنىڭ تىلى بىلەن بىلىنىدۇ» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ. بۇ ئەرەبچىدىكى «ئىنسان تىلى بىلەن قىممەت تاپىدۇ» دېگەن ماقالغا ئوخشايدۇ. (د ل ت، ت 1، 558 _ 559 ب ). دېمەك، ئەدەپ - ئەخلاق بابىدا، تىل ئەخلاقنىڭ ئورنى، تىل پەزىلىتىنىڭ مەرتىۋىسى ئەڭ يۈكسەكتۇر. ئۇنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئوينايدىغان رولى ئاداققي هېسابتا، ئىنساننى نېمەتكە ئېرىشتۈرۈش ۋە نۇسرەت قازاندۇرۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئەدەپ - ئەخلاق دېگەندە ئۇ يالغۇز تىل ئەخلاقى بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ، بەلكى يەنە يۈرۈش - تۇرۇش، تۈرلۈك مۇئامىلە، ئىش - ئەمگەك قاتارلىق ياشام پائالىيەتلىرىدە، ئىنسانىي تۇرمۇش نورمىلىرىغا ۋە ئادەمىي هاياتلىق فورمىلىرىغا بولغان ئۇيغۇنلۇقنىڭ هەممىسى ئەمەلىيەتتە ئەخلاق دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەخلاقلىق ئادەمنى كىشىلەر ئادەتتە، « ياخشى ئادەم» دەپمۇ ئاتايدۇ. شۇڭا، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز «ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى چىرەر، نامى

قالار. ياخشى ئادەمنىڭ سۆڭىكى تۇپراقتا چىرىپ كەتسىمۇ، نامى مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ ماقال ئادەملەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 3، 502 ب)» دېگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش، ئەخلاقلىق ئادەم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى، قىممىتى ۋە رولىغا بولغان تونۇشى شۇ قەدەر ئېنىق ۋە كەسكىن بولغاچ، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا، ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆلچىكىنى ئىنسانلىق نورمىلىرىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدا قويۇشنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغانلىقىنى «يۈزىگە قارىما، ئەردەم تىلە. يەنى يۈزىنىڭ سەت ـ چىرايلىقلىقىغا قارىما، ئۇنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقىغا قارا. (د ل ت، ت 3، 194 ـ 195 ب)» دېگەن ماقال دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك ئىنسان بولۇپ ياشاشنى نەزەرىيە يۈكسەكلىكىدە تونۇش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنى ئەمەلىيەت مەيدانىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى كۆرۈلىدۇ. ئالايلۇق، «باتۇر سەپتە سىنىلار، دانا يىغىندا. (د ل ت، ت 1، 504 ب)»، «باتۇر يىغىندا (جەڭدە) بىلىنەر، ئەسكى جاڭجالدا. (د ل ت، ت 1، 58ب)» دېگەن ماقاللاردا، باتۇرنىمۇ، دانا ـ دانىشمەننىمۇ، ياخشىنىمۇ، يامانىنىمۇ سىنايدىغان ئەمەلىيەت مەيدانى بولىدىغانلىقى ۋە ھەر قانداق ئىش پەقەت ئاشۇ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى ۋە مۇناسىپ ئەھمىيىتى بولىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

ئەخلاق ـ پەزىلەتلىك بولۇشنى تەرغىپ قىلىش بىلەن ئەخلاقسىزلىق ۋە پەزىلەتسىزلىكنى تەنقىد قىلىش ئوخشاش چىڭ تۇتۇلغاندا، ئاندىن چەندىكىدەك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. «دىۋان» دىكى ماقال ـ تەمسىللەر قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ بوش كەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئالايلۇق، «ماختانچاق ئىشتىنىنى بۇلغار» يەنى ماختانچاق ئادەم ئەمەلىي سىناق ۋاقتىدا ئۆز گېپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، خىجىللىقىدىن ئىشتىنىغا چىقىرىپ قويىدۇ. بۇ ماقال كىشىلەرنى «ماختانچاقلىق قىلماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 273 ب)»دېگەنلەرگە ئوخشاش.

قىسقىسى، شەرەپ ۋە نومۇس ئېڭىنىڭ ئېنىق، قەتئىي بولۇش ـ بولماسلىقىمۇ بىر مىللەت، بىر جامائەتنىڭ ساپاسىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلە. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئىلغارلىقىمۇ بىز بۈگۈنكى ئەۋلادلارغا ئۆرنەك ۋە مەشئەل بولىدىغان دەرىجىدە ئىكەنلىكى «دىۋان» دىن مەلۇم.

## بەشىنچى، يولباشچىلارنى، قەھرىمانلارنى ئەزىزلەش

بىر مىللەتتە يولباشچىلار بولمىسا، رەھبەرلەر بولمىسا، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا مىللەت بولالمايدۇ؛ قەھرىمانلار بولمىسا، پىداكار باتۇرلار بولمىسا، مىللەت ئالغا باسمايدۇ. مىللىي قېرىنداشلار ئارا ھېچكىم ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، ھەر كىم ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ گېپىنىلا يورغىلىتىدىغان بولۇش ئەدەپ كەتسە، بۇنداق مىللەت ئاسانلا گۇم بولىدۇ، تارىخ سەھنىسىدىن مەڭگۈگە يوقىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ ھەقىقەتنى ئوبدان بىلگەچكە، يولباشچىلارنى ئەزىزلەش ۋە قەھرىمانلارنىڭ ئىززىتىنى قىلىشنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى قىلىپ، خەلقىنىڭ مەپكۇرىسىدا ئومۇملاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئاقىل تۇرمۇش قارىشى «دىۋان» دا بېرىلگەن ماقال ـ تەمسىللەردە مۇنداق ئىپادىسىنى تاپقان:

«غاز توپى باشلامچىسىز بولماس» بۇ ماقال «ھەممە ئىشتا ئۆزىگە قارىغاندا يول بىلىدىغان كىشىگە بويسۇنۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 634 ب)»

بۇ تەمسىلدە، غاز توپىنىڭ باشلىغۇچى غازدىن ئايرىلىپ قالسا، ھەر قايسىسى ھەر قايانلارغا كېتىپ قېلىپ، توپىنىڭ چېچىلىپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئىنسانلار توپى، يەنى بىر مىللەت، بىر جامائەتمۇ ئەگەر رەھبەرسىز، يول باشلىغۇچىسىز بولۇپ قالسا، خەلق چېچىلىپ جامائەت تارقىلىپ كېتىپ، مۇئەييەن توپلۇمغا ئىگە بىر مىللەت بولالماي قالىدىغانلىقى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن. شۇنداق، ئەلمىساقتىن بۇيان، بىر قەبىلە بولسا، ئۇنىڭ ئاقساقىلى، بىر مەسچىدلىك مەھەللە، كوي ـ كوچا بولسا، ئۇنىڭ ئىمامى، بىر يۇرت بولسا، ئۇنىڭ بېگى بار بولۇپ كەلگەن. خەلق ئۇلارنى تونۇسا، ئېتىراپ قىلسا، مىللىي بىرلىك ئېڭى بىلەن ئۇلارغا ئەقىدە قىلسا، ئاندىن ئۇلار رەھبەر، يول باشلىغۇچى بولالايدۇ.

ئەمدى، يول باشلىغۇچىغا، رەھبەرگە ئەقىدە قىلىشنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىپ: «ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىسا، قۇت بولۇر»، «يەنى بۈيۈكلەرنى ئۇلۇغلىسا، بەخت تاپار دەيدۇ. (د ل ت، ت 1، 400 ب). دېمەك، بىر مىللەت بولغانىكەن، ئۇنىڭ مۇناسىپ بىر ياكى بىر قانچە رەھبىرى بولۇشى كېرەك. ئەمما رەھبەرنى رەھبەر قىلىدىغان خەلقتۇر. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، خەلقتە بىر رەھبەرنى رەھبەر قىلىدىغان، ئۇنى رازى ـ رىزالىق بىلەن تونۇيدىغان، ئۇنى ئېتىراپ قىـ

لىدىغان، ئۇنىڭغا زۆرۈر ئەقىدە بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان،
يەنى ئۇلۇغنى ئۇلۇغلايدىغان، چوڭنى چوڭ بىلىدىغان،
رەھبەرنى«رەھبىرىم» دەپ كۆڭلىدىن چىقىرىپ ھۆرمەتلەي-
دىغان ئاڭ بولۇشى كېرەككى، پەقەت ئۇلۇغنى ئۇلۇغلىغان-
دىلا، يولباشچىغا چىن كۆڭلىدىن ئەگەشكەندىلا، ئاندىن ئۇ
مىللەت خەلقى قۇت تاپىدۇ، بەختكە ئېرىشىدۇ. ئەكسىچە
بولسا، يەنى خەلقتە باشلىقنى باشلىق بىلىش ئېڭى بولمىسا،
ئۇلۇغنى ئۇلۇغلاش تونۇشى بولمىسا، خەلق باشلىقنىڭ ئەت-
راپىغا ئۇيۇشمىسا، خۇددى كالىلار موما ئەتراپىغا ئۇيۇشمى-
سا، خامان يۇمشىمىغاندەك، ئۆز يول باشلىغۇچىسى ئەتراپىغا
ئۇيۇشالمىغان ئۇ مىللەتنىڭ، ئۇ جامائەتنىڭ غەلىبە خامىنى
يۇمشىمايدۇ، ئىشى نۇسرەت قازىنالمايدۇ. مېنىڭچە، ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ مەزكۇر ماقال ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنى
مۇشۇ، مەسىلىنىڭ ئەجەللىك يېرىمۇ دەل شۇ.

بىر مىللەتتە، مىللەت يولباشچىسىنىڭ گېپىنى گەپ
قىلىپ، باشلىقنىڭ ئېيتقىنىنى، رەھبەرنىڭ دېگىنىنى ئەمەل-
يەتكە ئايلاندۇرۇشتا ھەمىشە ئاۋانگارت بولىدىغان بىر
تۈركۈم كىشىلەر بولىدۇ. مۇنداق كىشىلەر ئادەتتە «قەھرى-
مان» ياكى « باتۇر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمدى، بىر مىللەت
خەلقىدە، ئۆز قەھرىمانلىرىنى ئەزىزلەيدىغان، ئۆز باتۇرلىرى-
نى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىززەتلەيدىغان ئاڭنىڭ يېتەر-
لىك بولۇش ـ بولماسلىقى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. قەدىم-
كى ئۇيغۇرلار بۇ مەسىلىدىمۇ ئىلغار بولۇپ، قەھرىمانلارنى
ئەزىزلەش، باتۇرلارنى قەدىرلەش ئادىتى بىلەن ئۆز ئىسمى-
نى تارىخنىڭ مۆتىۋەر بېتىگە يازدۇرغان ۋە «باتۇرلارنى خور
قىلما، يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر. باتۇر ئەرنى ھالسىزلاندۇرما،
يۈگۈرۈك ئاتنىڭ ئۇچىسىنى يېغىر قىلما. بۇ ماقال بىلەن
ئاقساقاللار بەگلەرگە نەسىھەت قىلىدۇ. ( د ل ت، ت 1،
187 ـ 188 ب)» دېگەن تەپەككۇر جەۋھىرىنى بىز ئەۋلاد-
لارغا قالدۇرغان.

## ئالتىنچى، مۇھىت ۋە شارائىتقا سەل قارىماس-
## لىق، ئۆزىنى قوغداشنى بىلىش

مۇئەييەن بىر مىللەت خەلقى پۈتكۈل تارىخ بويىچە
بىرلا خىل مۇھىتتا، يەنى ھەمىشە ئوڭۇشلۇق، قولايلىق شا-
رائىت ئىچىدە، ياكى دائىملىق زۇلۇم، زۇلمەت ۋە قىيىنچى-
لىق مۇھىتىدا ياشاپ ئۆتۈشى ناتايىن. مۇنداقچە قىلىپ
ئېيتقاندا، ھەر قانداق بىر قەۋم، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ
پۈتكۈل ياشام تارىخى بويىچە، بىر خىل راھەت، بىر خىل
قولايلىق ئىچىدە ياشاپ ئۆتۈپ كېتىشى مۇتلەق مۇمكىن
ئەمەستۇر. قىيىنچىلىققا ئۇچراش، ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار
بولۇش تەبىئىي ئىش ۋە جەزمەندۇركى، پەقەت ھەر قانداق
ئەھۋالدىكى قىيىن شارائىتنى يېڭىش ئىرادىسىگە، تۇرلۇك
قولايسىزلىقلارنى ھەر خىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن بويسۇن-
دۇرۇش جاسارىتىگە ۋە خىلمۇ خىل مۇشەققەتلەرنى بۆسۈپ
ئۆتۈش پەم ـ پاراستىگە ئىگە بولغان مىللەتلا دۇنيا سەھ-
نىسىدە ئۇزاق ياشىيالايدۇ، مەڭگۈ قالالايدۇ. ئەكسىچە
بولسا، يەنى قىيىن شارائىتقا ماسلىشالمايدىغان جاسارەتسىز،
مۈشكۈل ئەھۋاللاردا ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنى بىلمەيدىغان
پاراسەتسىز مىللەت تارىخ سەھنىسىدىن تېزلا غۇلاپ چۈشى-
دۇ، يوقىلىپ كېتىدۇ.

ئەمدى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك
ياشام جەريانىدا، مۇھىت ۋە شارائىتقا سەل قارىماسلىق، ھەر
قانداق قىيىن مۇھىتتىمۇ ئۆزىنى قوغداشنى بىلىشنى ئۆزلە-
رىنىڭ بىر خىل دۇنيا قارىشى، بىر تۇرلۇك تۇرمۇش كۆچچۇ-
رۇش زېھنىيىتى قىلغانلىقى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى
مۇنۇ ماقال ـ تەمسىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

«يۇت يوتقاندىن ئارتۇق سۇنۇلسا، ئۇشۇشۇيدۇ» بۇ
ماقال كىشىلەرنى ھەددىدىن ئېشىپ كەتمەسلىككە ئۈندەپ
ئېيتىلىدۇ. ( د ل ت، ت 2، 193ب )

قاغا غازنى دورىسا، پۇتى سۇنار. يەنى قاغا كۆچتە ۋە
ئۇچۇشتا ئۆزىنى غازغا ئوخشاتسا، پۇتى سۇنىدۇ. بۇ ماقال
كىشىنى ئۆز ھالىغا بېقىپ ئىش قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ.
(د ل ت، ت 1، 338 ب)

«چورۇق بولسا، ئادەم ئۇلدىماس؛ ئىچلىك بولسا، ئات
يېغىر بولماس» يەنى چورۇق بولسا، ئادەمنىڭ پۇتى قاپە-
رىپ كەتمەيدۇ؛ ئىچلىك بولسا، ئات يېغىر بولۇپ كەتمەي-
دۇ. بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا دەۋەت
قىلىپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 141 ـ 142 ب)

«سۇنى كۆرمىگىچە ئۆتۈك سالما» بۇ ماقال ئىشتا ئال-
دىرىماسلىققا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 3، 580ب)

«قورال تەييارلىسا، قولۇنلۇق بولار؛ قورالنى ئۇنۇتسا،
تۇتقۇن بولار» بۇ ماقال ھەر ئىشتا ئالدىن تەييارلىق كۆ-
رۈشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 288 ب )

«تاغنى ئوقرۇق بىلەن ئەككىلى بولماس، دېڭىزنى
قېيىق بىلەن بۆككىلى بولماس» (يەنى تاغنى سانجىغاق
بىلەن سانجىپ ئەككىلى بولمايدۇ، دېڭىزنى قېيىق بىلەن
يۈرۈپ بويسۇندۇرغىلى بولمايدۇ.) بۇ ماقال «چوڭ ئىشنى
كىچىك تەدبىر بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدۇ» دېگەن مەنى-
دە ئىشلىتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 136 ب)

«ئىت چىشلىمەس، ئات تەپمەس دېمە» «چۈنكى

تۆلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق» (د ل ت، ت 1، 240 ب)

«بەش بارماق تەكشى ئەمەس» بۇ «ئادەملەرمۇ بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ» دېگەن بولىدۇ. (د ل ت، ت 1، 164 ب)

«تۆگمەندە تۇغۇلغان چاشقان هاۋانىڭ گۈلدۈرلىگىنىدىن قورقماس» بۇ ماقال بېشىدىن كۆپ ئېغىرچىلىقلارنى ئۆتكۈزگەن ئادەم كىچىك ئىشلار بىلەن قورقۇتۇلماقچى بولغانغا تەمسىل قىلىپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 3، 385 ب)

دېمەك، كىشىلىك دۇنياسىدىكى هايات، ئىنسانلىق تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي تىرىكچىلىك هەر بىر ئىنساننىلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار توپى بولغان هەر قەۋم، هەر بىر مىللەتنىمۇ تۈمەن تۈرلۈك مۇهىت، خىلمۇخىل شارائىت بىلەن سىناپ تۇرىدۇ. مۇهىت ۋە شارائىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىگەنلەر تاللىنىپ ياشاپ قالىدۇ؛ سىناقتىن ئۆتەلمىگەنلەر بولسا، شاللىنىپ يوقىلىپ تۇرىدۇ. تۇرمۇشنىڭ ئېغىر سىناقلىرىدىن ئۆتۈش ئادەتتە، يېتەرلىك كۈچ ـ قۇدرەتنىمۇ، مۇناسىپ پەم ـ پاراسەتنىمۇ ئوخشاش پىچىمدە تەلەپ قىلىدۇ. بىر مىللەت ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆلۈم ـ كۆرۈمگە تاللىق ئېغىر مۇهىتقا دۇچ كەلگەن ۋە ئېغىرچىلىقنى يېڭىشكە دەماللىق كۈچ ـ قۇۋۋەت يەتمىگەن چاغدا، مىللەتنىڭ جانىجان مەنپەئىتىنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىنى سېتىۋەتمىگەن ئاساستا، مۇۋاپىق چارە ـ تەدبىر بىلەن ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنى بىلىشنىڭ ئۆزىمۇ غالىبلىق بولىدۇ. هالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللار مابەينىدە، ئېسىل شارائىتتا ئېسەنگىرەپ قالماي، ئېغىر شارائىتتا شاللىنىپ كەتمەي بۈگۈنكى بۇ گۈزەل زامانغا ئۇلىشالىشى ئەمەلىيەتتە، تۇرمۇش پەلسەپىسىدىكى مۇهىتقا سەل قارىماسلىق، هەر قانداق ئەهۋالدا ئۆزىنى قوغداپ قېلىشنى بىلىش ئېڭى سىڭدۈرۈلگەن ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ غەلىبىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

## يەتتىنچى، ئىجاد قىلىشنى، ئالغا ئىلگىرىلەشنى نەشەببۇس قىلىش، بىكىنمىچى، قالاق بولماسلىق

«قەدەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» (د ل ت، ت 1،7 ب) ئەڭ ئاددىي سۆز ۋە ئەڭ چۈشىنىشلىك كەلىمىلەردىن تۈزۈلگەن بۇ ماقال قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى، ئىجاد قىلىشنى بىر ئىنسانىي بۇرچ سانايدىغان تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ يارقىن شەرهى هېسابلىنىدۇ.

مىللەتپەرۋەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيا ياشامى يەككە پائالىيەت ئەمەس، بەلكى بىر ئىجتىمائىي پائالىيەتتۇر. هالبۇكى، بىر ئىنسان بۇ دۇنيادا ياشىغانىكەن، ياشىغانلىقىنىڭ ئىزناسى، تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنىڭ بىر بەلگىسى بولۇشى كېرەك. ئۇ بولسىمۇ، قەدەم ئىزىدۇر. قەدەم ئىزى دېگەن ئىنسان ماڭغاندا، ئالغا ئىلگىرىلىگەندە چىقىدىغان نەرسە. دېمەك، سەن ماڭساڭ، ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىسەڭ، ئاندىن سېنىڭ ئىزىڭ قالىدۇ. سېنىڭ ئىزىڭ دېمەك سېنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلغان خىزمىتىڭ دېمەكتۇر، مىللەت ئۈچۈن قوشقان تۆهپەڭ دېمەكتۇركى، بۇ ئەمەلىيەتتە، مۇئەييەن بىر مىللەتكە تەۋە بولغان سەن ئىنساننىڭ بىر ئادەمىيلىك بۇرچۇڭدۇر، خالاس! بۇنىڭدىن چىقتىكى، پەقەت سېنىڭ قەدەم ئىزىڭ بولغاندىلا، ئاندىن باشقىلار، ئەۋلادلار سېنىڭ بىر زامان بۇ دۇنيادا ياشىغانلىقىڭنى بىلىدۇ، سېنىڭ خەلق ئۈچۈن، مىللەت ئۈچۈن ياخشى ئىز قالدۇرغانلىقىڭ بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ.

ئەڭ مۇهىمى، بۈگۈنكى زاماندا ئالاهىدە تەكىتلەش بىلەن ئېيتىلىدىغان «بىر قەدەمدە بىر ئىز چىقىرىپ ياشاش» دېگەن گەپنىڭ بۇنىڭدىن مىڭ يىللار بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ لۇغىتىدە، تۇرمۇش پەلسەپىسىگە تاللىق بىر ماقال بولغانلىقى سۆيۈنۈشكە ئەرزىيدۇ.

«قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» (د ل ت، ت 1، 48 ب)، يەنى قۇش ئۆزىنىڭ قانىتى بىلەن قۇشتۇر؛ ئەر بولسا، ئېتى بىلەن ئەر هېسابلىنىدۇ. قانات نېمىگە لازىم؟ ئۇچۇشقا. ئات نېمىگە كېرەك؟ ئاتلىنىشقا، ئىلگىرىلەشكە. دېمەك، قۇش ئۇچۇشى كېرەك؛ ئەر ئاتلىنىشى، ئىنسان ئىلگىرىلىشى، ئالغا بېسىشى، ئىجاد قىلىشى كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا؛ قۇشنىڭ ئۇچۇشى نەقەدەر تەبىئىي ئىش بولسا، ئەرنىڭ ئاتلىنىشى، ئىنساننىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىشى شۇ قەدەر تەبىئىي ئىش ۋە زۆرۈرىيەتتۇر. چۈنكى، قۇش ئۇچمىسا، ياشىيالمايدۇ، هېچبولمىسا، ياخشى ياشىيالمايدۇ. ئوخشاشلا، ئىنسان ئالغا باسمىسا، ئىجاد بىلەن ئىلگىرىلىمىسە، يالجىمايدۇ، دومىلە باسىدۇ، هالاك بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تۇرمۇش قارىشى نېمىدېگەن ئېسىل ـ هە!

«تاشنى چايناغلى بولمىسا، سۆيۈش كېرەك» بۇ ماقال كىشىنى تىلىكىگە يېتىش ئۈچۈن، سىلىق مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 221 ب)

مۇئەييەن ئەقىدىگە ساهىب بولغان نورمال ئىنسان بۇ دۇنيا ياشامى جەريانىدا، هامان بىر خىل ياخشى ئارزۇ، ئەزگۈ تىلەك ۋە غايىۋى مەقسەتنىڭ تەلپۈندۈرۈشىگە جور بولۇپ ئۆتىدۇ. ئەمدى ئاشۇ ئارزۇ ۋە غايىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ياكى مەزكۇر ئارزۇ

ۋە غايىنىڭ خىيالى بىلەنلا چەكلىنىش جەھەتتە، ئىنسان يەنە «ئاكتىپ» ۋە «پاسسىپ» ياكى «ئەمەلىيەتچىل» ۋە «خىيالپەرەس» دېگەن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. ھالبۇكى، ئۆز ئارزۇسىغا يېتىش، كۆڭۈل تىلىكىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ كۈرەش قىلغان، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەنگەن ئىنسانلارلا دۇنيا ياشامنىڭ پەيزىنى سۈرەلەيدۇ. بىراق، بۇ خىل ئاكتىپ كۈرەش قىلىش ۋە بۇ خىل ئىزدىنىش بولسا، ئىنساندىن يېتەرلىك جىسمانىي كۈچ – قۇدرەت بىلەن مۇناسىپ پەم – پاراسەت كۈتىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، مۇئەييەن بىر ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كۈچ بىلەن بولۇشمۇ، پەم بىلەن بولۇشمۇ مۇمكىن. بۇ ھال بەزى چاغدا، ئىنساننىڭ كەسكىن ۋە قەتئىي بولۇشىغا ھاجەتمەن بولسىمۇ، كۆپ ھاللاردا، ئاددىي قوپال ئەمەس، بەلكى سەۋرچان، تاكتىكىلىق ۋە سىلىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، «كەسكىن ۋە قەتئىي بولدۇم» دەپ، مەقسەتكە يېتەلمەي داغدا قالغاندىن، مەسىلىنى ئىمكان بار سىلىق يول بىلەن ھەل قىلىپ، مۇددىئا غايىسىگە يېتىش ئاخىرقى ھېساباتا يەنىلا ئاكتىپ ياشاش ۋە ئەمەلىيەتچىل بولۇشقا كىرىدۇ، ئەلۋەتتە.

«ئادەم بالىسى مۈڭلىنىۋەرمەس، ئىت بالىسى يېتىۋەرمەس» يەنى «ئىت كۈچۈكى ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋەرمىگەندەك، ئادەم بالىسمۇ قايغۇرۇپ يېتىۋەرمەيدۇ، بىر ئىلاج قىلىپ ئۆزىنى قۇتقۇزىدۇ. (د ل ت، ت 2، 112 ب)»

بۇ ماقال قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشنى، ئىجاد قىلىشنى ۋە تەرەققىيات ئارقىلىق ئۆزىنى ئاۋۇتۇشنى، ئۆزىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇشنى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلىدىن مەۋجۇت تەبىئىي خىسلەت، يەنى ئادەمىيلىك خىسلىتى دەپ قارايدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ ئىتنىڭ كۈچۈكى تۇغۇلغاندىن كېيىن، ھېچ بولمىسا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئىزدەپ تېپىرلاپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋەرمەيدىغانلىقىنى تەمسىل قىلىپ چۈشەندۈرۈلۈشى بولسا، تولىمۇ ئۆتكۈر، تولىمۇ كەسكىن ۋە ئاداققىي جايىدا بولغان. دېمەك، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، بىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا بىر ئىنسان بولۇپ تۇغۇلغان تۇرۇقلۇق ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلماي، ئۆزىنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىزدەنمەي، پاراۋان، گۈللەنگەن مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن چېلىشماي مۈڭلىنىپ يېتىۋېرىشى، بىكىنمىچى قالاق بولۇپ قېلىۋېرىشى ھەرگىزمۇ ئادەمىيلىك خىسلەتكە، ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتكە مۇناسىپ كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ياخشى ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش، گۈزەل كېلەچەك ئۈچۈن بوشاشماي ئەمگەك قىلىشلا، ئىنساننىڭ تۇغما مەجبۇرىيىتى ۋە شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىدۇر.

### سەككىزىنچى، ئەقىدىلىك ياشاش، ئەمەلىيەتچان بولۇش، ئۈمىدسىز بولماسلىق

بۇ دۇنيا ياشامى ئىنساندا مۇئەييەن ئارزۇ، بەلگىلىك تىلەك ۋە ئۈمىدنىڭ بولۇشى بىلەن گۈزەلدۇر. ھالبۇكى، مەزكۇر ئۈمىد ۋە ئارزۇ قۇرۇق خىيال بولۇپ قالماسلىقى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. ئەمدى، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئارزۇ ۋە ئۈمىد بىلەن ياشاش بولسا، ئىنساندا مۇئەييەن ئەقىدە ۋە ئىشەنچىنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ خىل دۇنيا قارىشى «دىۋان» دىكى مۇنۇ ماقال – تەمسىللەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

«ئۈي بولدىغان كالا موزاي چېغىدىنلا بەلگىلىك. بۇ ماقال كەلگۈسىدە ياخشىلىق ئۈمىد قىلىنىدىغان ياش، قابىل، زېرەك يىگىتلەر ھەققىدە ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 684 ب)

«ئوت تۇتۇنسىز بولماس، يىگىت گۇناھسىز بولماس. (د ل ت، ت 1، 520 – 521 ب)»

«كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس. بۇ ماقال ئىشقا يارايدىغان بالا – چاقىلىرى كۆپ ئادەم راھەتتە ياشايدۇ» دېگەن مەنىدە ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 584 ب)

«تەسكەيدە قار ئۆكسۈمەس، قويدا ياغ ئۆكسۈمەس» (د ل ت، ت 1، 426 ب)

«خاتالاشمايدىغان ئوۋچى بولمايدۇ، يېڭىلىشمايدىغان دانىشمەن بولمايدۇ» (د ل ت، ت 3، 80 ب)

«تۆگە مىنىپ قوينىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇلماس» يەنى تۆگە مىنىپ، قوينىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنغىلى بولمايدۇ. بۇ ماقال ئاشكارا بولۇپ قالغان ئىشنى يوشۇرغانغا قارىتىپ ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 3، 81 ب)

«ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس» (د ل ت، ت 3، 191 ب)

«چاپان قانچىلىك كونا بولسىمۇ، يامغۇرغا يارار. كېپەنەك تون قانچىلىك كونىراپ كەتسىمۇ، يەنە يامغۇرغا يارايدۇ. بۇ ماقال ئۆز قول ئاستىدىكى كىشىلەردىن بىرسىنىڭ بىلىمسىز نادانلىقى ۋە دۆتلۈكى ئۈچۈن ئۇنى ئۆزىدىن چەتلەتمەكچى بولغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. يەنى ھەر قانچە كەمچىلىكى بولسىمۇ، بىرەر ئىشىڭغا ياراپ قالىدۇ، ئۇنى شۇ ئىشقا سالساڭ، ئۆزۈڭ ئارام ئالىسەن، دېمەكچى. (د ل ت، ت 3، 51 ب)»

ئىشەك: «بېشىم ئامان بولسا، دېڭىزدىن سۇ ئىچىمەن» دەيدىكەن. بۇ سۆز مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، ئۇزۇن ئۆمۈر

كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدۇ. (د ل ت، ت 1، 640 ـ 641 ب) دېمەك، ئېشەك جىنىدا، «مۇشۇ بېشىملا ئامان بولىدىكەن، مەھەللىمىزدىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىنلا ئەمەس، بەلكى ئاشۇ ئۇزاقتىكى دېڭىزنىڭ ساھىلىگە بېرىپ، ئۇنىڭ سۈيىدىنمۇ ئىچىمەن» دەپ، بىر خىل يۈكسەك ئۈمىد ئىچىدە ياشايدىكەنئۇ، سەن ـ بىز شانۇ ـ شەۋكەتلىك ئىنسان تۇرۇقلۇق ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ، خىيال تۇمانلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ، ھېچبىر غايىسىز ياشىساق يارىشامدۇ ـ ئەجەبا؟!

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقىدىلىك ياشاش قارىشى ئەمەلىيەتچان بولۇش ئېڭى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئالايلۇق، «ئادەم بالىسى ئەيىبسىز بولماس»، «ئوت تۈتۈنسىز بولماس، يىگىت گۇناھسىز بولماس»، «خاتالاشمايدىغان ئۇۋچى بولمايدۇ، يېڭىلىشمايدىغان دانىشمەن بولمايدۇ» قاتارلىق ماقاللاردا، ئىنسان تەبىئىتىدىكى مۇستەسناسىزلىق، جەزمەنلىك ئىپادىلەنگەن بولسا، «تۆگە مىنىپ قوينىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇلماس»، «چاپان قانچىلىك كونا بولسىمۇ، يامغۇرغا يارار»، «كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس» قاتارلىقلاردا، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىي ئەھۋالغا يارىشا ئىش قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلەنگەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئەجدادلارنىڭ بۇ خىل تۇرمۇش قارىشى بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن سەمىمىيەت ئەقىدىسى بىلەن جىپسا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

قىسقىسى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئۆزىنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتلەردىكى ۋەزنىلىك قىممىتىدىن باشقا، ئەينى زامان ئۇيغۇرلىرىنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلەنمۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىكتۇر. بولۇپمۇ ئۇ ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ قانداق چاغدا، قانداق ئەھۋالدا، نېمىگە قارىتىپ ئېيتىلىدىغانلىقى ۋە ئەمەلىي ئىستېمالدا قانداق ئۇقۇم ئاڭلىتىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ قالدۇرماي ئىزاھلىنىشى بىزنىڭ ئول زاماندىكى ئەجدادلارنىڭ دۇنيانى بىلىش، ئۇنىڭدىكى تۈمەن تۈرلۈك شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى جەھەتتىكى خاسلىق ۋە ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشىمىزغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

2008 ـ يىلىنىڭ ب د ت تەرىپىدىن دۇنيا «مەھمۇد كاشغەرى يىلى» قىلىپ بېكىتىلگەنلىكىنى تولۇپ ـ تاشقان ئىپتىخارلىق بىلەن خاتىرىلەۋاتقىنىمىزدا، ئالىم توپلىغان ۋە ئىزاھلىغان قەدىمكى ئۇيغۇر ماقال ـ تەمسىللىرى ۋە ئۇلار ئىپادىلىگەن مول مەزمۇنلۇق ئىلغار پەلسەپە ئىدىيىسى بىزنى تولىمۇ سۆيۈندۈرىدۇ. تونۇپ يەتتۇقكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئەنە شۇنداق ئىلغار تۇرمۇش پەلسەپىسىگە ساھىب بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۆز زامانىسىدا شۇ قەدەر نۇرلۇق ۋە شانلىق تارىخ يارىتىپ، جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسى ئۈچۈن خورىماس تۆھپىلەرنى قوشالىغان ئىكەن. ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئەللىك ئالتە مىللەت بىر دۆلەتكە جەم بولۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلغار پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئاكتىپلىق، ئىجادكارلىق ۋە ئۈمىدۋارلىق روھىغا چۈمگەن ئۆم ـ ئىناق جامائەتچىلىكىمىزنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ، ئىلغارلىقىمىزنى جارى قىلدۇرالىساقلا، بىزمۇ زامانغا يارىشا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز، يېڭى شانلىق تارىخ بىلەن ئەجدادلارغا يۈز كېلەلەيمىز.

---

**پايدىلانمىلار:**

1. مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىل نەشرى.
2. مۇھەممەترېھىم ھاجى تۇرسۇن: ««دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» دىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىدىن تەرمىلەر»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2001 ـ يىل نەشرى.
3. ئايدۇرەئۇپ تەكلىماكانىي: «چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتى جەۋھەلىرىدىن ــ ئەسلى يېزىلىشى بىلەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى تېكىستلىرى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىل نەشرى.

---

**ئاپتور:** مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور، دوكتور ئاسپرانتلار يېتەكچىسى

**تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى**

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە ئەكس ئەتكەن ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى *

ئابدۇقادىر جالالىدىن

مەھمۇد كاشغەرى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا پەۋقۇلئاددە چوڭ ئورۇن تۇتىدىغان ئېنسىكلوپېدىك ئالىم. ئۇنىڭ ئىلمىي سىيماسى بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئىلى سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، خەلقىمىز ئۇنى تارىخىمىزدىكى ئالىملارنىڭ تىپىك مىسالى سۈپىتىدە چۈشىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئۇيغۇر ئەقىل ـ پاراستى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ساپلىقى قاتارلىق پەزدلەتلەرگە سىمۋول قىلىنىپ، ئاممىۋى سورۇنلاردا دائىم تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە كىچىك ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى ئىپتىخارى. ئۇنىڭ ئىلىم دۇنياسىغا قوشقان تۆھپىسىگە دۇنيادىكى تارىخچىلار، مەدەنىيەتشۇناسلار، تىلشۇناسلار بىردەك يۇقىرى باھا بېرىپ كەلمەكتە. مەھمۇد كاشغەرى جۇڭگو مەدەنىيەت خەزىنىسىنى ئۆزىنىڭ جاھانشۇمۇل ئەسىرى بىلەن بېيىتقۇچى بۈيۈك شەخس سۈپىتىدە جۇڭگو ئالىملىرى تەرىپىدىنمۇ قەدىرلىنىپ، يۈكسەك ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئەدەبىياتنىڭ بۈيۈك سەمەرىلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» نى تۈزۈپ، ئەينى زاماندىكى خاقانىيە ئەدەبىياتى، كېيىنكى زامانلاردىكى چاغاتاي ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاساس بولغان «كاشغەر تىلى»، «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى مول، رەڭگارەڭ مەدەنىي مىراسلارنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىزاھلىغان.

مەھمۇدنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ھۈسەيىن، بوۋىسىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد بولۇپ، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تىلغا كۆرە، قەشقەردىن ئىكەنلىكى مەلۇم. مەھمۇد كاشغەرى 11 ـ ئەسىردە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى. بۇ دەۋردە ماۋرائۇننەھردە سامانىيلارنىڭ ئورنىنى قاراخانىيلار سۇلالىسى خەلپىلىكىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدە تۈركىي خەلقلەردىن بولغان زىيالىيلار ۋە سەرخىللار كۆپىيىپ، تۈركىي تىلغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىبار بېرىش يۈزلىنىشلىرى سېزىلمەكتە ئىدى. مەھمۇد كاشغەرى ئەرەب تىلىنى ئۆزۈن يىل قېتىرقىنىپ پۇختا ئۆگىنىپ، تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يېزا ـ قىشلاقلار، يايلاقلارنى 15 يىلدىن ئارتۇق تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كۆپ يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) دىن ئىبارەت قامۇس خاراكتېرلىك لۇغەتنى مىلادىيە 1074 ـ يىللاردا تۈزۈپ چىقىپ، ئابباسىيلار خەلپىلىكىدىن بولغان ئەبۇلقاسىم ئابدۇللاھ بىننى مۇھەممەد ئەل ـ مۇقتەدىگە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەر ئەينى دەۋردىكى دىن ۋە ئىلىم ـ پەن تىلى بولغان ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشەلىگۈدەك باي، نازۇك، رەڭدار تىل ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىش ئۈچۈن يېزىلغان.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» (تۆۋەندە «دىۋان» دېيىلىدۇ) نى تۈزۈشتە ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبراھىم مۇتىئىي، ر. دانكوف، ناتان لايت (Nathan Light) لارنىڭ بايانلىرىغا قاراش كۇپايە. ئۇلارنىڭ بايانلىرىدىن مەلۇمكى، «دىۋان» قۇرۇلما جەھەتتە ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىيلىرىدىن بولغان لۇغەتشۇناس ئەبۇ ئىبراھىم ئىسھاق ئىبنى ئىبراھىم ئەل ـ فارابى (مىلادىيە 966 ـ يىلى) نىڭ «دىۋانۇل ـ ئەدەب فى بايانۇل ـ لۇغاتۇل ـ ئەرەب» ناملىق ئەرەبچە لۇغىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دىكى سۆزلەرنى تەرتىپلەشتە قوللانغان سىستېما فارابى قوللانغان سىستېما بولۇپ، نىسبەتەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى مەلۇم.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۆز بايانىدىن قارىغاندا، «دىۋان» نى تۈزۈشتە نوقۇل تەقلىدچىلىك يولىنى تۇتۇپ ئىش قىلماي-

* مەزكۇر ماقالە ئاپتور باشقا مۇتەخەسسىسلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىشلەۋاتقان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيە تارىخى» ناملىق تەتقىقات تېمىسىنىڭ بىر بۆلۈكى بولۇپ، دەسلەپتە «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2008 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان.

غان، بەلكى ئىجادىي يېڭىلاشلارنىمۇ ئېلىپ بارغان. بۇنى ئۇنىڭ «دىۋان» نى بۇرۇن ھېچكىم تۈزمىگەن ۋە ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغان ئالاھىدە تەرتىپتە تۈزگەنلىكى ھەققىدىكى بايانلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلاردا شېۋىلەرگە دائىر قائىدىلەر، سۆزلەردىكى گرامماتىكىلىق مورفولوگىيىلىك، لېكسىكىلىق، سېمانتىكىلىق ئالامەتلەر كۆرسىتىلگەن. «دىۋان» دا يەنە تۈركىي تىللىرىدىكى سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈش ئەنئەنىلىرى، سۆز تەرتىپى، پېئىل شەكىللىرى، سۆز ئېتىمولوگىيىسىگە دائىر پىكىرلەر يورۇتۇلغان. «دىۋان» سەككىز بۆلۈم، مۇقەددىمە ۋە خۇلاسىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، جەمئىي 7500 دىن ئارتۇق تۈركىي سۆز ئىزاھلانغان.

تەتقىقاتچى ۋە تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي «دىۋان» دا بېرىلگەن ئۇچۇر ۋە مەلۇماتلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاپ كۆرسەتكەن①:

1. تۈركىي قەبىلىلەر ۋە بۇ قەبىلىلەرنىڭ تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلار بېرىلگەن.

2. تۈركىي قەبىلىلەر ياشىغان جايلار، شەھەرلەر، مۇھىم يېزىلار، قاتناش تۈگۈنلىرى، تاغ ـ دەريالار تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورۇنلىرى مەخسۇس دۈگىلەك خەرىتە بىلەن كۆرسىتىلگەن.

3. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى جانلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن تۈرلۈك تېمىدا 242 كۇپلېت ئەدەبىي پارچە، 200 دىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل بېرىلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى يازما ۋە ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى كۆرسىتىلگەن، شۇنداقلا شۇ دەۋردىكى پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي قاراشلار يورۇتۇپ بېرىلگەن.

4. يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىققا ئائىت سۆزلەر، ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھايۋاناتىنىڭ نامى بېرىلگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

5. ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئاتالغۇلار، ئۇنۋانلار چۈشەندۈرۈلگەن.

6. كالېندارچىلىق ۋە ئاسترونومىيىگە دائىر مەلۇماتلار، پەلەك بۇرجلىرى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرى بايان قىلىنغان.

7. تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلار، ياخشى كۆرىدىغان غىزالىرى، ئىچىملىكلەر ۋە ئۇلارنى تەييارلاش ئۇسۇللىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، كىيىم ـ كېچەكلەر، زىننەت بۇيۇملىرى، كىشىلەرنىڭ ئولتۇرۇش ـ قوپۇشلىرىغا ئائىت ئەدەپ ـ قائىدىلەر تونۇشتۇرۇلغان. تىببىي دورىلار ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركىي تىل ۋە ئەرەب تىلىدىن تەركىب تاپقان سېلىشتۇرما ئىزاھلىق لۇغىتىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ياشىغان جايلىرى، تۇرمۇش يوسۇنلىرى، تارىختىكى مەشھۇر قەھرىمانلىرى، ھەرقايسى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسىگە دائىر دىنىي، مەدەنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارغا بۇ قەدەر ئالاھىدە ئورۇن بېرىشى ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنيا ۋەزىيىتىگە بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى: ئىسلام ئوخشىمىغان ئىرقتىن بولغان بارلىق مۇسۇلمانلارغا ھوقۇق ۋە مۇئامىلىدە باراۋەر بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئەرەب، پارس ياكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەغرۇرلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان شوۋىنىزملىق ئىدىيىسىگە قارشى مەۋقە ئىدى. گەرچە بۇ ئىسلامنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى پوزىتسىيىسى بولسىمۇ، ئەمما تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقلەر تۈپەيلى، ئۇلاردا ئۆز قەۋمىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن كۆرۈش خاھىشى ھامان مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، مىلادىيە 8 ـ ئەسىرلەردە پارسلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەرەبلەرنىڭكىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى؛ بەزى ئەرەب ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتمۈشىنىڭ شانلىق ئۆتمۈش ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنەتتى؛ دەسلەپكى مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكىگە تۈركىيلەر ئەسكەر ياكى قوماندان سۈپىتىدە ئىشتىراك قىلغاچقا، بەزى ئەرەب، پارس ئالىملىرىدا ئۇلارنى كەمسىتىش خاھىشى يۈز بەرگەنىدى②. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىيلەر ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ھەربىي ساھەسىنى ئىگىلەپ، مۇھىم سىياسىي ئورۇنلارغا چىقىپ، تەسىرى زورىيىشقا باشلىدى. مەھمۇد كاشغەرى بىر قىسىم پارس سەرخىللىرىنىڭ تۈركىي مەدەنىيەتكە تۇتقان پوزىتسىيىلىرىگە نىسبەتەن كەسكىن قارشى مەيداندا تۇرۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتىكى خاس ئۇبرازىنى، سۆلىتىنى ۋە مۇكەممەل سالاھىيىتىنى جاھان خەلقىگە تونۇتماقچى بولغان. تۈركلەرنىڭ دەسلەپكى جەمئىيەت سىستېمىسىدىكى سىياسىي، كۇلتۇرەل كىملىكى مۇنازىرە كەيپىياتى ئىچىدە مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلارنى باشتىن كەچۈردى. تۈركلەرنىڭ ئابباسىيلار خەلىپىلىكىدىكى ھەربىي رولى ۋە باشقا پەزىلەتلىرى ئەمىر ئىبنى بەھرىل جاھىز (مىلادىيە 776 ـ 868) دەك ئەرەب يازغۇچىلىرىنىڭ سەممىي مەدھىيىسىگە ئېرىشتى، ئۇ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى تۈرك ھۆكۈمدار ئىبنى خاقانغا بېغىشلانغان «تۈركلەرنىڭ پەزىلەتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە تۈركلەرنىڭ مىللىي خاراكتېرىدىكى يالغانچىلىق، خۇشامەتچىلىك، كىبىر، تۆھمەتخورلۇقتىن

خالى ئىبسل سۇپەتلىرىنى، ئۇلارنىڭ جەڭدىكى جەسۇر، چەبدەس، چىداملىق بولۇشتەك خىسلەتلىرىنى ئىنچىكە دىتاللار
ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ. ئۇ يەنە تۈرك ئەسكەرلىرىنىڭ غەيرىي تۈركلەردىن بولغان قوماندانلارغا بويسۇنمايدىغان مەغرۇر تە-
رەپلىرىنىمۇ ئەسكەرتىدۇ ③.
جاھىزنىڭ ئەسىرى تۈركلەرنىڭ ئەرەب سەرخىللىرى ئارىسىدىكى ئوبرازىنى كۆتۈرۈشتە مۇئەييەن رول ئوينىغان بو-
لۇشى مۇمكىن، ئەمدىكى مەسىلە تۈركلەر كېيىنكىدىكى ھەربىي سۇپەتنى ھەر تەرەپلىمە تويۇنغان كۇلتۇرەل سۇپەتكە يەت-
كۈزۈش بولۇپ، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈرك سەرخىللىرىنىڭ ئالدىدىكى مۇھىم بىر تارىخىي ۋەزىپىگە ئايلانغانىدى. مەھمۇد
كاشغەرى ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەب، پارس، تۈرك خەلقلىرىنى بىرلىك قىلغان ئىسلامىي چوڭ كۇلتۇر مۇھىتىدىكى تۈركلەرنىڭ
كۇلتۇرەل ئوبرازىنى قانداق تىكلەشتىن ئىبارەت يۈكسەك بۇرچىنى زىممىسىگە ئالدى ۋە ئىشنى تۈركىي سۆزلەرنىڭ كېيىن-
كە يوشۇرۇنغان مول تارىخ، مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى سەۋر بىلەن تەكشۈرۈشتىن باشلىدى. مەھمۇد كاشغەرى نىشاپۇرلۇق
بىر ئالىمدىن ئاڭلىغان «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭلار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ» ④ دېگەن ھەدىس-
نى نەقىل كەلتۈرۈپ، تۈركىيلەرنىڭ ھەربىي ئۈستۈنلۈكىنىڭ كەينىدىكى كۇلتۇرەل سالاھىيەتنى ئالاھىدە ئەسكەرتىدۇ.
خۇددى ئۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكىرنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن، ئەڭ
ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلىرىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھ-
رالىرىنى باشتىن ـ ئاياغ كېزىپ چىقتىم. تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياغما، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى
ئېنىقلاپ چىقىپ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم... ئۇلارنى رەتلەپ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم... ئەدەبىي يادىكارلىق ۋە
پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم» ⑤ دېگىنى-
دەك، ھەربىر سۆزنىڭ تېگىدىكى يوشۇرۇن مەنە، تارىخىي ئۇچۇر، جايلار ۋە شەخسلەر ئوبرازى، شېئىر ـ قوشاقلاردىكى
لاتاپەتلەردىن قاتلىمى مول ھەيۋەتلىك مەنىۋىيەت دۇنياسىنى سۈرەتلەپ چىقىدۇ. ئالىم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ باش تارتقىلى
بولمايدىغان مەجبۇرىيەت ئىدى. ئۇ لۇغەتكە سۆز تاللىغاندا، تۈركىي تىلدىكى ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىما-
غان ساپ سۆزلەرنى تاللاشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ.
يۇقىرىقى تەرەپلەرنى نەزەرگە ئالغاندا، «دىۋان» دا كۆپ قاتلاملىق سالاھىيەت ۋە سۇپەت ھازىرلانغان. «دىۋان»
تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەسۋىرى؛ ئەينى دەۋردىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مەدەنىيەتشۇناسلىق ۋە ئىنساند-
شۇناسلىق بابىدىكى تەرجىمھالى؛ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئاغزاكى ئىجادىيەت بايلىقى ياكى غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت بايلىقى-
نىڭ بەھەيۋەت مۇزېيى؛ تۈركىي ئەدەبىياتنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بىباھا خەزىنىسى؛ يېڭى ئىسلام ئېراسىدا
تۇرۇۋاتقان تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ مىللىي كىملىك قۇرۇلۇشىنىڭ چېرتيوژى؛ بۈيۈك بىر يازما مىراس سۈپىتىدە ئەجداد
بىلەن ئەۋلادنى روشەن مەدەنىيەت ئىڭى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتە؛ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىللىي ئېستېتىك
ئەندىزىسىنىڭ ئەينىكى.
«دىۋان» دا ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىسى ھەققىدە سىستېمىلىق مەلۇمات يوق، لېكىن بىز ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي پارچى-
لاردىن شۇ دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ زامانلار ئىلگىرىكى ئەدەبىياتنىڭ فورمىلىرىنى، ئوبرازلاردىكى خۇسۇسىيەتلەرنى،
مەۋھۇم ھالدىكى ئېستېتىك پرىنسىپلارنى ھېس قىلالايمىز. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېگەن:
«مەن بۇ كىتابنى ھېكمەتلىك سۆزلەر، سەجئەلەر، ماقال ـ تەمسىللەر، بېيىت ـ قوشاقلار، رەجەزلەر ۋە نەسرىي پارچىلار بىلەن
بېزەپ، مەخسۇس ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىپ چىقتىم» ⑥. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «دىۋان» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن
ئەدەبىي پارچىلار ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى تەرىپىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ.
«دىۋان» نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، ئەمما ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ شەكىل جەھەتتىكى بىرلەمچى ئېلېمېنتى
بولغان سۆزلەر ھەققىدە توختىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى جۈملە ئىچىدە تۇرغۇزۇپ تەسۋىرلەيدۇ. خۇددى گېئومېترىيىدى-
كى بىر نۇقتا سانسىز سىزىقلارنىڭ ئۆتۈشۈش نۇقتىسى بولغاندەك ياكى سىزىقلارنىڭ باشلىنىش ياكى ئاخىرلىشىش نۇقتى-
سىغا بەلگە بولغاندەك، ھەتتا چەكسىزلىككە ۋەكىل بولغاندەك، ھەربىر سۆز ئۆز نۆۋىتىدە بىر شېئىردۇر، چۈنكى ئۇلارنىڭ
ئۆزىگە خاس باغلىنىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى بار. سۆز ئۇقۇمىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن خىيالىي ھېس ـ تۇيغۇلار-
نىڭ پوستى بولۇشى مۇمكىن. بۇ گودفرېي سمىس (Godfrey Smith) دېگەن غەربلىك ئەدىبنىڭ: «سۆز ئاۋازلىق كۆ-
رۈمسال كارامەتلەر بىلەن تولغانكى، ئۇ سەن ئۇچۇن ماھىيەت ۋە سېھىر بىلەن تولغان مەۋجۇدىيەت» ⑦ دېگىنىگە تامامەن

مۇۋاپىق كېلىدۇ، مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ماڭا بىر سۆز (ۋەدە) بېرىڭ، | *bərin̡ man̡a sozkiyə* |
| قارا مەڭلىك گۈزەل يۈزلۈكۈم، | *mənlig kara tuzkīya* |
| كۆزلىرىڭىز (مېنى) سېھىرلىۋالدى، | *yəlvin tutar kəzkiyə* |
| مۇڭ - زارىمنى بىلىڭ. | *mun̡um mənin̡ bilin̡ə* |

(3 - توم، 490 - 491 - بەت)

بۇ مىسرالاردا ئىسىم، ئالماش، سۈپەت ۋە پېئىللار شېئىردىكى مۇزىكىلىق تەرتىپكە بويسۇنۇپ، بىزنى ئاۋاز بىلەن سۈرەتنىڭ يارقىن جۇلاسىغا بىراقلا ئېرىشتۈرىدۇ. بىز بۇ شېئىرنىڭ رېتىمىدىن، مۇزىكىلىق قاپىيىدارلىقىدىن شېئىرنى ئېيتقۇچى ئاشىقنىڭ يۈرەك رېتىمىنى ئاڭلايمىز، روھىي ھالىتىنى قىياس قىلىمىز. شېئىردىكى ئىسىم ۋە سۈپەتلەر يارنىڭ پورترېت تەسۋىرىنى پەيدا قىلىپ، مۇزىكىدىن كېلىپ چىققان تەسىرلىك سۈرەتنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. بۇ سۈرەت ئاشىق يىگىتنىڭ ئىشق نەزىرى بىلەن كۆرۈلگەن ھەم بايقالغاندۇر. بۇ شېئىرنىڭ قاپىيە سىخېمىسى AAAA بولۇپ، «سۆز»، «يۈز»، «كۆز» ئىسىملىرى «بىل» پېئىلى بىلەن قاپىيە ئەۋجىدە ئاھاڭداش ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن. شېئىردىكى ھەربىر سۆز ئاھاڭ جەھەتتىن بىر ئېچىۋېتىلگەن سىنتېزا بولۇپ، يەنە بىر سۆزدىكى ئاھاڭ ئىمكانىيىتى بىلەن ماسلىشىپ، مىسرالاردىكى بىر پۈتۈن ئاھاڭنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

بىز مەزكۇر شېئىردىكى «مەڭ» دېگەن سۆزنى ئالساق، بۇ «دىۋان» دا ئايرىم - ئايرىم ھالدا «دان»، «خال» دېگەن مەنىلەردە ئىزاھلانغان. مەڭ بىلەن دان كۆرۈنۈش جەھەتتىن مۇئەييەن ئوخشاشلىققا ئىگە شەيئىلەر بولۇپ، بۇلار مەڭ دېگەن شەكىلداش ئىبارىگە كەلتۈرۈلگەن، بايان قىلغۇچىنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقىنى بىز جۈملە سۆزىنىڭ ئورنىدىن بىلىمىز. مەڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى شەيئىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق يوشۇرۇن مەجازىي ئالاھىدىلىكىنى ياراتقان. «دىۋان» دىكى مېتود بىزگە مۇنداق ئەدەبىي ھەقىقەتنى ئۇقتۇرىدۇ: سۆز ئەدەبىياتنىڭ ئۇل ئاملى سۈپىتىدە ئۆزىگە خاس ھېس - تۇيغۇ، ئۇقۇم، شەكىل، ئاھاڭ، قۇرۇلما قاتارلىقلارغا ئىگە. دېمەك، سۆز ئۆزىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر پارچە شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ. سۆز مەنە جەھەتتىن مۇقىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، جۈملىدىكى ئورنى، جەمئىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن ئۆز مەنىسىنى جانلىق ھالدا كېڭەيتىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ سۆزلەرنى ئېلىپبە تەرتىپىدە تىزىپ چىقىپ دېگىنى دەل «دىۋان» نىڭ لۇغەتلىك خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، ھەتتا ئەرەب، پارس، تۈرك ئەدەبىياتىدا «دىۋان» لىرىك ژانىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدىغان بولۇپ، ئۇنى مۇستەقىل ئەدەبىيات ئۇقۇمى سۈپىتىدە چۈشىنىش زۆرۈر. چۈنكى، ئەرەب، پارس، تۈرك ئەدەبىياتىدىكى شېئىر توپلاملىرى «دىۋان» دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئۈستىگە، شېئىرلار (غەزەللەر) نىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى مىسرا ئاخىردىكى قاپىيىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەرپى تۇتقا قىلىنىپ، ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەگەر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «چاھار دىۋان» (تۆت شېئىرلار توپلىمى») دەپ ئاتالغان «خەزائىنۇل - مەئانى» (مەنەلەر خەزىنىسى) ناملىق مەشھۇر شېئىرىيەت قامۇسىغا قارايدىغان بولساق، «دىۋان» نىڭ تۈزۈلۈشى ھەققىدە ئەمەلىي چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، «دىۋانى لۇتفىي»، «دىۋانى نەۋبەتىي» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا نەزەر سېلىش ھەم مۇمكىن. تۈرك ئەدەبىياتى تارىخچىلىرى مەخسۇس «دىۋان ئەدەبىياتى» دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلىتىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ئەرەب ئېلىپبەسى ئومۇملاشقان دەۋردىكى ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن غەزەللەر ۋە باشقا شېئىرىي ژانىرلار مەجمۇئەسىگە قارىتا ئېيتىلغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى مەخسۇس دىۋان ئەدەبىياتى ئۇقۇمى بويىچە تەتقىق قىلىش زۆرۈر.

بىز ئەمدى «دىۋان» دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدىكى بەزى ئىزاھلارغا قاراپ باقايلى:

دىۋان — (1) قازناخانىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋال خاتىرە دەپتىرى ياكى بۇ دەپتەر ساقلانغان قاپ؛ (2) مەجلىس؛ (3) دۆلەت مىنىستىرى؛ (4) بىرخىل كىيىم نامى؛ (5) لىرىك شېئىرلار توپلىمى، مەسىلەن، «دىۋانى ھافىز» دېگەندەك ⑧.

«ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» دە «دىۋان» دېگەن سۆز «يۆلەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇق» مەنىسىدە ئىزاھلانغان ⑨.

ئۇ سۆز «تۈركچە سۆزلۈك» تە تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلگەن:

دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئورگان ياكى مەجلىس، مەسىلەن، دۆلەت مەجلىسى
( 1) دۆلەتنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان ئورگان ياكى مەجلىس، مەسىلەن، دۆلەت مەجلىسى
دېگەندەك؛ ( 2) شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى توپلانغان ئەسەر؛ ( 3) كارىۋات ⑩.
دېمەك، پارسچىدىن كەلگەن بۇ سۆز ئىسلامىي ئەدەبىيات ساھەسىدىكى مەخسۇس ئەدەبىي ئاتالغۇ سۈپىتىدە توپلام
دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يازما ئەدەبىياتتىكى شېئىر مەجمۇئەسىنىڭ مۇستەقىل ئەندىزىسىنى كۆرسىتىدىغان
بولدى. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ماۋزۇدىن ئۇنىڭغا لۇغەت دېگەن مەنە يۈكلەنگەنلىكىنى، بۇ خىل لۇغەتنىڭ ئۆز
نۆۋىتىدە قامۇس مەنىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.
«دىۋان» غا قارايدىغان بولساق، شېئىرىيەت ئاتالغۇلىرىغا دائىر «قوشۇغ» دېگەن ئىبارىنى ئۇچرىتىمىز، بۇ سۆز ھازىر-
قى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «شېئىر»، «قەسىدە» دەپ ئىزاھلانغان ⑪. بىز يەنە «دىۋان» دىن شېئىرىيەتكە ئائىت «كۆگ»
دېگەن ئىبارىنى تاپىمىز، ئۇ شېئىر، ناخشىلارنىڭ ۋەزنىگە قارىتا ئىشلىتىلگەن؛ بۇ سۆز يەنە ھازىرقى «كۈي»، «ئاھاڭ» دېگەن
مەنىدىمۇ چۈشەندۈرۈلگەن ⑫. «دىۋان» دىن چۈچۈ ئاتلىق بىر تۈرك شائىرنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز ⑬. مەلۇمكى،
مەھمۇد كاشغەرى ياشىغان دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا خەلق ئەدەبىياتى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇش بىلەن بىرگە،
يازما ئەدەبىياتنىڭ داڭلىق سەركىلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئەرەب ـ ئىسلام تەسىرىدىن مۇستەسنا ساپ تۈركىي شېئىرلارنى
ئىجاد قىلغانلىقى چوقۇم. بۇ گېپىمىزنى قوچۇ ئۇيغۇرلىرىدىن چىققان شائىرلارنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر ساقلىنىپ كەلگەن
شېئىرلىرى ئېنىقمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ. تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئىي مانى ۋە بۇددىزم دەۋرىگە ئائىت بىر قىسىم ۋەسىقىلەردە ساق-
لانغان شېئىرىيەت ئاتالغۇلىرىدىن ئاز ـ تولا مەلۇمات بەرگەن. ئېيتىلىشىچە، ئۇ دەۋردە يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە «قوژان»
(ناخشا، بېيىت)، «تاقشۇت»، «ئىر» دېگەندەك ئاتالغۇلارمۇ بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىرقى «شېئىر» (ئەرەبچىدىن
كىرگەن سۆز) دېگەن مەنىدە ئىدى ⑭. «دىۋان» دىكى «قوشۇغ» سۆزى زامانىمىزدىكى «قوشاق» ئاتالمىسىنىڭ مەنبەسى
بولۇپ، ھازىر ئۇ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇھەببەت، ئەمگەك، جەڭ قوشاقلىرىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، قەدىمكى زاماننىڭ
شائىرلىرى ئاغزاكى ئىجاد قىلغان شېئىرلار ھازىرقىدەك مەتبۇئات يولى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ
تارقىلىپ ۋە بارغانسېرى پىشىپ ـ تاۋلىنىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ مەنىۋى مىۋىسىگە ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ شېئ-
ئىرلىرى يادلاشقا ئاسان، چۈشىنىشلىك، راۋان ھەم ئاددىي ـ ساددا ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنغان. ئەينى زامان شائىرلىرى ئەمە-
لىيەتتە ھەقىقىي خەلقچىل شائىرلار ئىدى. دېمەك، ھازىرقى «شېئىر» دېگەن مەنىدىكى «قوشۇغ» دېگەن ئىسىم «قوش»،
«قوشماق»، «قاتماق» دېگەن مەنىلەردىكى «قوش» پېئىلىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «سۆزنى سۆزگە قاتماق»، «مەنىنى مەنىگە
قاتماق» مەنىلىرىگە ئىگە. «قوشماق»، «قاتماق» دېگەن پېئىللارنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، بۇلار دەل «قوشاقچى» نىڭ سۇبىېك-
تىپ دۇنياسىدىكى ھېسسىي پائالىيىتىنىڭ بەلگىلەش رولىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ يەردە شائىرنىڭ سۆزگە ھېسسىيات ۋە پىكىر
دۇنياسىنى ئارىلاشتۇرۇش قىممىتىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. «قوشۇش» دېگەن سۆز شائىرنىڭ مەنىۋى دۇنياسى
ئارقىلىق سۆزلەرنى پايلاپ، مەنىۋىيەتنىڭ يېڭى بىناسىنى روياپقا چىقىرىشىدىن ئىبارەتتۇر.
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «قوش ھەيدىمەك» دېگەن بىر تۇراقلىق ئىبارە بار، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ھالدا قوش
ھەيدىگۈچىنى «قوشچى» دەپ ئاتايمىز. بۇ يەردە «قوش» دېگەن سۆز «كالا» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. «تۈرك خەلق ئەدەبىيا-
تى» دېگەن كىتابتا «قوشۇغ» نىڭ «كالا» بىلەن ئالاقىدار تەرەپلىرى ھەققىدە ئازراق توختالغان: دېيىلىشىچە، ئۇۋدىن
كېيىن ياكى خۇشال ـ خۇرام تويلاردا ھازىر جاۋاب شائىرلار تەرىپىدىن ئوقۇلغان مۇھەببەت، باتۇرلۇق ھەققىدىكى شېئىر-
لار «قوشۇغ» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇنداق قوشاقلار CCCB، AAAB قاپىيە سخېمىسى بىلەن كەلگەن ⑮. مەزكۇر كى-
تابنىڭ تۈزگۈچىسى يەنە رەشىت رەخمەتى ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدىكى قاراش بويىچە، قە-
دىمكى تۈركلەردە تۆر ياكى ۋەزىن تەرەپتىن كېلىپ چىققان شېئىر ئاتالغۇلىرىدىن «قوشۇغ»، «تاقشۇت»، «تاقماق»، «ئىر»،
«كۆگ»، «شلوك...» قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتىدۇ.
ئەمدىكى مەسىلە «شائىر» ئاتالغۇسىدىن ئىبارەت. بىزگە مەلۇمكى، «شېئىر»، «شائىر» دېگەن ئاتالغۇلار ئەرەبچە بولۇپ،
ئىسلامىيەتتىن كېيىن بارلىققا كەلگەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ پەيدىنپەي
ئۆزلەشكەن. لېكىن، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى شامانىزم ۋە بۇددىزم ئەقىدىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدا
«شائىر» مەنىسىدىكى مۇستەقىل ئاتالغۇ، ئۇقۇملار بار ئىدى.
پروفېسسور فۇئاد كۆپرۈلۈ ھازىرقى «شائىر» مەنىسىنى يۈكلىگەن قەدىمكى تۈركىي ئاتالغۇلاردىن «شامان»، «قام»،

«ئويۇن»، «باخشى»، «ئوزاق» قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتىدۇ. بۇلار ھەرقايسى تۈركىي قەۋملەرنىڭ شېۋىسىدە مەۋجۇت بولغان «شائىر» ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر ئىدى ⑯. قەدىمكى دەۋرلەردە سېھىرگەرلىك، ئۇسسۇلچىلىق، مۇزىكا-شۇناسلىق، ھېكىملىك (تېۋىپلىق) ۋە شائىرلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلىمە سۈپەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بۇنداق كىشىلەر ئەل ئىچىدە يۇكسەك ھۆرمەت ۋە ئېتىبارغا سازاۋەر ئىدى. ئۇلار روھنى چاقىرىش، تەڭرىدىن پاناھلىق، يامغۇر ۋە باشقا شاپائەتلەرنى تىلەش، بىمارغا چاپلاشقان كېسەللىكلەرنى جىنلارنىڭ ئېلىپ كېتىشىگە ھاۋالە قىلىش قاتارلىق رولىلارنى ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. بۇنداق ئادەتلەر بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ چەت ۋە خىلۋەت يېزا ــ قىشلاقلىرىمىزدىكى ئادەملىرىمىز ئارىسىدا مەلۇم دەرىجىدە مەۋجۇت. ئەنگلىيە ئالىمى ج. گ. فرازېر (J.G.Frazer) نىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيادىكى نەرسىلەر تەبىئەتتىن ھالقىغان كۈچنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. بۇنداق پەۋقۇلئاددە كۈچ روھتىن كەلگەن بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئىستەكلىرى ئۇچۇن تەبىئەتنىڭ تەرتىپلىرىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇنداق روھ بەزى ئالاھىدە ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئەۋلىيالىق مەقامىدىكى ئادەملەر ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنداق ئادەم بولسا ئادەتتىكى ئادەملەر بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتە سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ روھىي ۋە ماددىي ئېھتىياجلىرىنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. شامانلار ياكى باخشىلار ئەينى زاماننىڭ پەيلاسوپلىرى، مۇشاۋىرلىرى ۋە شائىرلىرى سۈپىتىدە قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ياكى خاقانلارنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بولاتتى؛ قەبىلە خەلقىنىڭ ئوۋ، ئەمگەك، جەڭ ئىشلىرى ئۈچۈن پال ئاچاتتى؛ يۇلتۇزلارغا بېقىپ، بېشارەت بېرەتتى؛ پەلەك ۋە قىسمەتنىڭ رايىنى يېشىپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇلار يەنە قەھرىمانلارنىڭ ماتەم مۇراسىملىرىدا شېئىرلار ئوقۇپ ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت تىلەيتتى. شامانلار ۋە باخشىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك پائالىيەتلەرنى ئورۇنداش ھەرىكىتى ئۇسسۇل، مۇزىكا، قوشاق ئامىللىرى بىلەن بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەڭ ئىجرا بولاتتى.

تەتقىقاتچى كارل رېچل (Carl Reichl) نىڭ «تۈركىي خەلقلەردە ئاغزاكى ئېپىك شېئىرىيەت» (ئىنگلىزچە، «Turkic Oral Epic Poetry») دېگەن كىتابىدا قەدىمكى تۈركىي قەۋملەرنىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ شائىرلىق ئەنئەنىسى ھەققىدە خېلى قىممەتلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئېيتىلىشىچە، ياقۇتلار داستان ئېيتىدىغان كىشىنى «ئولونخوخوت» دەيدىكەن، بۇ «ئولونخو ئېيتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىكەن. بۇ سۆز قازاق خەلقلىرىدىكى «ئۆلەن» دېگەن سۆز بىلەن يىلتىزداش ئىدى. ئۇيغۇرلاردا بۇنداق كىشىلەر «قوشاقچى»، «داستانچى» دېيىلىدۇ. قازاقلار داستانچىلارنى «ئاقىن» دەپ ئاتايدۇ، بۇ پارسچىدىكى «ئاخۇن» دېگەن سۆز بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك. ئۇيغۇر، ئۆزبېك خەلقلىرى يۇرت ئارىلاپ ساز چېلىپ غەزەل ئوقۇيدىغان كىشلەرنى «ئاشىق» دەپ ئاتىشىدۇ.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدا قەدىمدىن تارتىپ بۈگۈنگە قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان «شائىر» دېگەن سۆزگە ۋارىيانتداش كېلىدىغان سۆزلەردىن «شامان»، «باخشى»، «كويچى»، «قوشاقچى»، «داستانچى»، «ئاشىق»، «ھاپىز» قاتارلىقلارنى ساناش مۇمكىن.

ئەدەبىيات ئىنسانلارنىڭ روھىي، ئىجتىمائىي ھادىسىلىرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان مۇھىتقا يارىشا ئۆز مەۋجۇتلۇقى ئۈستىدە ئويلىنىش ھەم ئۆزلىرىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىنى مەنبە قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ قەدىمكى ژانىرى بولغان شېئىرىيەت كۆپ ھاللاردا ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى سىرلىق تەسىراتلىرىنى، دىن ۋە ئىلاھىيەتكە بولغان كۈچلۈك مايىللىقىنى ئىپادىلىگەن.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ھېكمەتلىك سۆزلەر، ماقال ــ تەمسىللەر، بېيىت ــ قوشاقلار ئەينى دەۋر ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى ئاساسلىق ژانىر بولۇپ سانالغان. بىز «دىۋان» دىكى مەنبەلەر ۋە بىر قىسىم مۇتەخەسسىسلەر تەتقىقاتلىرى بويىچە «دىۋان» دىكى ژانىرلار ھەققىدە توختىلىمىز:

1. **ھېكمەت:** بۇ سۆز تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن بولۇپ، ھازىرقى مەنىسى «ئەقىل ــ پاراسەت» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭغا تەڭداش تۈركىي سۆز «ئەردەم» ياكى «بىلىك» تىن ئىبارەت. ئۇ ئاساسەن تەبىئەت، جەمئىيەت، ھاياتلىق ۋە ئىنساننىڭ روھى، جىسمانىي دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى ئەقىل ئارقىلىق تاسقاپ يەكۈنلەش ئاساسىدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر. ئۇنىڭدا ھاياتلىق دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل ئىشلار ھەققىدىكى تەجرىبىلىك خۇلاسىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاچقا، يۇكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە. شۇڭا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك كەچۈرمىشلىرىنىڭ يىغىنچاق ئىپادى-

سى سۇپىتىدە تىپىكلىشىپ، ئەسىرلەرسېرى داۋام قىلىدۇ. بىز «دىۋان» نى ۋاراقلىساق، بەزى بىلىك (ھېكمەت) لەرنى ئۇچ-
رىتالايمىز. مەسىلەن:

قەدىم ئىزى بىزاۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (1 - توم، 7 - بەت)

مەھمۇد كاشغەرى ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە بۇ بىلىكنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق سۆزلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش-
تىكى ئەجدادلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

*kimiŋ bilə kax bolsa yaxin yakmas*

كىمنىڭ بىلەن قاشتىشى بولسا، ئۇنىڭغا چاقماق تەگمەيدۇ. (3 - توم، 26 - بەت)

بۇنىڭدا ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ قاشتىشىدىن ئىبارەت شەيئىنى كۆزىتىش، چۈشىنىش نەتىجىسىدە كەلتۈرۈپ چىقار-
غان تەجرىبىلىك خۇلاسىسى ئەكس ئەتكەن.

«دىۋان» دىكى ماقال - تەمسىللەر ۋە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى ھەم پەلسەپىۋى تەرەپلىرىگە قارىغاندا،
«بىلىك» قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ كۈندىلىك تۇتۇۋقلىرىدا سالماقلىق ئورۇن تۇتىدىغان ژانىردۇر. بۇنداق ژانىرلار
روشەن ھالدا ئۆزىدە مۇنداق ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىغان بولىدۇ: بىرى، پاساھەتلىك جۈملە قۇرۇلمىسى، بۇنداق
جۈملە مىختا بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قويۇق شېئىرىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولىدۇ؛ يەنە بىرى، ھايات ۋە دۇنيا ھەققىدى-
كى مەلۇم پەلسەپىۋى ئىدىيىنى يورۇتۇپ بەرگەن بولىدۇ.

2. **ماقال - تەمسىل:** «دىۋان» دا 200 پارچىدىن ئارتۇق ماقال - تەمسىل بېرىلگەن. ناتان لايت مەھمۇد كاشغەرى
ھەققىدە يورگۈزگەن مۇھاكىمىسىدە ماقال - تەمسىلنى تۈركىي شېئىرىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ئۇسلۇبى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ
⑰. ئۇ پارس شېئىرىيىتىنىڭ شەكىل - ئۇسلۇبلىرى ئومۇملىشىشتىن ئىلگىرى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە تەمسىللىك
خۇسۇسىيەتكە ئىگە شېئىر ئۇسلۇبىنىڭ ساپ مىللىي ئەنئەنە سۈپىتىدە ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە بۇ
ھەقتە روبېرت دانكوف (Robert Dankoff)، گابائىن (Gabain)، تېكىن (Tekin) قاتارلىق مۇتەخەسسىسلەرنىڭ
تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى قاپىيىگە باي بولۇش، سىنتاكتىك پاراللېلىزم خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى
يەكۈنلىرىنى ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بۇ ئالىملار قەدىمكى تۈركىي ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ماقال - تەمسىل، تېپىشماق، بېشارەت
قاتارلىق ژانىرلارنىڭمۇ مۇھىم تەرىپى.

ماقال - تەمسىللەر تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك بىر بەلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىياتتىكى ئايرىم بىر ژانىر لاياقى-
تىدە بۈگۈنگە قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن. ئۇ بىرىنچىدىن، كوللېكتىپ ئۆتمۈشىنىڭ ساۋاقلىرى؛ ئىككىنچىدىن، كوللېكتىپ
ئوي - پىكرىنىڭ كرىستالى؛ ئۈچىنچىدىن، كوللېكتىپ تەجرىبىنىڭ شەكلى، تۆتىنچىدىن، كوللېكتىپ تىل - ئىپادە شەكلى-
نىڭ نامايەندىسى.

بىز ماقال - تەمسىلنى تۈرك - رونىك يېزىقىدىكى تاش ئابىدىلەرنىڭ تېكىستلىرىدىنمۇ تاپالايمىز.

مەسىلەن:

ئازمىسۇن دەپ بەلگە ياراتتى،

يېڭىلمىسۇن دەپ بىلگە (دانىشمەن) ياراتتى.

«دىۋان» دا: «بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن ئازماس» ⑱ دېيىلگەن.

مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەھمەد يۈكنەكىيلەردىن ئىبارەت ئەينى دەۋر يېرىك زىيالىيلىرىنىڭ ئورتاق
ئالاھىدىلىكى بولغان، يەنى «تۇنجى مۇسۇلمان تۈركىي ئاپتورلار تەمسىل ئۇسلۇبىدىكى تەلىمىي شېئىرلار ئارقىلىق ئەرەب،
پارس ئەدەبىياتىنىڭ خىرىسىغا ئۇنۇملۇك تاقابىل تۇرماقچى بولغان» ⑲.

«دىۋان» دىكى ماقال - تەمسىللەر قۇرۇلما جەھەتتىن ھەرخىل بولۇپ، ناھايىتى رەڭدار. ئۇلارنىڭ شەكلىنى تۆۋەندى-
كى ئۈچ تۈرگە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1) بىر جۈملىلىك ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

əsəndə əvək yok ئېسەن ئادەمدە ئالدىراش يوق.

(1 - توم، 105 - بەت)

tilkü øz yinigə ürsə üzuz bolur

تۈلكە ئۆز ئىنىگە ھۈرسە، قوتۇر بولار.

(1 - توم، 76 - بەت)

børi koxnisin yəməs

بۆرە قوشنىسىنى يېمەس.

(3 - توم، 304 - بەت)

بىر جۈملىلىك ماقال - تەمسىللەر كۆپ ھاللاردا بىر ئىدېيىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدىكى ئەقلىي يەكۈن ياكى بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ پرىنسىپى توغرىسىدىكى تەجرىبىنى قاراش شەكلىدە بولۇپ، مېتافورا ئاساسى كۈچلۈك. گەرچە ئۇنىڭدا بىرەر ھايۋان ياكى نەرسە تەسۋىرلەنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ مەلۇم مەزمۇن قاتلىمى ئىجابىي ياكى سەلبىي نۇقتىدىن ئېچىپ بېرىلىدۇ.

2) جۈپلۈك ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

kïlïq tatïksa ïx yunqïr ər tatïksa ət tunqïr

قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ، ئادەم داتلاشسا ۋۇجۇدى بۇلغىنىدۇ.

(2 - توم، 410 - بەت)

oqlan ïxï ïx bolmas oqlak münzi sap bolmas

بالىنىڭ ئىشى ئىش بولماس، ئوغلاق مۈڭگۈزى ساپ بولماس.

(3 - توم، 198 - بەت)

tolum anutsa kulun bulur tolum unutsa bulun bolur

قورال تەييارلىسا قولۇنلۇق بولۇر، قورالنى ئۇنتۇسا تۇتقۇن بولۇر.

(1 - توم، 288 - بەت)

جۈپلۈك ماقال - تەمسىللەر بېيىت شەكلىدە بولۇپ، ئىككى تەڭداش جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر قاپىيىداش بولىدۇ. ئۇلاردا ھايۋانلار دۇنياسىدىكى مەلۇم بىر ئىشنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ئادەمزات دۇنياسىدىكى مەلۇم ھادىسە پاراللېل قىلىنىش ئارقىلىق، ھاياتلىققا دائىر مەلۇم پەلسەپىۋى قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ خىل ماقال - تەمسىللەر بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى چوڭ داستانلارنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئېيتىلىشىدىكى ئەپچىللىك، ئۇرۇندىكى جەلپكارلىق، مەزمۇنىدىكى چوڭقۇرلۇق بىلەن كىشىلەر تەرىپىدىن دائىم ئېيتىلىدىغان سۆزلەرگە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

3) ئارىلاش جۈملىلىك ماقال - تەمسىللەر. مەسىلەن:

atasï aqïq almïla yəsə oqlïnïŋ tïxï kamar

ئاتىسى ئاچچىق ئالما يېسە، ئوغلىنىڭ چىشى قامار.

(2 - توم، 456 - بەت)

*bir toyin baxi aqrisa kamuq toyin baxi aqrimas*

بىر دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىسا، ھەممە دەرۋىشنىڭ بېشى ئاغرىماس.

(3 ـ توم، 232 ـ بەت)

بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەردە ئىككى ئاددىي جۈملە سەۋەب ـ نەتىجە نۇقتىسىدىن باغلىنىدۇ. ئىككى ئاددىي جۈملە ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭداش پاراللېللىق بولغاچقا، ئۇلار رىتىمدار، ئەستە قالدۇرۇشقا قۇلاي بولىدۇ.

«دىۋان» دىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ھەققىدە توختىلىشتا ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى مەنە-سىنى ئاساس قىلىش لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ماقال ـ تەمسىللەردىكى سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەت، ئوبراز ۋە مەنە، مۇ-زىكىلىق قۇرۇلما ھەققىدە ئەمەلىي تونۇشقا كەلگىلى بولىدۇ. ماقال ـ تەمسىللەر مۇزىكىدارلىق، پەلسەپىۋىلىك، شېئىرىي ئوب-رازچانلىق قاتارلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن كاپسۇللانغان تەلىمىي داستان لاياقىتىگە ئىگە.

3. **رىۋايەت:** رىۋايەت ئادەتتە تارىختىكى ئادەملەر ۋە ۋەقەلەر توغرىسىدىكى ئەپسانىۋى ھېكايىدىن ئىبارەت. رىۋايەت بىلەن ئەپسانىنىڭ پەرقى شۇكى، ئەپسانىدە ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى، تەبىئەتنى ھالقىغان قانداقتۇر بىر قۇدرەتلىك كۈچنىڭ ماھىيىتى، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى بايان قىلىنىدۇ؛ رىۋايەت بولسا مەلۇم جاي، شەخس ھەققىدىكى خىيالىي تەزكىرىدۇر. شۇڭا، كېننېس ماكلىش (Kenneth Macleish) رىۋايەتنى خىيالىي تارىخ، مەسەللەرنى بولسا خىيا-لىي تۇس ئالغان ئەخلاقىي ھەم ئېتىكىلىق تەلىمات دەپ شەرھلەيدۇ ⑳. قانداقلا بولمىسۇن، رىۋايەت پەننىي بىلىش ئاسا-سىدىكى ئىدراكنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان ئەركىن تەسەۋۋۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ يەردىكى تەسەۋۋۇر ئەينى ۋاقىتتا رېئاللىقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. ئۇ چاغدىكى رېئاللىق ھازىرقىدەك تار مەنىدە ئەمەس ئىدى، بەلكى ئەتراپتىكى ھەممە نەرسە مۆئەييەن بىر روھنىڭ كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

«دىۋان» دىكى رىۋايەتلەر ئومۇمەن تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ ئەھۋالى، نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۇلاردىكى ئاتاقلىق قەھ-رىمانلار، شەھەرلەر، مۆچەللەر توغرىسىدا مول تارىخىي ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. يەر ـ جاي ۋە شەخسلەرنىڭ نامل-رى «دىۋان» دىن مۇستەقىل بىر سۆزلۈك سۈپىتىدە ئورۇن ئالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار بىر تارىخقا، تارىخىي ئاڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. «دىۋان» دىكى رىۋايەتلەر مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مىللىي كىملىك ئېڭىنىڭ، يەر ـ جاي، مىللەت ۋە شەخسلەر نامل-رىنىڭ يىپىپ كۆرسىتىلىشى بولۇپ، ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى نەسرىي ئەدەبىياتنىڭ ئۈلگىلىرى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلاردا خېلى روشەن پېرسوناژ ئوبرازى، سۇژېت ۋە نەسرىي بايان شەكلى بار بولۇپ، ئورخۇن بويلىرىدىكى تاش ئابىدىلەردىكى قاغانلارنىڭ شۆھرەتلىك قىسسىسى بىلەن ئېزچىللىققا ئىگە «دىۋان» دىكى ئۇيغۇر، تۈركمەن، 12 مۆچەلنىڭ كېلىپ چىق-شى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ۋە بارمان شەھىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر تۈركىي خەلقلەر ئېتنولوگىيىسىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئەلۋەتتە، «دىۋان» دىكى رىۋايەتلەر ئۆزىنىڭ بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن باشقا مىللەتلەرنىڭ رىۋا-يەتلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە، ئەمما ئۇلار مىللىي ۋە كۇلتۇرەل خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتە جانلىق دېتاللارغا ئايلانغان. بۇ-لار مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇلار مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭ تەسىرلەرنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. بۇلار مۇتەپەككۇر گۈلكى زامان ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن پەرھات جىلان، ئەبەيدۇللا ئىبراھىملار ئەنە شۇنداق مۇتەپەككۇرلاردىن ئۈنۈملۈك پايدىلان-غان.

4. **شېئىرلار (شېئىرىيەت):** شېئىر ـ قوشاقلار «دىۋان» نىڭ مەدەنىيەت قاتلىمىنى بېيىتىشتا ئالاھىدە ھەسسە قوشقان رەڭدار ھەم جەلپكار ژانىردۇر. «دىۋان» دىكى شېئىرلارنىڭ تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ئوبرازچانلىقى ئەينى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. فۇئاد كۆپرۈلۈ قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردىكى شېئىرلارنىڭ ژانىرىنى ئۇلاردىكى مۇراسىملارنىڭ تۈرى بىلەن باغلاپ ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، قەدىمكى تۈركىي خەلقلەردە دىنىي ماھىيەتكە ئىگە ئۈچ مۇراسىم بار ئىدى: بىرى، ئوۋ مۇراسىمى، ئوغۇزلار ئۆكۈزنى تۇتېم قىلغان بولۇپ، ئوۋلاردا ئۆكۈزنىڭ خاسىيىتىگە بېغىشلانغان قوشاقلار كولىكتىپ ئىجرا ئېتىلگەن. ئوۋچىلىق تۈركىي خەلقلەر ھاياتىنىڭ ئاجرالماس بىر بۆلىكى سۈپىتىدە ھەتتا تېمۇرىيلەر ۋە ئوسمانىيلار دەۋرىگىچە داۋاملىشىپ، ئەدەبىياتنىڭ شاھ-شاش بۇلىقىغا ئايلانغان. يەنە بىرى، زىياپەت (توي) مۇراسىمى. يامغۇر تىلەشكە ئوخشاش قۇربانلىق مۇراسىملىرىدا شامان-لار ياكى باخشىلارنىڭ مۇزىكا، ئۇسسۇل، قوشاق ئارىلاشقان ھەرىكىتى كېيىنكى بايرام شېئىرلىرىنىڭ خىمىرتۇرۇچى بولغان

ئۇچىنچىسى، ماتەم مۇراسىمى. ئاقساقاللار، قەھرىمانلار ئۆلگەندە كىشىلەر ئەمەل قىلىدىغان بىر يۇرۇش دەپنە ئادەتلىرى بار ئىدى، شۇلارنىڭ ئىچىدە مەرسىيە قوشاقلىرى ئالاھىدە بىر تۈر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ㉑. بۇ قوشاقلاردا مەرھۇمنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىش ئىزلىرى، كىشىلەرنى سۆيۈندۈرگەن سۈپەتلىرى سۆزلىنىپ، روھىغا ئەمىنلىك ۋە ئىستىراھەت تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ تۈر ھازىر خەلقىمىز ئارىسىدا ھازا قوشاقلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. بىراۋ ۋاپات بولسا، ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭ قوشاق قېتىپ ھازا ئاچىدىغان ئادەتلەر خەلقىمىز ئارىسىدا ھېلىھەم مەۋجۇت.

«تۈركىي خەلقلەردە ئاغزاكى ئېپىك شېئىرىيىتى» دېگەن كىتابتا ئاپتور «دىۋان» دىكى شېئىر قوشاقلارنى ك. بروككېلمان (C.Brockelman) تەرجىمە قىلغاندا ئايرىلغان ژانىرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ژانىرلار شېئىرلاردىكى مەزمۇننى ئاساس قىلىپ، ئايرىلغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ژانىرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇ ژانىرلار شېئىرلاردىكى مەزمۇننى ئاساس قىلىپ، ئايرىلغاندەك قىلىدۇ. ئۇ ژانىرلار مۇنداق: (1) مەرسىيە قوشاقلىرى، (2) باتۇرلۇق قوشاقلىرى، (3) شاراب قوشاقلىرى، (4) ئوۋ قوشاقلىرى، (5) مۇڭ قوشاقلىرى، (6) مەدھىيە قوشاقلىرى، (7) سۆكمە قوشاقلار، (8) مۇھەببەت قوشاقلىرى، (9) تەبىئەت قوشاقلىرى، (10) مۇنازىرە قوشاقلىرى، (11) نامەلۇم قوشاقلار. بىز ك. بروككېلماننىڭ تۈرگە ئايرىشىدىن پايدىلانغان ئاساستا، «دىۋان» دىكى شېئىرلارنى تۈرلەر بويىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1) **داستان:** ھەممىمىزگە ئايانكى، داستان شېئىرىيەتتىكى ئەڭ چوڭ ئېپىك ژانىر، شۇنداقلا ئەڭ دەسلەپكى پروزا مەكتىپى. ئۇ قەدىمكى خەلقلەرنىڭ ئۆز قەھرىمانلىرى بىلەن باغلىنىپ كەتكەن ئالاھىدە تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇ دەۋرگە ئۇيغۇن تۇرمۇش شەكلى، ئۆرپ - ئادەت، ژانىر، تىل ئامىللىرى ئاساسىدا تەسۋىرلىگەچكە، يورۇتۇپ بەرگەن دەۋرى ئۇزۇن، سۇژېتلىرى مۇرەككەپ، توقۇنۇشلىرى ئۆتكۈر، پېرسوناژلىرى كۆپ بولىدۇ.

«دىۋان» غا داستانلاردىن نۇرغۇن شېئىرىي پارچىلار كىرگۈزۈلۈپ، سۆزلەر مول تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشلىرى ۋە سىنتاكسىسلىق قۇرۇلما ئىچىدە يارقىنلاشتۇرۇلغان. نەقىل كەلتۈرۈلگەن پارچىلار گەرچە تارقاق ۋە تەرتىپسىز بولسىمۇ (مىساللار ئېھتىياجغا بويسۇنغان ھالدا)، ئۇلارنى ۋەقەلەر راۋاجى تەرتىپى بويىچە پايلاپ، نىسبىي پۈتۈن ھالەتكە كەلتۈرۈش مۇمكىن. تىلشۇناس ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى «دىۋان» دىكى 240 كۇپلېتتىن ئارتۇق شېئىر ئىچىدىن 36 كۇپلېتىنى تاللاپ، رەتلەپ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەينى ۋاقىتتىكى مەلۇم بىر شائىر تەرىپىدىن بېكەچ ئارسلان تېگىن نامىغا بېغىشلانغان يازما تارىخىي داستان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدى ㉒. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى پېكەچ ئارسلان تېگىن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىلىرىدىن بىرى بولغان ھەسەن (ھارۇن) بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىدۇ. ئۇ داستاننى قاپىيە ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن تۆت بۆلەككە ئايرىيدۇ. شۇنىسى مەلۇمكى، داستانلارنىڭ مەزمۇن ياكى ۋەقەلىك راۋاجىدا باشقۇچلۇق ئۆزگىرىش بولغاندا، ۋەزىن ۋە قاپىيە قۇرۇلمىسى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. بۇ ئەھۋال شائىرنى قاپىيە ھەم سۆز تاللاش مۇمكىنچىلىكى جەھەتتە نىسبەتەن ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈپلا قالماي، داستاننى زېرىكىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ، داستان ئاڭلاشقا يېقىملىق، شوخ تۇيۇلىدۇ، شەكلىمۇ جەزىبىدار بولىدۇ. بىز ھەربىر بۆلەكتىن بىردىن مىسال ئېلىپ كۆرۈپ باقايلى:

| | |
|---|---|
| *usitoqan kuyax kapsadi* | ئۇسسىتىدىغان قۇتاش قاپسىدى، |
| *umunqluoq azax yaysadi* | ئۇمۇنغان (ئۈمىد قىلغان) ئاداش (قوشۇنىي) تارقاتماقچى بولدى، |
| *artix suvin kaqsadi* | (دۈشمەن) ئېرىتىش سۈيىنى كەچمەكچى بولدى، |
| *budun anin ürküxür* | شۇڭا خەلق ئۈركۈشۈۋاتىدۇ. |

(1 - توم، 211 - بەت)

| | |
|---|---|
| *alp ərənni øzürdüm* | باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم، |
| *boynin aniŋ kazirdim* | ئۇنىڭ بويىنىنى قايرىدىم، |
| *altun kümüx yüzürdüm* | ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى يۇدكۈزدۈم، |
| *süsi kalin kim øtər* | قوشۇنى كۆپ كىم ئۆتەلەيدۇ. |

(«دىۋان»، 1 - توم، 480 - بەت)

*ərən alpi okixtilar*
باتۇر ئەرلەر (بىر ـ بىرىنى جەڭگە) چاقىرىشتى،
*kiŋir kozin bokixtilar*
قىڭغىر كۆزلىرى بىلەن قاراشتى،
*kamuƣ tolmun tokixtilar*
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
*kiliq kinka küqin siƣdi*
قىلىچ قىنىغا تەستە سىغدى.
(1 ـ توم، 465 ـ بەت)

*əndik kixi tətilsün*
ئەخمەق ھوشىنى تاپسۇن،
*əl törü yətilsün*
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
*tokli böri katilsun*
توقلى، بۆرە قېتىلسۇن،
*kaẑƣu yəmə savilsun*
غەم ـ قايغۇ يەنە توگىسۇن.
(1 ـ توم، 144 ـ بەت)

يۇقىرىقى مىساللارغا قارايدىغان بولساق، باتۇرلارنىڭ قورقۇمسىزلىقى، جەڭلەرنىڭ دەھشىتى، تەرتىپلىك ھاياتقا بولغان تەلپۈنۈشى قاتارلىق ھايات كارتىنىلىرىنى ھېس قىلىمىز. پارچىلارنىڭ شەكلىنى كۆزەتسەك، مىسرالار ئومۇمەن يەتتە ياكى سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، تۆت مىسرا بىر كۇپلېتنى ھاسىل قىلغان. بۇ تۈركىي داستانلارنىڭ بارماق ۋەزنىدىكى تۆتلۈكتىن تۈزۈلۈشىدەك ئەنئەنىنىڭ تىپىك بىر ۋارىيانتى ھېسابلىنىدۇ. قاپىيە سخېمىلىرىمۇ ئاساسەن AAAA، BBBA، CCCA لاردىن ئىبارەت. بەزى كۇپلېتلاردا باش قاپىيە ياكى ئىچ قاپىيە ئۇچراپ قالىدۇ.

2) **مەرسىيە قوشاقلىرى:** بۇنداق قوشاقلار قەۋملەر ئارىسىدىكى ئاقساقاللار، يولباشچى بەگلەر، ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىش، قايغۇرۇش، روھىغا مەدەت تىلەش ۋە سېغىنىش كەبى ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە پەيدا بولىدۇ. «تۈركىيلەر خەلق ئەدەبىياتىدا مەۋجۇت قەھرىمانلار ماۋزۇلىرىنىڭ، داستانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شۈبھىسىزكى، ماتەم ئېيتىمىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» ㉓. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، مەرسىيەلەر تېمىسىنىڭ قەھرىمانلارغا بېغىشلانغىنىدىن قارىغاندا، مەرسىيە قوشاقلىرى قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ بىر بۆلىكى بولۇشى مۇمكىن. «دىۋان» دىكى مەرسىيەلەر ئالپ ئەرتوڭا (ئافراسىياپ) غا بېغىشلانغان. ئالپ ئەرتوڭا «دىۋان» دا تۈركىي خەلقلەرنى پارسلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغۇچى بۈيۈك قەھرىمان سۈپىتىدە ئايان بولىدۇ. بىز بۇ سىيمانى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» نى يېزىشتىكى ئۇمۇمىي خاھىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا ھەمدە «شاھنامە» دىكى ئافراسىياپ بىلەن باغلاپ چۈشەنگىنىمىزدە، ئالپ ئەرتوڭا تۈركىي خەلقلەرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي، كۇلتۇرەل كىملىكىنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بىز بۇ ھەقتىكى مەرسىيىنىڭ ۋە باشقا مەرسىيەلەرنىڭ بەدىئىي فورمۇلىلىرىغا قاراپ باقايلى:

*alp ərtoŋa öldimu*
ئالپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
*əsiz azun kaldimu*
يامان دۇنيا قالدىمۇ؟
*özlək öqin aldimu*
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
*əmdi yürək yirtilur*
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.
(1 ـ توم، 59 ـ بەت)

*bəglər atin arƣurup*
بەگلەر ئېتىنى ھارغۇزدى،
*kaẑƣu ani turƣurup*
قايغۇ ئۇلارنى تۇرغۇزدى،
*məŋzi yüzi sarƣarip*
مەڭزى، يۈزى سارغايدى،
*körküm aŋar türtülür*
خۇددى زەپەر رەڭ سۇرتۇلگەندەك بولدى.
(1 ـ توم، 633 ـ بەت)

*akturur kəzüm yulak*
*tüx kīlur ərdək yuqak*

كۆزۈمدىن (ياش) بۇلاق (بولۇپ) ئاقىدۇ،
ئۇنىڭغا ئۆردەك ـ يوغاق (لار) چۈشىدۇ.
(1 ـ توم، 297 ـ بەت)

يۇقىرىقى مەرسىيەلەرنىڭ شەكلىدىن قارىغاندا، ۋەزىن ۋە قاپىيە قۇرۇلمىسى بىر باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن داستاننىڭكى بىلەن بىردەك، شۇنداقلا «دىۋان» دىكى باشقا تېمىدىكى قوشاقلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. دېمەك، تۆتلۈكلەر (يەتتە ـ سەككىز بوغۇمدىن تەركىب تاپقان) ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسلىق شەكلىدۇر. مەرسىيەلەر ھېسسىياتقا تويۇنغان بولۇپ، ئۇلاردىكى لىرىك مۇراجىئەتلەر كىشىنىڭ قەلب تارىنى چەكمەي قالمايدۇ. يۇقىرىقى مەرسىيەلەردە يېرتىلغان يۈرەك، ھارغىن ئات، سارغايغان يۈز، بۇلاق، ئۆردەك قاتارلىق ئوبرازلار تىزمىسى ئوخشىتىش ۋە مەجازنىڭ رەڭدارلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. مەرسىيەلەردىكى لىرىك كەيپىيات داستانلاردا ئېپىك خۇسۇسىيەتنىڭ نوقۇل ئەمەسلىكىنى، بەلكى قويۇق لىرىزم ئېلېمېنتلىرى بىلەن سۇغىرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

3) **دىداكتىك (تەلىمي) شېئىرلار:** بۇنداق شېئىرلار ۋەقە بايان قىلىش تېپىدىكى چوڭ ئېپىك ژانىرلار ۋە لىرىك ژانىرلارغا قارىغاندا، ئەقىل ـ پاراسەت ئامىلىغا بايىراق كېلىدۇ. ئىنگلىزچىدىكى « deductiri» دېگەن سۆز لاتىنچىدىكى « deducere» سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچىدا «كەلتۈرۈپ چىقارماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىدىن تەكرار ـ تەكرار ئۆتكەن، ھەتتا نەچچە ئەسىرلىك كوللېكتىپ تۇرمۇش تەجرىبىسىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش يەكۇنلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، كېيىنكىلەرنىڭ بىلىملىرىنى يەتكۈزۈش تەلىمىي شېئىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. بۇنداق شېئىرلارنى «پەندنامە»، «ئۆگۈتنامە» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدىن بەزى مىساللارنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

*alqīl əgüt məndin oqul ərdəm tilə*
*boy da uluq bilgə bolup bilkiŋ ülə*

ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت ـ نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە،
خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارقات.
(1 ـ توم، 72 ـ بەت)

*kəlsə kixi atma aŋar ərtər külə*
*bakkīl aŋar əzgülükün aqzīn külə*

(ساڭا بىر) كىشى كەلسە، ئۇنىڭ (يۈزى) گە ئۆر تەيدىغان
كۈل چاچما، ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن كۈلۈپ قارا.
(1 ـ توم، 174 ـ بەت)

*kərklüg tonuq əzüŋgə*
*tatlīq axīq azīnka*
*tutqīl konuk aqirlīq*
*yazsun qavīŋ bozunka*

كۆركەم تونىنى ئۆزۈڭگە (قالدۇر)،
تاتلىق ئاشنى ئۆزگىگە،
مېھماننى ئىززەتلە،
داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.
(1 ـ توم، 63 ـ بەت)

دىداكتىك شېئىرلار بېيىت (مەسنەۋى)، تۆتلۈك شەكىللەردە بولۇپ، قاپىيىلىرى AA، BB، ABAB، CCCB، AAAA قاتارلىق ھەر خىل سخېمىدا كەلگەن، بوغۇملار ئۆلچىمىمۇ كۆپ خىل بولغان (بوغۇملار ھەققىدە كېيىن توختىلىمىز).

4) **مۇھەببەت شېئىرلىرى:** «دىۋان» دىكى مۇھەببەت شېئىرلىرىغا قارىساق، تۇيغۇلار بەكرەك نازۇكلاشقان، ھېسسىيات تېخىمۇ قويۇقلاشقان، سۇبيېكتىپنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى مۇبالىغە، ئوخشىتىش، رىتورىك خىتابلار ئاساسىدا بىۋاسىتە ياكى تەسۋىرلىنىۋاتقان ئوبيېكتقا سىڭدۈرۈپ ئىپادىلەنگەن ئەھۋاللار بار. سۆزلەر سىدام، لېكىن نەپىس، رىتىملار چاققان، لېكىن تەسىرلىك. ئوبرازلار مۇزىكا ئەۋجىدە چايقىلىپ، تاۋلىنىپ تۇرىدۇ. بىز تۆۋەندە بىر قانچە مىسالغا قاراپ باقايلى:

*aydī sənin̡ užu*
*əmgək təlim īžu*
*yumxar kˌatīq užu*
*kˌən̡lüm san̡a yügrük*

دېدى: سېنىڭ كويۇڭدا
نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە (ئۇچرىدىم)،
قاتتىق تۆپىلىكلەر يۇمشايدۇ،
كۆڭلۈم ساڭا يۈگۈرۈك (بولغاچقا).
(1 ـ توم، 149 ـ بەت)

*kˌara tünüg kəqürsədim*
*aqīr unī uqur sadīm*
*yətikənig kˌaqar sadīm*
*sakˌīx iqrə künüm tuqdī*

قاراڭغۇ كېچىنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلىدىم،
ئېغىر ئۇيقۇنى قاچۇرۇشنى تىلىدىم،
يەتتىكەن يۇلتۇزنى قايتا ـ قايتا سانىدىم،
ساناش ئىچىدە كۈندۈزۈمنىڭ قۇياشى تۇغدى.
(3 ـ توم، 340 ـ 341 ـ بەتلەر)

شېئىرىيەتتە ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ مەنتىقىسى كۆڭۈل ئىزھارىغا بويسۇندۇرۇلىدۇ ۋە ئاخىر ھېسسىيات قويىنىدىكى غەيرىي ئەقلىي نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىي تەبىئەت ھەرقايسى مىللەتلەردە ئورتاق بولغانلىقى ئۈچۈن، شېئىردا ئىپادىلەنگەن ئىنسانىي روھ، مۇھەببەت، ئازاب، خۇشاللىق، ئىنتىزارلىق كەبى ئىچكى كەچمىشلەر دۇنيا بويىچە ئوخشاش، مەسىلە ئۇنىڭ شەكلىدىكى مىللىيلىكتە. مەلۇمكى، قەدىمكى جەمئىيەتتىكى شېئىرلار ئوقۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئېيتىش ياكى ئورۇنداش ئۈچۈن بارلىققا كەلگەن. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قەدىمكى شېئىرلار مۇراسىملاردىكى ئورۇنداش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلاردا مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەت تېكىست مەزمۇنىدىن مۇھىمراق ئورۇندا تۇرغان. شۇنداق بولغاچقا، قاپىيە شېئىردىكى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە خاتىرىلەشكە قولايلىق ياراتقان. بىز بۇنداق ئالاھىدىلىكنى «دىۋان» دىكى مەيلى مۇھەببەت قوشاقلىرى بولسۇن ياكى باشقا تېمىدىكى قوشاقلاردا بولسۇن، ئوخشاشلا ئۇچرىتىمىز.

5) **تەبىئەت (پېزاژ) لىرىكىلىرى:** قەدىمكى جەمئىيەت ئادەملىرى تەبىئەتكە بېقىنىپ كۈن كەچۈرگەن. ئۇلار قەيەردە سۇ، قەيەردە تىنچ، ئەلۋەك ھاۋا بولسا، شۇ يەردە ياشىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە بەكرەك ماسلاشقان. بىز «دىۋان» دىكى تەبىئەت قوشاقلىرىغا قارىساق، باھار زوق ـ شوق بىلەن تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنىڭ كۆپرەك ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ قوشاقلار شەكىل جەھەتتىن باشقا تېمىدىكى قوشاقلار بىلەن ئوخشاش. لېكىن، بىز ئۇلاردىن ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تەبىئەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئېستېتىك زوقى، ئانتروپولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە قىممەتلىك ئۇچۇرغا ئېرىشىمىز. بىز تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى:

*ay kˌapup əvlənüp*
*ak bulīt ərlənüp*
*bir bir üzə üglənip*
*saqīlīp suvī an̡raxur*

ئاي قويۇپ قوتانلىنىپ،
ئاق بۇلۇتلار ئۆرلىشىپ،
بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ،
سۈيى چېچىلىپ شارقىرار.
(1 ـ توم، 341 ـ 342 ـ بەتلەر)

*kˌīzīl sarīq arkˌaxīp*
*yipkin yaxīl yüzkəxip*
*bir bir kərü yərgəxip*
*yalīn̡uk anī tan̡laxur*

قىزىل، سېرىق (چېچەكلەر) بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيھانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ (تۇرماقتا)،
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ قالىدۇ.
(1 ـ توم، 513 ـ بەت)

باھار كىشىنىڭ تەبىئەتكە بولغان ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى بەكرەك ئويغىتىدىغان، ئۈمىد، تەلپۈنۈش ۋە خۇشاللىقلارنى ئۆزى بىلەن يوغۇرۇۋېتىدىغان پەسىل بولۇش سۈپىتى بىلەن شېئىرىيەتنىڭ دائىمىي تېمىسى بولۇپ كەلگەن. بىر مىللەت

نىڭ ئىستېتىك دىتى، ماكان ۋە زامان ھەققىدىكى چۈشەنچىسى، مۇزىكىلىق سېزىمى ئۇلار ياشاۋاتقان ئانا تەبىئەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا بارلىققا كېلىدۇ ۋە شېئىرلاردا نامايان بولىدۇ. بىز يۇقىرىقى قوشاقلاردىن ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ تەبىئەتتىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئېستېتىك كاتېگورىيىلىرىنىڭ روشەن ئىزنالىرىنى تاپالايمىز.

6) **جەڭ قوشاقلىرى:** ئۇرۇش بىر مىللەتنىڭ ھاياتىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان ھادىسە. ياخشىلىق، ئادالەت، گۈزەللىك قاتارلىقلار بىزدە كىشىلەرنىڭ ئۇرۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئېستېتىكىدا يۈكسەكلىك دېگەن بىر كاتېگورىيىمۇ بار. بۇ ھەققانىيەت خەلق ئۈچۈن كۈرەشكەن باتۇرلارنىڭ سۈلىتىگە، غەيرەت ـ شىجائىتىگە، قورقۇمسىز خاراكتېرىگە ئوقۇلغان داستانلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. بۇنداق ئوبرازلار كىشىلەر قەلبىدىكى ئادالەت، ھەققانىيەت ئۇقۇملىرى، شۇنداقلا داستانچىنىڭ سۆز سەنئىتى بىلەن قوشۇلۇپ، كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان ھەيۋەتلىك ئوبرازنى روياپقا چىقىرىدۇ ۋە كىشىنىڭ خاراكتېرىگە تەسىر، تەربىيە ئاتا قىلىدۇ. «دىۋان» دىكى جەڭ قوشاقلىرىغا نەزەر سالساق، ئۇلاردىن «ماناس»، «ئالپامىش» داستانلىرىدىكى قەھرىمانلارنىڭ ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى بىلەن ئوخشاش مەنزىرىنى ئۇچرىتىمىز ھەمدە سۈژېتلارنىڭ مىللىي خاسلىقىدىكى تارىخىي ئىزچىللىقنى بايقايمىز. تۆۋەندىكى مىساللارغا نەزەر سالايلى:

| | |
|---|---|
| *kożqil maŋa akilik* | مېنى قويۇپ بەرگىن، |
| *bolsun maŋa ayaqa* | مەردلىك مېنىڭ لەقىمىم بولسۇن. |
| *īzqil məni tokixka* | مېنى ئۇرۇشقا ئەۋەتكىن، |
| *yüvgil maŋa ulaqa* | ماڭا بىر ئات ياردەم قىل. |

(3 ـ توم، 237 ـ بەت)

| | |
|---|---|
| *tagrə avip əgrəlim* | چۆرىسىنى ئولىشىپ قورشايلى، |
| *attīn tüxüp yügrəlim* | ئاتتىن چۈشۈپ يۈگۈرەيلى، |
| *arslanlayu kəkrəlim* | ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى، |
| *küqi anīn kəvilsün* | كۈچى شۇنىڭ بىلەن ئاجىزلاشسۇن. |

(2 ـ توم، 194 ـ بەت)

باتۇرلۇققا بولغان قىزغىن ئىنتىلىش ئىنسان خاراكتېرىدىكى گۈزەللىكنىڭ بىر قىسمى. ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى قورقۇنچاقلىق، بولۇمسىزلىققا ئوخشاش يارىماس تەرەپلەرگە نىسبەتەن كىشىنى ئالىيجاناب قەيسەرلىككە دالالەت قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا مەخسۇس جەڭنامە ئەدەبىياتى بار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇلار كېيىنچە قويۇق ئىسلام ئېلېمېنتلىرى بىلەن سۇغىرىلغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە جەڭ قوشاقلىرىنىڭ راۋاجىدۇر. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، «دىۋان» دىكى جەڭ قوشاقلىرى جەڭنامە ئەدەبىياتىغا ياتىدىغان چوڭ ھەجىملىك داستانلاردىن ئېلىنغان پارچىلار بولۇشى مۇمكىن.

7) **ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى:** ئەمگەك بىلەن ئوۋ كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قامدىشىدىكى تۇرمۇش پائالىيىتى بولۇپ، بىرقەدەر تېپىك ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە. كىشىلەرنى ئۆز نۆۋىتىدە تەبىئەتكە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاسىتە سۈپىتىدە ئۇلارغا ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى زۆرۈر بىلىملەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇشى، ئۆز مەنىۋىيىتىنى قۇرۇپ چىقىشىدىن ئىبارەت مەنىۋى جەريانىنىڭ سەنئەتلىشىشى بولۇپ، ئۇلاردا تەبىئەت، ئىلاھ ۋە ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق ھەم گارمونىك باغلىنىش سۆزلەرگە سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ.

«دىۋان» دىكى ئەمگەك ـ ئوۋ قوشاقلىرى ئەينى ۋاقىتتىكى خەلقنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتۇر. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| *yigitlərig ixlətü* | يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ، |
| *yīqaq yəmix īrqatu* | مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتقۇزۇپ، |
| *kulan kəyik avlatu* | قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ، |
| *bəżrəm kilīp avnalīm* | بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى. |

(1 ـ توم، 348 ـ بەت)

قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر شېئىرىيىتىدە ۋەزىن قوشاقنى نەسردىن ئايرىپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە بولغان. تۇراقلىق ۋەزىن تەرتىپى قوشاقلارنىڭ مۇزىكا ۋە ئۇسسۇل بىلەن بولغان قانداشلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ھەم قوشاقلارنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئارۇز ۋەزنى بىلەن بارماق ۋەزنى ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپ كەلگەن بولۇپ، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بارماق ۋەزنى ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستاندا ياشاپ ئۆتكەن ئالىم ئابدۇرەئۇف فىترەت ئارۇزنى ئەرەبلەرگە تەۋە دەپ قارايدۇ ㉔. ئەمما، ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر «دىۋان» دىكى بىر قىسىم قوشاقلارنىڭ ئارۇز قائىدىسىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىدىن قارىغاندا، ئارۇز ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مەۋجۇت ھادىسە دەپ قارايدۇ㉕. «دىۋان» دىكى قوشاقلار ئۇزاق زامانلاردىن كەلمىش مىراسلار بولۇپ، بوغۇملىرىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇش - بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، بەلگىلىك مىقداردىكى بوغۇملاردىن تۈزۈلىدىغان بوغۇم ۋەزنى (بارماق ۋەزنى) مىللىي ۋەزىن سۈپىتىدە گەۋدىلىنىپ كەلگەن. كۆزىتىشىمىزچە، «دىۋان» دىكى شېئىر، قوشاقلار تۆۋەندىكىدەك تۇراق ۋە بوغۇم ئۆلچىمىدە بولغان.

(1) ئالتە بوغۇملۇقلار (2+2+2):

| | |
|---|---|
| ئوغراق ئەرلىرى باتۇر، | *oqraķ əri tiqraķ* |
| ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوغلاق، | *yəmi aniŋ oqlaķ* |
| سۈتى ئۈستىدە قاچىلىرى تەييار، | *süti üzə saqraķ* |
| يېرى بولسا قاقاسلىق. | *yəri taķī aqlaķ* |

(1 - توم، 612 - بەت)

(2) بەش بوغۇملۇقلار (2+3/3+2):

| | |
|---|---|
| كەلدى ماڭا تات، | *ķəldi maŋa tat* |
| ئېيتتىم ئەمدى يات. | *aydīm əmdi yat* |
| قۇشقا بولۇپ ئەت، | *ķuxķa bölup ət* |
| سېنى تىلەر ئۇس، بۆرە. | *səni tilər us bəri* |

(1 - توم، 51 - بەت)

(3) يەتتە بوغۇملۇقلار (4+3/3+4):

| | |
|---|---|
| مېنى ئوۋلاپ تاشلىۋەتمەڭ، | *avlap məni ķoymaŋīz* |
| ۋەدە قىلىپ يېنىۋالماڭ، | *ayīķ ayīp ķaymaŋīz* |
| كۆزۈم خۇددى دېڭىزدەك ئاقىدۇ، | *aķar ķəzüm ux təŋiz* |
| چۆرىسىدە قۇشلار ئۇچىدۇ. | *təgrə yərə ķux uqar* |

(2 - توم، 60 - بەت)

(4) سەككىز بوغۇمۇقلار (4+4):

| | |
|---|---|
| ئادەملەرنى ئەۋەتىپ تېز چۆكتۈردى، | *ərən alpī oķīxtīlar* |
| باش، بوينىنى سوقۇپ تۇردى، | *ķīŋīr ķəzin boķīxtilar* |
| ئۇيىلىشىپ مۆكۈپ تۇردى، | *ķamuq tolmun toķīxtīlar* |
| مېنى قوغلىما دەپ بويۇن ئەگدى. | *ķīlīq ķīnķa ķüqin sīqdī* |

(3 - توم، 318 - بەت)

(5) ئۇن بوغۇملۇقلار (5+5):

*kəlüm kumi kopsa kali tamiq itər*

*kərsə ani bilgə kixi səzgə pütər*

كۆلۈم (سۈيى) دولقۇنلىسا، تامنى ئۆتىدۇ،

ئۇنى ئاقىل كىشى كۆرسە سۆزگە پۈتەر.

(3 ـ توم، 187 ـ 188 ـ بەتلەر)

(6) ئۇن بىر بوغۇملۇقلار (7+4):

*miŋ kixi yuluqi bolup əzüŋə*

*bərgələr əzün aniŋ kəziŋə*

مىڭ كىشى پىدا بولۇپ (ئۇنىڭ) ئۆزىگە،

بەرگۈسىدۇر (جېنىنى) ئۇنىڭ كۆزىگە.

(3 ـ توم، 16 ـ بەت)

(7) ئون ئىككى بوغۇملۇقلار (4+4+4/4+6/6+7/5):

*yaxnat kiliq baxi üzə kakkil yara*

*piqlip aniŋ boyni taki kalkan tura*

(دۈشمەن) نىڭ بېشى ئۈستىدە قىلىچ يالتىرات، (قىلىچ) تۇر، يارىلا،

ئۇنىڭ بويىنى ۋە قالقان ـ تۇرالىرى كېسىلىپ، بىنچىت بولدى.

(2 ـ توم، 522 ـ بەت)

*yaqiŋ taba tətrü bakip bəgdəŋ bilə*

*oqrap kali kəlsə saŋa karxu sülə*

دۈشمەن تەرەپكە تىكىلىپ قارا، خەنجىرىڭنى بىلە،

مۇبادا سېنى قەستلەپ كەلسە، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىل.

(3 ـ توم، 370 ـ بەت)

*türkən katun katiŋa təgür məndin koxuq*

*ayqil siziŋ tapuqqi ətnür yaŋi tapuq*

تۈركەن خاتۇن قېشىغا مەندىن قوشاق يەتكۈز،

سىزنىڭ خىزمەتچىڭىز يېڭى خىزمەت ئۆتۈنىدۇ، دېگىن.

(1 ـ توم، 487 ـ بەت)

(8) ئون ئۈچ بوغۇملۇقلار (7+6/8+5):

*tutqi yaqar buliti altun tamar ariq*

*aksa aniŋ akini kandi məniŋ kaniq*

(ئۇنىڭ) بۇلۇتى ئۈزۈلمەي يېغىۋاتىدۇ، (ئۇنىڭدىن) ئېرىق (ساپ) ئالتۇن تېمىۋاتىدۇ،

ئۇنىڭ ئېقىنى ئاقسا، مېنىڭ تەشنالىقىم قاندى.

(1 ـ توم، 488 ـ بەت)

*utru türup yaqdi aŋar kix oki qiqilvar*

*aydim asiq kiləu əməs sən taki yalvar*

ئوتتۇرا تۇرۇپ ئۇنىڭغا ساداقتىن قىسقا ئوقلارنى ياغدۇردۇم،
شەن ئەمدى يالۋۇرساڭمۇ پايدىسى يوق، دېدىم.
(1 ـ توم، 643 ـ بەت)

(9) ئون تۆت بوغۇملۇقلار (7+7):

*atsa okïn kəzgərip kim turanï yïqdaqï*
*taqïq atïp oqrasa əzi koyï yïrtïlur*

ئوقىنى گەز چىقىرىپ ئاتسا، كىم تۇرانى قوغداپ قالالىسۇن،
تاغقا ئوق ئېتىلسا، (تاغنىڭ) ئۆزى ۋە ۋادىلىرى يىرتىلىدۇ.
(3 ـ توم، 145 ـ بەت)

(10) ئون بەش بوغۇملۇقلار (8+7):

*əŋdün nəlük yalvarmadïŋ kaq kata bərdïŋ tavar*
*tolumluq bolup katïndïŋ kanïŋ əmdi yər suvar*

باشتا نېمە ئۈچۈن يالۋۇرمىدىڭ، قانچە قېتىم تاۋار (مال) بەردىڭ،
قورالىنىڭ بىلەن غادايدىڭ، ئەمدى قېنىڭ يەرنى سۇغارسۇن.
(1 ـ توم، 649 ـ بەت)

«دىۋان» دىكى شېئىر ـ قوشاقلارغا نىسبەتەن مەزمۇن جەھەتتىن قىسمەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئەمما، شېئىرد-
يەتنىڭ شەكىللىرى ۋە نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن تۈزۈك تەتقىقاتلار يۈرگۈزۈلمىدى. ئەگەر بىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر
شېئىرىيىتىنىڭ تۈرلىرى، بەدىئىي، ئېستېتىك پرىنسىپلىرى ھەققىدە سىستېمىلىق چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولىدىكەنمىز،
قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يانداش ھالدا «دىۋان» دىكى شېئىر ـ قوشاقلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر تەتقىق قىلىشى-
مىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، مورفولوگىيىلىك سىنتاكسىسلىق تەرەپلىرى ھەققىدە يې-
تەرلىك بىلىمگە، شېئىرىيەت تىلشۇناسلىقى ھەققىدە كەڭ مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. بىزدە نۆۋەتتە سىستېمىلىق
«دىۋان» شۇناسلىق ئىلمى تېخى شەكىللەنمىدى. ۋەھالەنكى، «دىۋان» شېئىرىيىتى «دىۋان» شۇناسلىقتا كەم بولسا بولماي-
دىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساپ مىللىي قائىدىلىرىنى ئېنىقلاشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدىغان، شۇنداقلا قاراخانىيلار
دەۋرى ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى دەۋرلەرنىڭ ماددىي تەرەققىيات ئەھۋالى، مەنىۋى ھالىتى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئىشلەپچە-
قىرىش شەكلى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مەنبەلىك رول ئوينايدىغان ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ئېرىك خافو-
روك (埃里克.哈夫洛克) نىڭ مۇنۇ سۆزى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ: «ئەمەلىيەتتە، شېئىر مول ئەمەلىي بىلىملەرنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان خەزىنىدۇركى، ئۇ ئەخلاق، سىياسىي، تارىخ ۋە ھۈنەر ـ بىلىملەر قامۇسى، شۇنداقلا ئۇ بىلىمگە ئىنتىلى-
دىغان كىشىلەر بىلىم قوبۇل قىلىدىغان تەربىيە زاپىسىنىڭ يادروسى» ㉖. بۇ بايان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرد-
يەت خەزىنىسىگە بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**ئىزاھاتلار:**

① «ئىبراھىم مۇتىئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، ئۇيغۇرچە، 311 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.
② ناتان لايت: «تايغاق يول: تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ نەتىجىسى ۋە تۈزۈلۈشى ھەمدە ئىسلام ۋە زامانىۋىلىقتىكى ئۇيغۇر مۇقاملىرى» (تۆ-
ۋەندە «تايغاق يول» دەپ ئېلىنىدۇ)، ئىنگلىزچە، UMI دىسسېرتاتسىيىسى، 1988 ـ يىلى، 83 ـ، 84 ـ بەتلەر.

③ ناتان لايت: يۇقىرىقى ئەسەر، 88 ـ، 89 ـ بەتلەر.
④ «دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ بەت.
⑤ «دىۋان»، 1 ـ توم، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر.
⑥ «دىۋان»، 1 ـ توم، 4 ـ بەت.
⑦ مېك ستېفېنس (Meic Stephens) تۈزگەن: «ئەدەبىياتقا دائىر ئۇزۇندىلەر»، ئىنگلىزچە، 166 ـ بەت، 1990 ـ يىلى.
⑧ «ئىسلام لۇغىتى» (Dictionary Of Lslam)، ئىنگلىزچە، ھىندىستان، 1986 ـ يىلى.
⑨ «ئۆزبېك تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، ئۆزبېكچە، موسكۋا رۇس تىلى نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى.
⑩ «تۈركچە سۆزلۈك»، تۈركچە، ئەنقەرە، 1998 ـ يىلى 9 ـ نەشرى.
⑪ «دىۋان»، 1 ـ توم، 487 ـ بەت.
⑫ «دىۋان»، 3 ـ توم، 180 ـ بەت.
⑬ «دىۋان»، 3 ـ توم، 327 ـ بەت.
⑭ «ئىبراھىم مۇتئىي ئىلمىي ماقالىلىرى»، ئۇيغۇرچە، 303 ـ بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى.
⑮ سۇئات باتۇر تەييارلىغان: «تۈرك خەلق ئەدەبىياتى»، تۈركچە، 31 ـ بەت، ئالتۇن كىتابلار نەشرىياتى، 1998 ـ يىلى.
⑯ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە 1981 ـ يىلى 6 ـ نەشرى، 94 ـ بەت.
⑰ «تايغاق يول»، 121 ـ 122 ـ بەتلەر.
⑱ «تايغاق يول» 121 ـ بەت.
⑲ يۇقىرىقى مەنبە، 124 ـ بەت.
⑳ كېننېس ماكلىش تۈزگەن: «ئىنسان ئېدېئولوگىيىسىدىكى ئاساسلىق تۇقتىئىنەزەرلەر»، 1 ـ قىسىم، خەنزۇچە، 972 ـ بەت، شىنخۇا نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى.
㉑ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، تۈركچە، 96 ـ 97 ـ بەتلەر.
㉒ ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، ئۇيغۇرچە، 361 ـ 362 ـ بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990 ـ يىلى.
㉓ فۇئاد كۆپرۈلۈ: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 97 ـ بەت.
㉔ ئابدۇرەئۇف فىترەت: «ئەدەبىيات قائىدىلىرى»، ئۆزبېكچە، تاشكەنت، ئوقۇتقۇچى نەشرىياتى.
㉕ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر: «خەزىنىلەر بوسۇغىسىدا»، ئۇيغۇرچە، 140 ـ بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىلى.
㉖ ما داكاڭ: «شېئىرىي تىل تەتقىقاتى»، خەنزۇچە، 176 ـ بەت، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى.

**ئاپتور:** شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**



# «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش

ئابدۇغېنى سەيدىن

قەھرىمانغا چوقۇنۇش كىشلەرنىڭ مىللەت ياكى ئۆز تۇپىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان، شۇ مىللەت ۋە تۇپىنىڭ ھاياتىدىكى زور ئۆزگىرىشلەردە باشلامچىلىق رول ئويناپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، كۈچ-قۇدرىتى، قىسقىسى، بارلىقىنى ئايىمىغان باتۇر كىشلەرنىڭ ئالىيجاناب روھىغا بولغان چوقۇنۇش بولۇپ، بۇ خىل چوقۇنۇش ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىختىكى ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلىرى، ياشاش مۇھىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ھەمدە بۇ خىل روھ شۇ مىللەتتە ئېپوسچىلىقنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان. شۇڭا گېگىل ئېپوسلارنى ئىنسانىيەتنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى، شۇنداقلا «قەھرىمان شەخسىنىڭ ئىش ئىزلىرى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيانى ۋە پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىپتىدائىي روھىي ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ تىپتىكى ئاغزاكى سەنئەت شەكلى» دەپلا قارىماستىن، يەنە مۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «بىر مۇنەۋۋەر ئېپوس بىر مىللەت روھىي ماھىيىتىنىڭ كۆرگەزمىخانىسى» دەپ كۆرسىتىدۇ.① دەرۋەقە ئېپوسلار دەل ئاشۇنداق ئالىيجاناب روھ يوشۇرۇنغان مىللەتنىڭ روھىيىتىدىكى بارلىق تەرەپلەرنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. قەھرىمانلىققا چوقۇنۇشنىڭ بىر مىللەت ياكى قەۋمنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنىڭ، روھىي يۈكسەكلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئېنچاملىنىپ ئىپادىلىنىشى ئىكەنلىكىنى بىز قەھرىمانلىققا چوقۇنۇش ئىدىيىسى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەردىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، قىرغىزلار بىلەن موڭغۇللارنىڭ بىر قەدەر تولۇق ساقلانغان «ماناس»، «جاڭغىر» ئېپوسلىرىدىن بۇ نۇقتىنى روشەن كۆرۈپ قالماستىن، ئۇيغۇرلارنىڭ «شىراق»، «تومارىس» قاتارلىق ئەپسانە رىۋايەتلىرىدىن تارتىپ، «ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا باتۇرلار»، «كەنجى باتۇر»، «ئېيىق باتۇر»، «خېمىر باتۇر»، «تاش باتۇر»... قاتارلىق چۆچەكلىرىدە «چىن تۆمۈر باتۇر»، «نۇزۇگۇم»، «سېيىت نوچى»... قاتارلىق داستانلىرىدا، «ئوغۇزنامە»، «ئالىپ ئەرتۇڭا»، «ئەرگىنە قۇن» قاتارلىق ئېپوسلىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى كۆرۈۋالالايمىز. خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن تارتىپ چۆچەك، قوشاقلار ماھىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن مىللەت روھىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شەكىللەردە كارتىنىلار بويىچە ئىپادىلىنىشى بولسا، ئېپوسلار شۇ كارتىنىلارنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئومۇملاشتۇرۇلۇشى ۋە تىپىكلەشتۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەنى قەھرىمانلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنىڭ پەخىرلىك ھېسسىياتلار ئىچىدە ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا تارقىلىپ، ئەل ئارىسىدا چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشى جەريانىدا خەلقىنىڭ بارلىق ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئېپوسنى روياپقا چىقىرىشقا ئاساس بولىدۇ. بىراق، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئېپوس بارلىق مىللەتلەردە شەكىللىنىۋەرمەستىن، يۈكسەك دەرىجىدە قەھرىمانلىق روھىغا ئىگە بولغان قەھرىمانلىق يۈكسەك پەزىلەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، مىللەتنىڭ روھىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن مىللەتلەردە شەكىللىنىدۇ. دۇنيادىكى ئېپوس ئىجاد قىلغان خەلقلەرنىڭ ئەمەلىيىتى بۇ نۇقتىنى روشەن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. جۈملىدىن ئۇيغۇرلاردىكى قەھرىمانلارغا بولغان چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ تارىختىن بېرى ئۆز ئىپادىسىنى ئوخشىمىغان شەكىللەردە گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، بەلكى تارىخىي پاكىتلارمۇ روشەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. «تاڭ سۇلالىسى كونا تارىخى» دا: «ئۇلار (خۇيخې) لارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىدە باتۇرلۇق ۋە كۈچلۈكلۈك ئىززەتلىنىدۇ»② دەپ خاتىرىلەنگەن بولسا، تەتقىقاتچىلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ۋە دۈشمەن بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ۋاپات بولغان باتۇر قەھرىمانلارنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، قىرلىق ياكى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ئۆلۈشنى بىر خىل نومۇسلۇق ئىش دەپ قا-

رايدىغانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بىز بۇ تەرەپلەردىكى مەسىلىلەرنى بىرمۇ بىر تىلغا ئېلىپ قايتا تەكرارلىمىساقمۇ، بىر مىللەتنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنىڭ ۋە روھىيىتىنىڭ ئەڭ ئىخچاملاشتۇرۇلغان قامۇسلىرى بولغان ماقال ـ تەمسىللەرگە دىققىتىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقساق، بۇ خىل قاراشلارنىڭ روشەن ئىزناسىنى كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن: «باتۇر تۇغۇلسا ئەلنىڭ بەختى، يامغۇر قۇيۇلسا يەرنىڭ»، «باتۇر جەڭدە بىلىنىدۇ، دانا مەجلىستە»، «باتۇرلۇق بىلەن ئۆلگەننىڭ ئانىسى يىغلىماس»، «باتۇر ياۋسىز بولماس»، «باتۇر ئۆيدە تۇغۇلۇپ، جەڭدە ئۆلەر» قاتارلىقلار.

يەنە بۇ يەردە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە «باتۇر، قەھرىمان» دېگەندەك ئىسىملارنى قويىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈپ كېتىش ئارتۇقچە بولمىسا كېرەك. مانا مۇشۇ قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاش ئىدىيىسى «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئېتىقاد شەكلىدە ئۇلۇغلىنىپ جانلىق ئىپادىلەنگەن. يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن ئەسەرلەردە ئىپادىلەنگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ باتۇر، قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئۇزۇن تارىختا ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەر قايسى دەۋرلەردە ئۈزۈلۈپ قالماستىن، دەۋر ئالاھىدىلىكى بويىچە گەۋدىلىنىپ ماڭغان. «دىۋان» دىكى قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئىدىيىسىنى باتۇرلارغا چوقۇنۇش، ئارسلانغا چوقۇنۇش، ئاتقا چوقۇنۇش نۇقتىسى بويىچە ئۈچ نۇقتىدىن شەرھلەشكە بولىدۇ. بىز ئالدى بىلەن باتۇرلارغا چوقۇنۇش نۇقتىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

شامانىزم تەتقاتچىلىرى باتۇرلار روھىغا چوقۇنۇشنى شامانىزمنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە شامانىزمنى باتۇرلۇق روھىنى تەرغىب قىلغۇچى دەپ مۇئەييەنلەشتۇرىدۇ. بىز مۇشۇ نۇقتىدىنمۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئۈزۈلمەي ئىپادىلىنىپ كېلىنىۋاتقان شامانىزملىق قاراشلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىپادىلىرىدىنمۇ بۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۇرەلەيمىز. شامانىزم تەتقاتچىلىرى ئۆز تەتقىقات نۇقتىلىرى بويىچە شامانىزمنىڭ ئانىمىزملىق قاراشنى يادرو قىلغان ئاساستا تەرەققىي قىلغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئانىمىزملىق قاراش بارلىق شەيئىلەردە روھ، جان ماھىيەتتە ئىلاھىي كۈچ ـ قۇۋۋەت بولىدۇ، دېگەن ساددا غايىۋانە چۈشەنچىلەرنىڭ ئىدىيىدىكى ئىپادىسى. ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلار بۆزىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان، ئۆزىگە نىسبەتەن ئالاھىدە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە دەپ قارىغانلىكى ھەرقانداق نەرسىلەردە ئىلاھىي كۈچ، روھ بار دەپ قارىغان. مانا شۇ روھقا چوقۇنغان ۋە ئالاھىدە ھۆرمەت، ئەيمىنىش ھېسسىياتى بويىچە مۇئامىلە قىلغان. بۇ خىل قاراشلار دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن يېڭى چۈشەنچىلەرگە يۈگىشىپ، بېيىپ، شۇ خەلقلەرنىڭ بولۇپمۇ تەتقاتچىلارنىڭ ئۆزگىچە تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن ئېپوس بەلۋېغىدا ياشىغان مىللەتلەردە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش شەكلىدە گەۋدىلەنگەن. يەنى «ئوتتۇرا ئاسىيا دۇنيا قەدىمكى مەدەنىيىتىدىكى ئېپوسچىلىق بەلۋېغىدۇر. ئوخشىمىغان ئىرق، ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا ئۇچرىشىش ئېپوسلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى ۋە كېڭەيمىچىلىك يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە دەۋرەپ تۇرغان رايونلار ئېپوسچىلىق ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ سەزگۈر ۋە قىزىق نۇقتىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئېپوسلار ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايونلار، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت بەلۋېغى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك»③ دەپ قارالغان مۇشۇ رايوندا ياشاپ كەلگەن خەلقىمىز ئامېرىكىلىق تەتقاتچىلاردىن داۋىد لىمىڭ، ئېدۋىد بېلىدالار ئۆز ئەسەرلىرىدە: «قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە ئوخشاشلا ئۇزاق تارىختا ئىگە. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە يات ھەم توقۇنۇش بىلەن تولغان دۇنيادا مەۋجۇت بولالىشىنىڭ سەۋەبى ـ مەشھۇر قەھرىمانلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە پاراستىگە تايانغانلىقىدا، بۇنى ئۇلار ئالقىشلاچان تونۇپ يېتىشكەن. شۇنداق قىلىپ، ھەرقايسى قەبىلىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھۆرمەتلەيدىغان بىر يۈرۈش مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى بولغان. ئۇلار ھېكايە، ئۇسسۇل ۋە ناخشىلىرىدا مۇشۇ شەخسلەرنىڭ قابىلىيىتى ھەم باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلەشكەن»④ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئۆرنەكلەردە قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، قەھرىمانلارنى مەدھىيىلەش ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپ قالماستىن، بۇنىڭدىن 1000 يىل ئىلگىرى يېزىلغان، ئۆز دەۋرىدىن نەچچە ئەسىردىن بېرى خەلق قەلبىدە يالقۇنجاپ تۇرغان قەھرىمانغا چوقۇنۇش، قەھرىماندىن سۆيۈنۈش پىسخىكىسى «دىۋان» دا ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىپ ئەرتۇڭاغا بولغان ھۆرمەت، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە بولغان ئېچىنىش ھېسسىياتىدا روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟

ئەيسىز ئازۇن قالدىمۇ؟

ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ؟

ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

[ئالپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ؟

يامان دۇنيا قالدىمۇ؟

پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟

ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.] (1 ـ توم، 59 ـ بەت)

ئۆزلەك قاموغ كۇفرەدى،

ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى،

يۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،

ئەردەم بەگى چەرتىلۇر.

[زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق، يامان ئادەملەر باش كۆتۈردى، پەزىلەت بىگى يەنى خاقان ئافراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.] (1 ـ توم، 139 ـ بەت)

ئۇلىشىپ ئەرەن بۆرلەيۇ،

يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ،

سىقرىپ ئۈنى يۇرلايۇ، ⑧

سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

[ئادەملەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك هۇۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمە ئاۋازىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ كەتتى.] (1 ـ توم، 254 ـ بەت)

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،

قازغۇ ئانى تۇرغۇرۇپ،

مەڭزى يۈزى سارغارىپ،

كۆركۈم ئاڭار تۇرتۇلۇر.

[ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ شۇنداق دېيىلىدۇ: بەگلەر ئاتلىرىنى هارغۇزۇپ كېلىشتى، ئۇلارنى قايغۇ باستى، يۈزلىرى زەپىراندەك سارغايدى.] (1 ـ توم، 633 ـ بەت)⑤

ئۆزلەك ئارىغ كەۋرەدى،

يۈنچىغ ياۋۇز تاۋرادى،

ئەردەم يەمە ساۋرادى،

ئازۇن بەگى چەرتىلۇر.

[زامان ئاجىزلىدى، ئۇسال، ئەسكى ئادەملەر كۆچىيىپ قالدى، زامان ئەھلى دۇنيانىڭ بىگى ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈشى بىلەن پەزىلەتلىك كىشىلەردىن مەھرۇم بولدى.] (3 ـ توم، 55 ـ بەت)⑥

قەھرىمان دەۋرنى ياراتقۇچى، دەۋرنىڭ بۇرۇلۇش نۇقتىسىدىكى بايراقدار. قايسى بىر ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ئىنچىدىكى دەۋرگە نەزەر سالمايلى، ھەممىسىدە بەلگىلىك قەھرىمانلارنىڭ رول ئوينىغانلىقىنى، ئۇلارسىز بۇ ئۆزگىرىشنىڭ رويابقا چىقمايدىغانلىقى ئېنىق. يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىش تۇرغىنىدەك ۋە مەخسۇس ئالپ ئەرتۇڭا ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچىلارنىڭ دەلىللىشىدە نامايان بولغىنىدەك، پارسلار ئافراسىياپ دېگەن كىشىنىڭ تۈركلەر يەنى ئۇيغۇر ئالپ ئەرتۇڭا دېگەن كىشىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇ تۈركىي مىللەتلەرنىڭ بىر پۈتۈن مىللەت گەۋدىسى شەكىلدىكى زور كۆچۈشلىرى ھەمدە مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلىرىدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى بىلەن شۆھرەت قازانغان خەلق قەلبىدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە بولغان قەھرىمان، شۇنداقلا ئەينى دەۋر خەلقىنىڭ قەلبىدىكى دەۋرنىڭ ئىلگىرىلەش رولىنى ئۆز قولىدا تۇتقان ئەڭ پەزىلەتلىك، ئەڭ ئەقىللىق، ئەڭ باتۇر شەخس. ئۇنىڭ ئۆلۈمى زامانىدىكى شۇ خىل روھنىڭ يوقىلىشى، شۇ خىل روھتىكى كىشىلەرنىڭ ئازىيىشى، زاماننىڭ بۇزۇلۇشى، مىللەت ياكى قەۋمنىڭ بېشىدىكى بەخت قۇشىنىڭ تېزىپ كېتىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. مانا مۇشۇنداق ئېغىر پاجىئە بارلىق ئادەملەرنى قايغۇرۇتقان، يىغلاتقان. بۇ پارچىلاردا باتۇر، قەھرىمانلاردىن ئايرىلىپ قېلىش قايغۇسى ئىپادىلىنىش بىلەن بىرگە، شۇ خىل باتۇر، قەھرىمانلىقنى سېغىنىش، ئىنتىلىش ھېسسىياتىمۇ ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن. ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردە باتۇر قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش، ئۇلارنى ئۇلۇغلاش جەھەتتە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلغان. ئۇلار ئۆزىنىڭ باتۇرلىرىنى مەدھىيىلەپلا قالماستىن، قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرىغىمۇ ئالاھىدە ھۆرمەت ھېسسىياتىدا بولغان ھەمدە قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى ئۈستىدىن غالىپ كېلىشنى زور باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق ھېسابلىغان. بۇ نۇقتىلارمۇ «دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

بۇزراچ يەمە قۇدۇردى،

ئالپاغۇتىن ئۆزۈردى،

سۇسىن يانا قادىردى،

كەلگىلمە ئىركەشۇر.

[بۇزراچ يەنە قوترىدى،

باتۇرلىرىنى تاللىدى،

قوشۇنىنى يەنە قايرىدى،

كەلمەك بولۇپ توپلىنىۋاتىدۇ.] (1 ـ توم، 196 ـ بەت)

ئەرەن ئالپى ئۇقشىتىلار،
قىڭىر كۆزىن باقىشتىلار،
قامۇغ تولمۇن توقشتىلار،
قىلىچ قىنقا كۈچىن سىغدى.
[باتۇر ئەرلەر (بىر-بىرىنى جەڭگە) قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنغا تەستە سىغدى.] (1 - توم، 466 - بەت)

ئەرەن ئارىغ ئۇرپەشۇر،
ئۆچىن كەكىن ئىرتەشۇر،
ساقال تۇتۇپ تارتىشۇر،
كۆكسى ئازا ئوت تۇتار.
[باتۇرلار بىر - بىرىگە غەزەپ بىلەن قارىشىپ، ئۆچ ئېلىشقا كىرىشتى، ئۇرۇش قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆكسى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر - بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.] (1 - توم، 306 - بەت)

ئالپلار ئارىغ ئالقىشۇر،
كۈچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر،
بىر بىر ئۈزە ئالقىشۇر،
ئەزگەرمەزىپ ئوق ئاتار.
[باتۇرلار (بىر - بىرىنى) شىددەت بىلەن يوقىتىشار،
كۈچ (نى) بىر قىلىپ (بىر - بىرىگە) يار - يۆلەك بولۇشۇر،
بىر - بىرىنى ئالقىشلىشار،
پەرۋا قىلماي ئوق ئاتار.] (1 - توم، 316 - بەت)

ئالپلار ئۆتلەشدى - باتۇرلار ئۇرۇشتى، بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى. (1 - توم، 318 - بەت)

ئەرەن ئالپى ئۇقىشتىلار،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتىلار،
قامۇغ تولمۇن توقۇشتىلار،
قىلىچ قىنقا كۈچۈن سىغدى.
[باتۇر ئەرلەر (بىر - بىرىنى جەڭگە) قىچقىرىشتى،
قىڭغىر كۆز بىلەن قاراشتى،
ھەممە قورال بىلەن توقۇنۇشتى،
قىلىچ قىنغا تەستە سىغدى.] (1 - توم، 247 -، 466 - بەت)

ئالپ ئەرەننى ئۆزۈردۇم،
بوينۇن ئانىڭ قازىردىم،
ئالتۇن كۈمۈش يۇزۇردۇم،
سۈسى قالىن كىم ئۆتەر.
[باتۇر ئەرلىرىنى ئايرىدىم،
ئۇنىڭ بوينىنى قايرىدىم،
ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى ئالدىم،
قوشۇنى كۆپ كىم ئۆتەلەيدۇ؟!] (1 - توم، 480 - بەت)

تەلىم باشلار يۇۋالدىمات،
ياغى ئاندىن ياۋالدىمات،
كۈچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،
قىلىچ قىنقا كۈچۈن سىغدى.
[بىر جەڭنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: باتۇرلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۈچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۈزىگە قاتقان قاننىڭ كۆپلۈكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى.] (1 - توم، 516 - بەت)

ئوغراق ئەرى تىغراق،
يەمى ئانىڭ ئوغلاق،
سۈتى ئۈزە ساغراق،
يەرى تاقى ئاغلاق،
[ئوغراق ئەرلىرى باتۇر،
ئۇلارنىڭ يەيدىغىنى ئوغلاق،
سۈتى ئۈستىدە قاچىلىرى تەييار،
يېرى بولسا قاقاسلىق.] (1 - توم، 612 - بەت) ⑦

سۇ كەلدى يەر يايا،
قارار قار...
قاچتى ئاڭار ئالپ ئايا،
ئۇفۇت بولۇپ ئول ياشار.
[يەر يۈزىنى قاپلاپ ئەسكەر كەلدى، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان چاڭ-توزان ئۇپۇقنى ۋە قارلىق تاغلارنى قاپلىدى، شۇڭا ئالپ ئايا دېگەن كىشى قاچتى، ئۇ يېڭىلگەچكە ئۇيىلىپ يوشۇرۇندى.] (3 - توم، 290 - بەت)

مەنىڭ بىلە كەڭەشدى،
بىلكى ماڭا تەڭەشدى،
ئەرەن بىلەن سوڭۇشدى،
ئالپلار باشىن ئول يۇۋار.
[مېنىڭ بىلەن كېڭەشتى،
ئەقلى ماڭا تەڭلەشتى،
ئەرلەر بىلەن نەيزىلەشتى،
باتۇرلار بېشىنى دومىلىتار.] (3 - توم، 536 - بەت) ⑧

يۇقىرىقى پارچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا قارشى تەرەپلەرنى ئاجىز دەپ قاراش بولماستىن، ئۇلارنىڭ كۈچ-

تۆگگۈر، باشلامچى ئەزىمەتلىرى باتۇر دەپ مەدھىيىلەنگەن، ئۆز باتۇرلىرىنىڭ قارشى تەرەپنىڭ باتۇرلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكىگە تەنتەنە قىلىنغان، شۇنداقلا ئېلىشىشتا مەغلۇپ بولغان ئالپ ئاياغا ئوخشاش باتۇرلارنىڭ خىجالەتلىكى ئىپادىلەنگەن.

«دىۋان» دا يەنە «ئۇيغۇر» نامىنىڭ شەكىللىنىشى قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق بىلەن تەگداش ئىزاھلانغان: «ئۇيغۇر — بىر ئەلنىڭ ئىسمى. ئۇنىڭ بەش شەھىرى بار. بۇ شەھەرلەرنى زۇلقەرنەيىن تۈرك خاقانى بىلەن پۈتتۈم تۈزگەندىن كېيىن سالدۇرغان ئىكەن.

ماگا مۇھەممەت چاقىر تونقا خان ئوغلى نىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېگىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېگەنىدى: زۇلقەرنەيىن ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن. ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن. ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەيىن بۇلارغا ھەيران قاپتۇ ۋە ‹inan huzhurand› (بۇلار باشقىلارغا موھتاج بولماي، ئۆز ئوزۇقىنى ئۆزى تېپىپ يەيدىغانلار ئىكەن؛ بۇلارنىڭ قولىدىن ئوۋ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قاچان خالىسا، شۇ چاغدا ئېتىپ يېيەلەيدۇ) دەپتۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ بۇ ئەل ‹huzhur› دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن ‹خ — h› ھەرپى ‹ا — ئېلىف› قا ئالماشقان. مۇنداق بوغۇز ھەرپلىرىنىڭ بىر — بىرىگە ئالمىشىشى، بولۇپمۇ ‹ا — ئېلىف› نىڭ ‹خ — h› غا ۋە ‹خ — h› نىڭ ‹ا — ئېلىف› قا ئالمىشىشى كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە.

مۇشۇ كىتابنى يازغان مەھمۇد ئېيتىدۇكى، بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز بولغان ئەمىرلەرنىڭ ‹hamir› دېيىلىشى ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن. چۈنكى ئوغۇزلار ‹amir› دېيەلمەي، ‹hamir› نى ‹خ — h› غا ئالماشتۇرۇپ ‹hamir› دەيدۇ. شۇڭا تۈرك ئەللىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن ئالغان بوۋىمىز ‹hamir tagin› دەپ ئاتايدۇ. خۇددى ‹ئۇيغۇر — uygur› سۆزىدە كۆرسەتكىنىمدەك، بۇ يەردە ‹ا — ئېلىف› ھەرپى ‹خ — h› غا ئالماشقان.

بۇ ئەلدە بەش شەھەر بار. ئۇنىڭ خەلقى ئەڭ ئەشەددىي كاپىرلار، ئەڭ ئۇستا مەرگەنلەردۇر. بۇ شەھەرلەر: سولمى (بۇنى زۇلقەرنەيىن سالدۇرغان)، قوچۇ، چانبالىق، بىشبالىق، ياڭى بالىق.»⑨ باتۇر، قەھرىمانلار ھەرگىز باشقىلارغا يېلىنمايدۇ، باشقىلارغا موھتاج بولمايدۇ، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى تولۇق چىققاندىن سىرت، ئۆزى تەۋە بولغان قەۋمىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يوق قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق كىشىلەرلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە، چوقۇنۇش ئوبيېكتىغا ئايلىنالايدۇ. زۇلقەرنەيىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، باتۇرلۇقتا قايىل قىلغان قەۋمنىڭ «ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىشى مۇنازىرسىز. ھالدا «ئۇيغۇر» دېگەن ئاتالغۇنىڭ يەنە بىر مەنىسىنىڭ «باتۇر، قەھرىمان ياكى ئالپ» دېگەنلىكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇ. «دىۋان» دا «ئالپاغۇت — يېڭىلمەس قەھرىمان، تاغ يۈرەك باتۇر.»⑩ دېگەن ئىزاھاتلارمۇ ئۇچرايدۇ. دېمەك، باتۇرلار يېڭىلمەس، ھەم تاغ يۈرەك. بۇنىڭدىكى سىمانتىكىلىك مەنىسىدە ئىپادىلەنگەن يوشۇرۇن مەنە تاغ ئېتىقادچىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغاندىمۇ، قەھرىمانلارغا ئالاھىدە ئېتىقاد شەكلىدە قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «دىۋان» دا خاتىرىلەنگەن مۇنۇ ماقال — تەمسىل باتۇر، قەھرىمانلارنى ئۇلۇغلاش قارىشىنى يەنىمۇ ئىخچام ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان پاكىت بولالايدۇ. «ئالپ ئەرنىڭ ياۋرىتما ئىلىقلاچ ئارقاسىن ياغرىتما — باتۇرلارنى خور قىلما، يۈگۈرۈك ئاتنى يېغىر.» (1 — توم، 187 — بەت)

«قەدىمكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ نەزىرىدە يىرتقۇچ ھايۋانلار باتۇرلۇق ۋە تەگداشسىز كۈچ — قۇدرەتنىڭ سىمۋولى ئىدى.»⑪ دەرۋەقە، قەدىمكى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇرىدا ئۆزىدىن كۈچلۈك بولغان، ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا يېڭىش تەس بولغان كۈچلەرمۇ باتۇرلۇقنىڭ تىمسالى بولغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئېتىقاد ئوبيېكتى بولغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، بارلىق ئىلاھلارمۇ ھەممىگە قادىر باتۇرلار، قەھرىمانلار. دىنىنىڭ تۇنجى پىلتىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ قەھرىمانلارغا بولغان ئېتىقادىدىن باشلانغانلىقىنى چەتكە قاقمايدىغانلىقى ئۆز — ئۆزىدىن مەلۇم. بىزگە مەلۇم بولغان ئۇيغۇرلاردىكى بۆرە ئېتىقادچىلىقى بۇنىڭ جانلىق دەلىلى بولۇپلا قالماستىن، يولۋاس، شىر، بۈركۈت قاتارلىق ھايۋانلارنىڭمۇ ئۇلۇغلىنىشى دەل ئۇلارنىڭ ئۆز تۈپى ئىچىدىكى باتۇرلۇقى، كۈچتۆگگۈرلۈكىدىن مۇستەسنا ھالدا شەكىللەنگەن ئەمەس. بۇ نۇقتىلارمۇ «دىۋان» دىكى تۆۋەندىكى پارچىلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان:

كۆرۈپ نەچۈك قاچمادىڭ،
يامار سۈۋىن كەچمەدىڭ،
تاۋارىڭنى ساچمادىڭ،
يەسۈن سەنى ئار بۆرى.
[كۆرۈپ نېچۈك قاچمىدىڭ،

يامار سۈيىن كەچمىدىڭ،
تاۋرىڭنى چاچمىدىڭ،
يېسۈن سېنى يال بۆرە.[ (1 ـ توم، 109 ـ بەت)
ئەندىك كىشى تەتىلسۇن،
ئەل تۆرۈ يەتىلسۇن،
توقلى بۆرى قاتىلسۇن،
قازغۇ يەمە ساۋىلسۇن.
[ئەخماق ھۇشىنى تاپسۇن،
ئەلدە تۈزۈم يېتىلسۇن،
توقلا، بۆرە قېتىلسۇن،
قايغۇ يەنە تۈگسۇن.] (1 ـ توم، 144 ـ بەت)

«لاچىن. بۇ بىرخىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يىگىتلەرمۇ ‹لاچىن› دېيىلىدۇ.»

«بۇلان. قىپچاق ئەللىرىدە ياشايدىغان بىر خىل يوغان ۋەھشىي ھايۋان. كىشىلەر ئۇنى ئوۋلايدۇ. ئۇنىڭ بېشىدا ئىچى كاۋاك، ئاغزى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان بىر مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئۇنىڭغا قار ۋە يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالىدۇ. چىشىسى چۆكسە ئەركىكى، ئەركىكى چۆكسە چىشىسى ئۇنىڭدىن سۇ ئىچىدۇ. تەگىن. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى ‹قۇل› دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، قەھرىمان قۇل ‹ئالپ تەگىن›، ئايىغى ياراشقان قۇل ‹قۇتلۇقىغ تەگىن› دېيىلىدۇ. كېيىن بۇ سۆز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ ‹قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پوكۇنى ئۇنداق قىلدى› دەيتتى. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى.»⑫

«بۆكە، ئەجدەرھا، يالماۋۇز. يەتتە باشلىق يالماۋۇز. ياباقۇلارنىڭ ئەڭ چوڭلىرىنى ‹بۆكە بۇدراچ› دەپ ئاتىغىنىدەك، بەزى باتۇرلارنىمۇ بۇ نام بىلەن ئاتايدۇ.»

«توڭا قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان، ئۇ يىلىنىڭ كۆشەندىسى. بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇشۇ. لېكىن، بۇ سۆز تۈركلەردە ئەسلى مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ‹توڭا خان›، ‹توڭا تېگىن›، قاتارلىقلار. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ ‹تۇڭا ئالپ ئەر› دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ‹قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم› دېمەكتۇر.»⑬

«تەتقىقاتچىلار ‹تارىخىي خاتىرىلەر›، ‹خەننامە› لەردىكى بايانلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئارسلانغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەنلىكىنى دەلىللەش ئاساسىدا، ‹مىلادىيە X−XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئارسلان ئېتىقادچىلىقى بەكلا كۈچىيىپ كەتكەن»⑭ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇيغۇرلاردا ئارسلان ئېتىقادچىلىقىمۇ خېلى زور سالماقنى ئىگىلىگەن. بۇ خىل ئېتىقادمۇ دەل يۇقىرىقى بايانلاردا تەكىتلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، باتۇرلارغا، قەھرىمانلار چوقۇنۇش ھېسسىياتىنىڭ سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

«ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم،
ئالپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.
[قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم،
باتۇرلار بېشىنى توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار.] (1 ـ توم، 169 ـ بەت) ⑮
ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم،
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.
[چۆرىدەپ ئېلىپ قورشايلى،
ئاتتىن چۈشۈپ يۈگرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
شۇنىڭ بىلەن كۈچى ئاجىزلاشسۇن.] (1 ـ توم، 193 ـ بەت)

«ئارسلان ھۆركىرىسە ئات ئايىغى كالۋالىشىدۇ.»⑯

ئات ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئالاھىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ياپونىيە ئالىمى جىياڭشاڭ بوفۇ: «شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئەگەردە ئاتقا مىنىپ جەڭ قىلىش تېخنىكىسى مەيدانغا كەلمىگەن بولسا، ئىنسانىيەت تارىخى پۈتۈنلەي باشقىچە بولغان بولاتتى. ئاتنىڭ ھەربىي يۈرۈشلەردىكى ئۈستۈنلۈك ئورنى تەخمىنەن 3000 يىلغا يېقىن داۋام قىلدى. پەقەت بىرىنچى جاھان ئۇرۇشى پارتلاپ، ئايروپىلان ۋە تانكىلار بارلىققا كەلگەندىن كېيىنلا ئاتنىڭ ئۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئورنىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى.»⑰ دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ئات تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشچە، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە دەۋر

بۆلگۈچ رول ئوينىغان. بۇ نۇقتىنى ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئاتنىڭ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى زور مەدەتكارى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەنگەن. بۇ خىل مەدەتكار كۈچ ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قەھرىمانلىقنىڭ، باتۇرلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ گەۋدىلەنگەن. بۇ سىمۋوللارنىڭ بىرى دەل ئات. ئات شامانىست ئۇيغۇرلاردا تەڭرىگە تىلەكنى ئەڭ تېز يەتكۈزگۈچى ئىلاھىي ئەلچى. ئۇنىڭسىز بۇ ئارزۇنى قاندۇرغىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ئەينى دەۋر ئىجتىمائىي رېئاللىقىدا ئاتسىز جەڭلەردە غەلىبە قىلغىلى، ئوۋ غەنىمەتلىرىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، ئاتسىز ھېچنېمىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. «دىۋان» دا بۇ نۇقتىنى تۆۋەندىكى ئىزاھاتلاردىن روشەن كۆرۈۋالالايمىز: «ئەل، ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۆگ ئەقىل، پەم، زېھىن. ئەقىللىق، زېھىنلىك ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر ‹ئۆگە› دېيىلىدۇ؛ قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن؛ ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، يازدەمچىسىز باتۇر سەپنى يىمىرەلمەس.» [18] شۇنداق بولغاچقا، «ئات يايلاق مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانلىق دەۋرىنى ئاچتى. ئات قەدىمكى زامان مەدەنىيىتى ۋە تەپەككۇرىنىڭ بەدىئىي كارتىنىسى بولغان ئېپوسچىلىق ئېراسىنى مەيدانغا كەلتۈردى.» [19] ئۇيغۇرلاردىكى ئات ئېتىقادچىلىقى ھەققىدىكى يېزىلغان ماقالىلەردە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردە ئاتقا باشقىچە قاراشتىن بەكرەك يۈگۈرۈكلۈكى، چەبدەسلىكى، كۈچتۈڭگۈرلىكى، باتۇرلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن سۈپەتلىنىپ ئالاھىدە چوقۇنغان ھەمدە ئاتقا دائىر ئالاھىدە تىللارنى ئىختىرا قىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، تىل بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى، شۇنداقلا شۇ خىل مەدەنىيەتنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىش شەكلى. تىلدىكى مەدەنىيەت ھادىسىسىگە نەزەر سالماي تۇرۇپ، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى مۇپەسسەل گەۋدىلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. بىز «دىۋان» دىكى ئاتقا دائىر تىللاردا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولساقلا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاتنى قەھرىمانلىق تىمسالى بويىچە چۈشەنگەنلىكىنى يەنىمۇ ئېچكىرىلىگەن ئاساستا مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

توقىش ئىچرە ئۇرىشتىم،
ئۇلۇغ بىرلە قارىشتىم،
تۈكۈز ئاتىن يارىشتىم،
ئايدىم ئەمدى ئال ئۇتار.

[توقۇنۇش ئىچىدە ئۇرۇشتۇم،
ئۇلۇغ بىلەن قېرىشتىم،
قاشقا ئات بىلەن چېپىشتىم،
ئۇتار! ئەمدى ئال، دېدىم!] ئۇتار ــ بىر ئادەمنىڭ ئىسمى. (1 ــ توم، 476 ــ بەت)

قىقرىپ ئاتىغ كەمشەلىم،
قالقان سۈڭۈن جۇمشالىم،
قايناپ يانا يۇمشالىم،
قاتىغ ياغى يۇۋىلسۇن.
[قىقراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان ــ نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يېغا بوشىسۇن.] (1 ــ توم، 575 ــ بەت)

«تاي ئات بولسا، ئات تىنۇر، ئوغۇل ئەر بولسا، ئاتا تىنۇر؛ مۇنچاق. زىننەت ئۈچۈن بويۇنغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاشلار. مونچۇق. ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىلىدىغان قىممەتلىك تاش، ئارسىلان تىرنىقى ياكى تۇمارغا ئوخشاش نەرسىلەر.» (1 ــ توم، 277 ــ بەت) [20]

تىغراقلانىپ سەكرتتى،
ئەرىن ئاتىن يۈگۈرتتى،
بىزنى قامۇغ ئاگىتتى،
ئانداغ سۈگە كىم يەتەر.
[قەيسەرلىنىپ ئېتىلدى،
يىگىت ئاتلىرىنى چاپتۇردى،
بىزنى تامام ھالەكـ تاك قالدۇردى،
ئۇنداق قوشۇنغا كىم تەڭ كېلەلەيدۇ!] (2 ــ توم، 400 ــ بەت) [21]

يۇقىرىقى پارچىلاردا ئىپادىلەنگەندەك، ئات ئەر يەنى باتۇرنىڭ قانىتى. ئاتسىز، ئاتنىڭ ياردىمىسىز باتۇر ئۆز باتۇرلۇقىنى تولۇق نامايان قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئاتنى ئۇلۇغلاپ ئاتقا مۇنچاق ئاسقان، يامان روھلاردىن قوغدىغان.

«دىۋان» دىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ئىپادىلەنگەن قەھرىمانغا چوقۇنۇش ئىدىيىلىرىدىن شۇنى خۇلاسىلەشكە بولىدۇكى، قەھرىمان چوقۇم ئۇ ئالدى بىلەن باتۇر، پالۋان، پەم ــ پاراسەتلىك، دانىشمەن، پەزىلەتلىك، يۈرەكلىك، قەيسەر، ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتىن باش تارتمايدىغان «جەڭدە يەسەپلەرنى يارغۇچى قىران كىشى». «دىۋان» دا: «قەيسەر، كەسكىن خاقانىيە خانلىرىنى ‹قادىرخان› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن» [22] دەپ كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، بۇنداق شەخسنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى

بىر مىللەت ياكى قەۋمنىڭ روناق تېپىشى ياكى زاۋاللىققا يۈزلىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەھرىمانى يوق خەلق باشپاناھى يوق ئازابلىق خەلق؛ ئۈيۈشۈش كۈچى، ئىنسانىي پەزىلىتىدىن مەھرۇم قالغان خەلق. بۇنداق خەلقنىڭ كەلگۈسى مۇقەررەر يوسۇندا ئىستىقبال گۈلىستانىدىن چەتنىگەن بولىدۇ. بۇ خىل ئېتىقاد قەدىرلەشكە تېگىشلىك ئېسىل روھ. بىز مەنۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئېسىل روھلىرىمىزنى قېدىرىپ چىقىپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پىرىنسىپى بويىچە، بۈگۈنكى چۈشكۈن، بىچارە، يىغلاڭغۇ ھالىتىمىزگە خاتىمە بېرىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈيۈشۈشچانلىقنى كۈچەيتىپ، تىنچ، ئىتتىپاق بولغان بەختىيار ۋەزىيەتنى مەڭگۈ قوغداش روھىمىزنى تۇرغۇزۇپلا قالماستىن، لېيۇيىتاڭ: «ئۇيغۇرلار (شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇرلىرى) خاراكتېر جەھەتتىن ئات ئۈستىدىكى قەھرىمان مىللەتلەرنىڭ جاسارىتىگە ئىگە ئىدى»㉓ دېگەندەك جاسارەتنى قايتىدىن تىكلەپ، ئىجتىمائىي بۇرۇلۇشقا دادىل يۈزلىنىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەشتە؛ «يىگىتلىقلار بىرىشتە قىيامىغا، قىممەت ۋە گۈزەللىكتە پايانىغا يەتكەن» ۋە «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر بايلىق»㉔ بولغان «دىۋان» دا بىزنىڭ ئۆزۈۋقلىنىشىمىزغا، تونۇشىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەتراپلىق، چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزۈشىمىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، خالاس.

---

**ئىزاھاتلار:**

①③⑦⑲㉓ ئەسئەت سۇلايمان: «مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىيەت دىئالېكتىكىسى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1999 ـ يىل 2 ـ 3 ـ سان 91 ـ، 92 ـ، 93 ـ، 113 ـ بەت.

② ئىقبال تۇرسۇن: «ئۇيغۇرلاردا ھايات ھېكمىتى، ئۆلۈم كۈلپىتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل نەشرى، 168 ـ بەت.

④ داۋىد لىمىڭ، ئېدۋىن بىلدا (ئامېرىكا): «مەدەنىيەت قەھرىمانلىرى»، «مىراس»ژۇرنىلى، 2007 ـ يىل 4 ـ سان، 50 ـ بەت.

⑤ ⑱㉔ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، 7 ـ، 8 ـ، 48 ـ، 59 ـ، 67 ـ، 167 ـ، 139 ـ، 254 ـ، 633 ـ بەتلەر.

⑥⑧ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»: (3) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى، 55 ـ بەت 290 ـ، 537 ـ بەت.

⑦⑨⑩⑳㉒ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى، 151 ـ، 152 ـ، 153 ـ، 187 ـ، 195 ـ، 196 ـ، 247 ـ، 277 ـ، 306 ـ، 316 ـ، 318 ـ، 466 ـ، 472 ـ، 476 ـ، 480 ـ، 516 ـ، 575 ـ، 612 ـ، 621 ـ بەتلەر.

⑪ مېھرىئاي مەمتىلى: «تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئېپوسلىرىدىكى قەھرىمانىنىڭ ئالاھىدە تۇغۇلۇش مۇتىفى ئۈستىدە تەھلىل»، «مىراس» 1996 ـ يىل 3 ـ سان 78 ـ بەت.

⑫⑮ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (1) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 ـ يىلى نەشرى 109 ـ، 144 ـ، 169 ـ، 533 ـ، 539 ـ بەتلەر.

⑬ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (3) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى 314 ـ، 502 ـ بەتلەر.

⑭ غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلار شەرقتە ۋە غەربتە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىل نەشرى 254 ـ بەت.

⑯ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» (2) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984 ـ يىلى نەشرى 16 ـ، 194 ـ، 207 ـ، 400 ـ بەتلەر.

---

**ئاپتور:** قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى.

**تەھرىرلىگۈچى: ھەزرىتى ئەلى بارات**

# «دىۋان لۇغەتت تۈرك» تىكى ئىسلام دىنىغا دائىر بايانلار

مۇھەممەدئىمىن قۇربان تۇغلۇق

ئوتتۇرا ئاسىيادا قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭى سەھىپە ئاچتى. بولۇپمۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يىراق ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ، ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇددا دىنىدىن يېنىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى، كېيىنچىرەك ئىسلام دىنىنىڭ پۈتۈن قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدە دۆلەت دىنىغا ئايلىنىشى, خەلقىمىزنىڭ ۋۇجۇدىغا «ئىسلام روھى» دىن ئىبارەت يېڭى قان بەخش ئەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن خەلقنىڭ كۆڭۈل قەسرى نۇرلىنىپ، ئالاھىدە جۇشقۇن كەيپىيات ۋە ئىجتىمائىي ھايات سىرلىرىغا بولغان سەئىي ئىجتىھات پەيدا بولدى. بۇنداق ئالاھىدە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ تەسىرىدە زور بىر تۈركۈم ئالىملار، پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار، شائىرلار ۋە يازغۇچىلار بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئالەمشۇمۇل تۆھپىكارلىرىغا ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى مەزمۇنىنىڭ مول بولۇشى، شەكلىنىڭ رەڭدار ھەم مۇكەممەللىكى، شۇنىڭدەك مۆلچەرلىگۈسىز تارىخىي قىممىتى ۋە ئىلمىي قىممىتى بىلەن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋانۇ لوغەتت تۈرك» ناملىق ئەسىرى بولسا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ھەم مەدەنىيىتىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات ئەھۋالىدىن گۇۋاھلىق بەرگۈچى، ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر. بۇ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۇلۇغ ئەنئەنىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ خېلى گۈللەنگەن باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن، بىگانە ئىلمىي ئەسەر بولۇش سۈپىتىدە ناھايىتى قويۇق ئىسلام روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭدىكى ئىسلام روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان مەزمۇنلارنىڭ سالمىقى بىر قەدەر زور، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، ئىپادىلىنىش شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

**بىرىنچى: تەڭرىنى مەدھىيىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا سېغىنغان.** ئەينى دەۋردە مۇسۇلمان ئاپتورلار ئەسەر يازغاندا ئالدى بىلەن ئۇلۇغ تەڭرىگە مەدھىيە ئوقۇش ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم سوراش بىر خىل مۇقەددەس ئەنئەنىگە ئايلانغان. مەھمۇد كاشغەرىمۇ بىر ئۇيغۇر مۇسۇلمان قەلەم ئىگىسى بولۇش سۈپىتىدە شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى كىتابەتچىلىك ئەنئەنىسى بويىچە «دىۋان» نىڭ مۇقەددىمىسىنى: «ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن. پەقەت تەڭرىلا ياردەم بىرەلەيدۇ» دەپ باشلىغان. ئاندىن: «ھەممە ماختاش، ئالقىشلار يۈكسەك پەزىلەت ۋە كۆركەم سەنئەت ئىگىسى بولغان تەڭرىمگە خاس. زامان ئەھلىنىڭ ئەڭ ساغلاملىرى كېسەل، ئەڭ سۆزمەنلىرى كېكەچ بولۇپ قالغان بىر چاغدا، تەڭرىم ھالال بىلەن ھارام ئىشلار ئېنىق ۋە تولۇق بايان قىلىنغان قۇرئاننى جەبرائىل ئارقىلىق مۇھەممەدكە چۈشۈردى، شۇنىڭ بىلەن توغرا يول كۆرسىتىپ، مەشئەل ۋە يول كۆرسەتكۈچ بەلگە تىكلەپ بەردى» (1 - توم، 1 - بەت) دەپ يېزىپ، ئۆزى ئاز، ئەمما ناھايىتى مەزمۇنلۇق تەڭرى مەدھىيىسىنى ياڭراتقان. مۇقەددىمىنىڭ كىتاب يېزىشتىكى مۇددىئا مەقسەت، كىتابنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشى ھەققىدىكى شەرھى ۋە ئۆزىنىڭ قانداق يول تۇتقانلىقى ھەققىدىكى بايانلاردىن كېيىن، «پۈتۈن كۈچ قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس، تەڭرى بىزنىڭ ئىشەنچىمىز ۋە ئەڭ ياخشى ئىگىمىز» (1 - توم، 8 - بەت) دەپ يازغان. كىتابنىڭ كونكرېت تۈزۈلۈش ئەھۋالىدىن كېيىنكى بايانلاردىن كېيىن، يەنە مۇقەددىمىدىكى ئەڭ ئاخىرىدا «پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇلۇغ ۋە يۈكسەك تەڭرىگىلا خاس» (1 - توم، 46 - بەت) دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا ھەر قايسى بۆلۈم ۋە تارماق بۆلۈملەرنىڭ بېشىنى ئوخشاشلا «ئايىغۇچى ۋە كۆيۈنگۈچى تەڭرىنىڭ ئېتى بىلەن باشلايمەن» دېگەن ئىبارىدىن باشلاپ ئاخىرىنى «خۇداغا شۈكرى، بۇ بۆلۈم تۈگىدى» دەپ ئاخىرلاشتۇرغان. ئاندىن «بۇ كىتابنى پەيغەم-

بىرىنىمىزنىڭ مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇقىـ
دىن ۋە ئاباسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىـ
مىز، ئىگىمىز مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن
خەلىپە مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بىئەمرىللا
ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم» دەپ، ئۇنى مۇقەددەس
ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدىكى يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن
«مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە» دەپ
ئاتىغان. يەنە «تەڭرى ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى دائىم يۇقىرى،
ئۆمرىنى راھەت پاراغەت ئىچىدە ئۇزۇن قىلسۇن؛ ئۇنىڭ
ئۇلۇغلۇقتا تەڭدىشى يوق سەلتەنەت ئاساسلىرىنى تەۋرەنـ
مەس دەرىجىدە مۇستەھكەملىسۇن؛ ئۇنىڭ پەرمان دائىرىلىـ
رىنى كېڭەيتسۇن ۋە يۈكسەلدۈرسۇن؛ ئادەم باللىرى
ئۇنىڭ بىھېساب ساخاۋىتى شارابىتىدىن يۇلتۇزلاردەك
يۈكسەك بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولسۇن؛ ئۇنىڭ دەۋلەتلىـ
رى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەر بىر غەلىبىسى سادىق دوستلىرىنى
خۇشال قىلسۇن، تەڭرى ئۇنىڭ قەھر غەزىپىگە ئۇچرىغان
دۈشمەنلىرىنى تېخىمۇ خار قىلسۇن. ئۇنىڭ سايىسىنى،
كۆركىنى، قۇدرىتىنى، پەزىلىتىنى ۋە ئۇلۇغۋارلىقىنى مۇسۇلـ
مانلار ئۈستىدىن يىراق قىلمىسۇن» (1 ـ توم، 3 ـ 4 ـ
بەت) دېگەن دۇئا بىلەن ئاجايىپ يۈكسەك تەڭرى مەدھىيىـ
سى ئاساسىدىكى گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەكنى ئىپادىلىگەن.

**ئىككىنچى: «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە ئايەتلەردىـ
كى سۆزلەرنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ئەينەن نەقىل كەلـ
تۈرگەن.** ئەينى دەۋردىكى ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە تەڭرىـ
نىڭ بىرلىكى ۋە ئۇلۇغلۇقىغا چەكسىز ئىشىنىپ، ئۆزىنى
مۆمىن بەندە ھېسابلايدىغان ھەرقانداق بىر قەلەم ساھىبى،
ئۆزى يولۇقتۇرغان مەسىلىلەرنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە ئىسـ
لامىيەتنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان كەرىم» نىڭ ئاـ
ساسىي روھىغا تەتبىقلاپ تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغان.
مەھمۇد كاشغەرىمۇ «دىۋان لۇغەتت تۈرك» تىكى تۈركچە
سۆزلەرنى ئەينى دەۋرنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياجىغا
ئاساسەن ئەرەب تىلىدا خاتىرىلەپ، ئەرەب تىلىدا ئەتراپلىق
چۈشەندۈرگەن بولغاچقا، ئۇنىڭ يېزىق ۋە ئېغىز تىلىدىكى
ئىپادىلىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك سۆز، جۈملە ياكى ماقاللارنىڭ
مەزمۇن ئوخشاشلىقى، فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلىرى، تاۋۇش
(ھەرپ) لارنىڭ ئالمىشىپ كېلىشى، بەزى تاۋۇش ياكى
ھەرپلەرنىڭ چۈشۈپ قېلىپ يېنىكلىتىپ ئوقۇلۇشى، تاۋۇش
ياكى ھەرپلەرنىڭ باشقا تاۋۇشلارغا ئۆزگىرىشى، ئىككى تىلـ
دىكى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان سۆزلەرـ
نىڭ نىسبىي ئاھاڭداشلىقى، سۆزنىڭ ئوخشىمىغان تىل شاـ
رائىتىدىكى مەنىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى (كېڭىيىشى) جەھەتتىـ
كى ئوخشاشلىقلىرى قاتارلىق نۇرغۇن سىلىشتۇرما تىلشۇناسـ
لىق مەسىلىلىرىنى «قۇرئان كەرىم» دىكى ئايەتلەر ياكى ئاـ
يەتلەردىن ئېلىنغان سۆزلەرنىڭ يېزىلىش ۋە ئوقۇلۇش ئالاـ
ھىدىلىكلىرى بويىچە سېلىشتۇرۇپ، تەھقىقلەپ، ناھايىتى
ئېنىق شەرھلىگەن. مەسىلەن:

(1) تەكىتلەش، جېكىلەش مەزمۇنىدىكى مەنىتەرلەرـ
گە تەمسىل قىلىپ، «قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە نىسا 164 ـ
ئايەتنىڭ «تەڭرى مۇساغا جېكىلەپ ئېيتتى» دېگەن قىسمىـ
نى ئىقتىباس قىلغان (1 ـ توم، 36 ـ بەت).

(2) «amgak» ئەمگەك، مېھنەت، جاپا مۇشەققەت
دېگەن سۆزلەرگە مىسال كەلتۈرۈلگەن «ئەمگەك بىكار
كەتمەس» دېگەن ماقالنىڭ مەزمۇنىنى سۈرە ئىنشىراھ 5 ـ
ئايەتتىكى «ئەلۋەتتە ھەر بىر مۈشكۈللۈك بىلەن بىر ئاسانـ
لىق بار» دېگەن ئىلاھى قاراش بىلەن دەلىللىگەن (1 ـ
توم، 149 ـ بەت).

(3) «axgak» ئېشەك دېگەن سۆزدىكى «ي ـ يا»
ھەرپى تەكرارلانغان ئىككى ھەرپتىن بىرىنىڭ ئورنىغا ئالـ
ماشقاندىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشنى سۈرە قىيامەت 33 ـ
ئايەتتىكى «يەتەمەتتا» دېگەن سۆز بىلەن سۈرە شەمس 10 ـ
ئايەتتىكى «دەسساھا» دېگەن سۆزدە يۈز بەرگەن فونېتىكىـ
لىق ئۆزگىرىشكە تەمسىل قىلغان (1 ـ توم، 150 ـ بەت).

(4) «anda» ئاندا، ئۇ يەردە، ئوغۇزلار بۇ سۆزنى
«كېيىن» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەندە «ا ـ ئېلىف» ھەرپىنى
«ن ـ n» غا ئالماشتۇرۇپ «andan» دەيدۇ، دەپ يازغاندىن
كېيىن، يەنە «ا ـ ئېلىف» نى «ن ـ n» غا ئالماشتۇرۇش ئەـ
رەبچىدىمۇ بار دەپ كۆرسىتىپ، سۈرە شۇئەرا 23 ـ ئايەتـ
تىكى ۋە سۈرە ئەلەق 15 ـ ئايەتتىكى «ا ـ ئېلىف» نىڭ «ن ـ
n» غا، «ن ـ n» نىڭ «ا ـ ئېلىف» قا ئالمىشىشىنى تەمسىل
كەلتۈرگەن. (1 ـ توم، 176 ـ 177 ـ بەت)

(5) «anghardi» ئانىت (قەسەم) ئىچكۈزدى دېگەن
سۆزنىڭ ئەسلى «andghardi» بولسىمۇ يېنىكلەشتۈرۈلۈپ
«د ـ d» ھەرپى چۈشۈرۈلگەنلىكىنى بايان قىلغاندا، سۈرە
ۋاقىئە 65 ـ ئايەتتىكى ئىبارىدىمۇ شۇنداق ئەھۋال بارلىقىـ
نى تىلغا ئالغان (1 ـ توم، 302 ـ بەت).

(6) «arkadi» ئاختۇردى، تەكشۈردى دېگەن سۆز
ھەققىدە توختالغاندا، ئارقادى «arkadi» سۆزى «ئالقىش»
مەنىسىدىكى «alkadi» سۆزىدىن ئېلىنغان. بۇ سۆزدىكى

«ر ـ r» ھەرپى «ل ـ l» دىن ئۆزگەرگەن، دەپ يازغان ھەم سۈرە سەپ 4 ـ ئايەتتىكى بىر سۆزنى ئوقۇغاندىمۇ شۇنداق ھادىسە يۈزبېرىدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان (1 ـ توم، 373 ـ 374 ـ بەت).

(7) «Sik» ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسى مەنىسىدىكى بۇ ئۇيغۇرچە سۆز بىلەن سۈرە يۈسۈپ 31 ـ ئايەت، سۈرە فاتىر 2 ـ ئايەت تەركىبىدىكى بىر ئەرەبچە سۆز ئاھاڭ جەھەتتىن نىسبەتەن يېقىن بولغاچقا، شۇنىڭدەك ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى مەنىسىدىكى «تىلاق tilak» ۋە «ئەم ـ am» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاھاڭ جەھەتتىن ئوخشاش ياكى يېقىن بولغان ئەرەبچە سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە ساد 7 ـ ئايەت ۋە سۈرە يۈسۈپ 31 ـ ئايەت بىلەن سۈرە فاتىر 2 ـ ئايەت ۋە 68 ـ ئايەتلىرىنى بىلمىسىز ئەرلەر ۋە ئاياللار ئالدىدا قۇرئان ئوقۇغان كىشى پەس ئاۋازدا ئوقۇش كېرەك. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇقمىغانلىقتىن، بەزى سۆزلەرنى ئۆز تىلىدىكىدەك چۈشىنىپ، كۈلۈۋېتىپ گۇناھكار بولىدۇ. سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىدىغانلار ئالدىدا بۇ ئايەتلەرنى قانداق ئوقۇسا بولىۋېرىدۇ دەپ كۆرسەتكەن (1 ـ توم، 436 ـ 437 ـ بەت).

(8) «türk» تۈرك. بۇ سۆزنىڭ نۇھ ئەلەيهىسسالام ئوغلىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە بىرلا كىشىنى بىلدۈرىدىغانلىقى، نۇھ ئەۋلادلىرىنىڭ ئىسمى بولۇپ كەلگەندە «ئادىمزات» سۆزىگە ئوخشاش ئىنسانلار توپىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى سۈرە ئىنسان 1 ـ ئايەتتىكى «ئىنسان» سۆزىنىڭ «بىرلا ئادەم» نى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكى بىلەن سۈرە تىن 4 ـ 5 ـ 6 ـ ئايەتلەردىكى « ئىنسان» سۆزىنىڭ «كۆپ ئادەم» نى بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكىگە تەمسىل قىلىپ چۈشەندۈرگەن (1 ـ توم، 455 ـ بەت).

(9) ئەرەبچىدە فائىل بەزىدە مەستەر ئارقىلىق سۈپەتلىنىدۇ، دەپ بايان قىلغاندىن كېيىن بۇ سۆزنىمۇ ئەمەلىي ئايەت ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، سۈرە مۇلك 30 ـ ئايەتنىڭ ئالدىنقى يېرىمىنى دەلىل كەلتۈرگەن (2 ـ توم، 68 ـ بەت).

(10) جۈملىدە بىر كىمنىڭ بىرەر ئىش ـ ھەرىكىتىنى باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆز ئالدىغا ئىشلەشكە كىرىشكەنلىكى ئىپتىلماقچى بولسا «ئۆز ـ θz» سۆزى قوشۇلمىسا، سۈپەت تولۇق بولماي قالىدۇ. «ئۆز» سۆزى قوشۇلۇش بىلەنلا سۈپەت تولۇق بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا ئىش ـ ھەرىكەت ئورتاقلىقتىن چىقىپ، ئىشلىگۈچىنىڭ بىر ئۆزىگىلا خاس بولغان بولىدۇ، دەپ يازغاندىن كېيىن، سۈرە بەقەرە 54 ـ ئايەتتىكى «ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار» دېگەن ئىبارە تەركىبىدىكى «ئۆلتۈرمەك» ھەممە ئادەملەرگە ئورتاق ھەرىكەت بولۇپ، «ئۆزۈڭلارنى» دېيىلىش بىلەن بۇ ھەرىكەت مەلۇم ئادەملەرگىلا قارىتىلغان بولىدۇ، بۇ يەردە «ئۆز» سۆزى ئىپتىلمىسا، سۈپەت تولۇق بولمىغان بولاتتى، دەپ پاكىت كەلتۈرىدۇ. ئاندىن پېئىل «كۆرۈنۈش بېرىش» (يەنى قىلىۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنۈش) مەنىسىدە كەلسە، ئۆتۈمسىز بولىدۇ، ئۇنىڭدا ئورتاقلىق (ئۆملۈك مەنىسى) بولمايدۇ. بۇ ھالدا «ئۆز» سۆزى ئىپتىلمىسىمۇ ئۆتۈمسىز پېئىل شۇ مەنىسىنى بېرىۋېرىدۇ ۋە سۈپەت تولۇق بولىدۇ، دەپ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا سۈرە ئەلەق 6 ـ، 7 ـ ئايەتلىرىنى تولۇق دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىغان (2 ـ توم، 226 ـ 227 بەت).

(11) «taltürdi» تەشتۈردى، بۇ سۆزنىڭ ئىككىنچى بوغۇمىدىكى «ت ـ d» ھەرپىنىڭ « د ـ d» ھەرپىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكىنى بولسا سۈرە تەلاق 6 ـ ئايەت ۋە سۈرە فەجرى 16 ـ ئايەتتىكى «د ـ d» ھەرپىنىڭ «ت ـ t» ھەرپى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىشىگە تەمسىل قىلىپ ئىپادىلىگەن. (2 ـ توم، 246 ـ 247 ـ بەت)

(12) «tah ـ tah» تاھ ـ تاھ (توخۇنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز)، «quh ـ quh» چۇھ ـ چۇھ (ئات ـ قېچىرنى ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان سۆز)، «kah ـ kah» كەھ ـ كەھ (بۈركۈت، شۇڭقار قاتارلىق قۇشلارنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز) «mah مەھ» (ئىت ياكى قوينى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز)، «yah» يەھ (كەپتەرنى چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز) دېگەن سۆزلەر ئىبغىز تىلىدا ئىپتىلغاندا، «بۇ سۆزلەردىكى (ھ ـ h) ھەرپى پەقەت تىنىۋېلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ» دەپ يېزىپ، سۈرە ئەنئام 90 ـ ئايەت ئوتتۇرىسىدىن ۋە سۈرە بەقەرە 259 ـ ئايەت ئوتتۇرىسىدىن ئېلىنغان ئىبارىلەرنى تەمسىل كەلتۈرگەن. (3 ـ توم، 163 ـ بەت)

(13) soku سوقا، ھاۋانچا، بۇ سۆز ھەققىدە توختالغاندا ئەسلى «ق ـ k» تەشدىدلىك ئىدى. بۇ سۆز خۇددى «تۆپە، تۆپىلىك» مەنىسىدىكى «باقۇ baku» سۆزىنىڭ ئەسلىدىكى تەشدىدلىك (bakku) ھالەتتىن تەشدىدسىز قىلىپ يېنىكلىتىلگىنىگە ئوخشاش. يامغۇرلۇق مەنىسىدىكى «ياقۇ yaku» مۇ ئەسلىدىكى «ياغقۇ yaghku » ئىدى دەپ ياز-

غاندىن كېيىن، بۇنداق يېنىكلىتىش ھادىسىسىگە سۈرە ۋاقىـ
ئە 65 ـ ئايەتنى مىسال كەلتۈرگەن. (3 ـ توم، 313 ـ
بەت)

(14) «sanladi» سەنلىدى. بۇ سۆزگە «ئۇ ئۇنى سەنـ
لىدى» دەپ جۈملە تۈزۈپ، بۇ سۆز «سەن» مەنىسىدىدۇر.
بۇنداق ئورۇندا خىتاب ئۈچۈن، كۆپىنچە «سىزلەدى ـ
sizladi» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ، بۇنىڭ ئەسلى مەنىسى
«سىلەر (سىلى)» دېگەن بولىدۇ. بۇ خاقانلارغا ئىپتىلىدىغان
خىتاب سۆزى دەپ چۈشەندۈرۈپ، سۈرە قەدر 1 ـ ئايەتتىـ
نىڭ ئالدىنقى قىسمىنى تەمسىل كەلتۈرگەن (3 ـ توم،
407 ـ بەت).

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن بىز مەھمۇد كاشغەرىينىڭ
«قۇرئان كەرىم» نىڭ ھەربىر ئايەتلىرىنى ۋە ئايەتلەرنى
تەشكىل قىلغۇچى سۆزلەر ھەم ئۇنىڭدا گەۋدىلەنگەن گرامـ
ماتىكىلىق مەسىلىلەرگە قەدەر پۇختا، مۇكەممەل، سىستېمىـ
لىق ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيەت تارىخىنىڭ
دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سىلىشتۇرما تىلشۇناسلىق ساھەـ
سىدىكى ئەللامە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تۈركىي
تىلىنىڭ بىر قىسىم ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدا
مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تەڭداشسىز دەستۇرى «قۇرئان
كەرىم» نىڭ ئايەتلىرىنى ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرۇشتەك
يېگانە جۈرئىتىنى، ھەم ئۆزىنىڭ «بۇ تىل خۇددى بەيگىگە
چۈشكەن ئىككى ئاتقا ئوخشاش ئەرەب تىلى بىلەن مۇسابىـ
قىدە تەڭ يۈگۈرەلەيدۇ» (3 ـ توم، 472 ـ بەت) دېگەن
مەردانە قارىشىنى ئىسپاتلاش جەريانىدىكى ئانا تىلغا بولغان
چەكسىز مېھىر ـ مۇھەببىتىنى كۆرەلەيمىز.

**ئۈچىنچى: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈنۈش ئىـ
چىدە ياد ئەتكەن ۋە ئۇنىڭ ھەدىسلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن.**
مەلۇمكى، «ھەدىسنىڭ دىنىي جەھەتتىكى قىممىتى ناھايىتى
زور بولۇپ، ‹قۇرئان كەرىم› دىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا
تۇرىدۇ» (ئەھمەد ئەمىن «ئىسلامنىڭ سۇبھى دەۋرى» 411 ـ
بەت) غان بولغاچقا، ئەينى دەۋر مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ مۆـ
تىبەرلىرىگە نىسبەتەن ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئايەتلەر
بىلەن دەلىللەشتىن باشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەـ
دىسلىرى بىلەن دەلىللەشمۇ يەنە بىر مۇھىم ئادەت ئىدى.
مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كىتابەتچىلىك ئەنئەنىسىدە ئۇلۇغ
تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئوقۇغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە سالام
يوللاش ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھەم ئائىلە تەۋەلىرىنى
چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىپ، تەڭرىدىن ئۇلارغا
مېھىر ـ شەپقەت تىلەش يەنە بىر مۇھىم تەرتىپ ئىدى.
ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تۇنجى
«ئالتۇن دەۋرى» دە ياشىغان مەھمۇد كاشغەرىمۇ بۇ تەرتىپـ
نى ئېسىدىن چىقارمىغان. شۇڭا ئۆزىگە خاس بەدىئىي تىل
بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەڭرى مەدھىيىسىدىن كېيىنلا «ـ
مۇھەممەدكە ۋە ئۇنىڭ ھەممىگە پېشۋا بولغان ئۇرۇق ـ
ئەۋلادلىرىغا تەڭرى رەھمەت قىلسۇن، ئەبەدىي ئېيسەنلىك
بەرسۇن» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭمۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامـ
نىڭ ئىخلاسمەن ئۈممىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن ھەم
ئۆزىنىڭ بەزى كۆز قاراشلىرىنى پەيغەمبەر ھەدىسلىرى ئارـ
قىلىق شەرھلىگەن. مەسىلەن:

(1) تۈركىي تىلىنىڭ 11 ـ ئەسىر ئوتتۇرا، غەربىي
ئاسىيا جەمئىيىتىدە تۇتقان ئىجتىمائىي ئورنىنى گەۋدىلەندۈـ
رۈشتە ھەدىستىن پايدىلانغان. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»
نىڭ يېزىلىشىغا تۈرتكىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئەينى دەۋر
تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئۈستىدە توختىلىپ، «مەن تەڭرىـ
نىڭ دۆلەت قۇياشىنى تۈركلەر بۇرجىدا تۇغدۇرغانلىقىنى ۋە
پەلەكنىمۇ شۇلارنىڭ زېمىنى ئۈستىدە چۆرگىلەتكەنلىكىنى
كۆردۈم. تەڭرى ئۇلارنى ‹تۈرك› دەپ ئاتىدى ۋە سەلتەنەتـ
كە ئىگە قىلدى، دەۋرىمىزنىڭ خاقانلىرىنى تۈركلەردىن
قىلىپ، زامان ئەھلىنىڭ ئىختىيار تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قوـ
لىغا تۇتقۇزدى؛ ئۇلارنى ئىنسانلارغا باش قىلدى؛ ھەق ئىشـ
لاردا ئۇلارنى قوللىدى؛ ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كۈـ
رەشكەنلەرنى ئەزىز قىلدى ۋە تۈركلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنى
ھەممە تىلەكلىرىگە ئېرىشتۈرۈپ، يامانلارنىڭ زىيانكەشلىكىـ
دىن ساقلىدى؛ تۈركلەرنىڭ ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
ئۇلارنىڭ يولىنى مەھكەم تۇتۇش ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىگە
لايىق ۋە مۇناسىپ ئىش بولۇپ قالدى» دەپ يېزىپ، 10 ـ،
11 ـ ئەسىرلەردە تۈركىي خەلقلەر تەرىپىدىن قۇرۇلغان
خاندانلىقنىڭ ھاكىمىيەت سەلتەنىتىنى ئەقلىنى لال قىلغۇـ
دەك دىرىجىدە ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن. ئاندىن ئۆزىنىڭ
ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى
چىقىش قىلغان ئاساستىكى «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركـ
لەرگە يېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن
ياخشى يول يوق» دېگەن قارىشىنى «تۈرك تىلىنى ئۆگىنىڭـ
لار، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاق داۋام قىلىدۇ»
دېگەن ھەدىس بىلەن دەلىللىگەن (1 ـ توم، 2 ـ بەت).

مەھمۇد كاشغەرى گەرچە يۇقىرىقى ھەدىسنى دەلىل
كەلتۈرگەندە، « بۇ ھەدىسكە شۇ ھەدىسنى ئېيتقۇچى كىشـ

لەرنىڭ ئۆزى جاۋابكار، بۇ ھەدىس راست بولسا، تۈرك تە-
لىنى ئۆگىنىش ۋاجىپ بولىدۇ. راست بولمىغان تەقدىردىمۇ،
تۈرك تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەقىل تەقەززا قىلىدۇ»
دېيىش ئارقىلىق، بۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىگە
ئۆزىنىڭمۇ تازا ئىشەنچىسى يوقلۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا جەمئىيە-
تى ۋە تۈركىي خەلقلەر خاندانلىقلىرى ھامىيلىقىدىكى ئابباس-
سىيلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان غەربىي ئاسىيا جەمئىيىتى-
نىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئېھتىياج تەقەززاسىنى ئەقىلغا
مۇۋاپىق ئەسكەرتكەن.

(2) «تۈرك» لەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجتىما-
ئىي ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەدىستىن پايدىلانغان.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈرك» لەرنىڭ 11 - ئەسىردىكى
ئەۋلادلىرى - ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ يېتىلگەن تىلشۇناس ئا-
لىمى بولۇش سۈپىتىدە تۈركلەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئومۇ-
مىي ئەھۋالىنى چۈشىنىشتە مۆلچەرلىگۈسىز تارىخىي، ئىجتى-
مائىي قىممەتكە ئىگە بۇ ئەسىرىدە «تۈرك türk» ھەققىدە
توختىلىپ، «تەڭرى يارلىقىغۇچى نوھنىڭ ئوغلىنىڭ
ئىسمى، بۇ - نوھنىڭ ئوغلى تۈرككە تەڭرى تەرىپىدىن قو-
يۇلغان ئىسىم. ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ ‹تۈرك› دەپ ئاتىلىدۇ.» (1 -
توم، 455 - بەت) دەپ يازغان. ئاندىن «تۈرك» دېگەن
«ئىسمنى ئۇلۇغ تەڭرى ئۆزى قويغان» دېيىشىدىكى تۈپ
سەۋەبنى ئۆزىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئۇستازى ھۈسەيىن
ئىبنى خەلەف كاشغەرى ئىبنۇل غەرقى دېگەن ئادەمدىن
ئاڭلاپ بىۋاستە ئېيتىپ بەرگەن. يەنى، «ئىبنۇل ئەبدۇدۇن-
يا» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئەششەيخۇ ئەبۇ بەكرىل مۇ-
فىدۇل جەرجەرائى (جەرجەرالىق ئۇستاز ئەبۇ بەكرى
مۇفىد) يازغان، ئاخىر زامان توغرىسىدىكى كىتابتا نەقىل
كەلتۈرۈلگەن «ئۇلۇغ تەڭرى ئېيتىدۇ: مېنىڭ بىر تائىپە قو-
شۇنۇم بار، ئۇلارنى تۈرك دەپ ئاتىدىم. ئۇلارنى كۈن چى-
قىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم......» (1 - توم، 456 - بەت) دېگەن
ھەدىسنى ئەينەن دەلىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ
بەرگەن. شۇنىڭدەك تۈركلەرنىڭ «كۆركەم، يېقىملىق،
ئوچۇق چىراي، ئەدەپلىك، قېرىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ۋە-
دىسىگە ۋاپا قىلىدىغان، ئاددىي - ساددا، كەمتەر، دادىل،
مەرد ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان سان - ساناقسىز پەزىلەتلەر-
گە ئىگە» (1 - توم، 457 - بەت) ئىكەنلىكىنى ئوبيېكتىپ
سەۋەب قاتارىدا ئەسكەرتكەن. ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي
ئەمەلىيەتتىن ئېيتقاندىمۇ، ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ

سىياسىي ھوقۇقى تۈركلەرنىڭ قولىدا بولغاچقا، «خەلىپى-
نىڭ ئەڭ تاللانغان ۋە سادىق قوشۇنى تۈركىي خەلقلەردىن
تەشكىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار تۈركىي خەلقلەرگە ئېتى-
بار بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانىدى. كۆچمەن تۈركىي
خەلقلەر قوشۇنىنىڭ سەرخىللىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇشتىكى
ئىنتىزامچانلىقى شۇ چاغلاردا تىللاردا داستان ئىدى.
تۈركىي خەلقلەرنىڭ غەلىبىلىرى يالغۇز ئەرەب دۇنياسى دا-
ئىرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ دەۋردە خەلقئارادىمۇ ئالاھىدە
ئەھۋال دەپ قارالغانىدى. تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىسلامىيەت
ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگەكلىرى ۋە بۇ يولدا قولغا كەل-
تۈرگەن غەلىبىلىرى ئەلۋەتتە جاۋابسىز ۋە نەتىجىسىز قالمى-
دى» (م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد
قەشقەرى 16- 15 - بەت») كونكرېت ئېيتقاندا «قەدىر -
قىممەتنى بىلىدىغان ئەرەب ئەدەبىياتچىلىرى بىلەن ئەرەب
شېئىرىيىتى تۈركىي خەلقلەر بىلەن بولغان دوستلۇقنى
دەۋرنىڭ ئەڭ مۇھىم تېمىلىرى قاتارىغا ئېلىپ كىردى ۋە
ئۇنى ھەرخىل ھەدىسلەر بىلەن يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۆزلە-
رى بىلەن دەلىللەشتى» (يۇقىرىقى ئەسەر 15 - بەت) ھەتتا
«شۇ دەۋرنىڭ ئەدەبىياتىدا تۈركىي خەلقلەر ‹ ئاللا ھەقلىق
ھالدا ئۆزلىرىگە ئاتا قىلغان ئۇلۇغ بىر كۈچ› سۈپىتىدە كۆر-
سىتىلدى ۋە شۇنداق دەپ قارالدى» (يۇقىرىقى ئەسەر 15 -
بەت). شۇڭا ئەينى دەۋردىكى «ئەرەب دۇنياسىنىڭ ئەڭ
كۈچلۈك ئالىملىرىدىن بولغان جاھىز تۈركلەرنى ‹ ئىسلامى-
يەت جەۋھىرى › ياكى ‹ مەنبەسى › دەپ كۆرسىتىشكە
مەجبۇر بولدى» (يۇقىرىقى ئەسەر 14 - بەت). ھەتتا ئۇ
«تۈركىي خەلقلەر ئىسلامىيەتنى قوغدىغۇچى سەرخىل قو-
شۇندۇر، خەلىپىلەر ئۇچۇن پاناھلىنالايدىغان قوغدىنىش
كۈچىدۇر» (يۇقىرىقى ئەسەر 15 - بەت) دەپ يازغان
ئىدى.

(3) بەزى سۆزلەرنى ئەرەبچە شەرھلىگەندە، شۇ
سۆزگە ئوخشاش مەنە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە
ئالغان ھەدىسلەرنى نەقىل كەلتۈرگەن. مەسىلەن: « ئۆزەك
ozak» دېگەن سۆزنى «گۆرەن تومۇر» دەپ شەرھلىگەن-
دىن كېيىن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «خەيبەردە يېگەن يې-
مەكلىكنىڭ زەھىرى تاكى مېنىڭ گۆرەن تومۇرۇم ئۈزۈلگە-
چە (ئۆمرۈم ئاخىرلاشقىچە) كۈچ كۆرسەتتى» (ئەبۇ داۋۇد
رىۋايەت قىلغان 4513 - ھەدىس. ئىمام ئىبنى قەييۇم
جەۋزى يازغان «پەيغەمبەرنىڭ تېبابىتى 114 - بەت»)
دېگەن ھەدىسىدىكى « ئەبھۇر» دېگەن سۆزنىڭ دەل يۇقى-

رىدا تىلغان ئېلىنغان «گۆزەن تومۇر» يەنى، «ئانا تومۇر» دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ (1 ـ توم، 97 ـ بەت)، ئەينى دەۋردىكى تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغان ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئەينەن ۋە دەل ئۆگىنىشكە شارائىت ھازىرلىغان.

(4) تۈركچە ماقال ـ تەمسىللەر (تۇراقلىق بىرىكمىلەر) نى شەرھلىگەندە مەنىسىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ھەدىستىن پايدىلانغان.

مەلۇمكى بىر تىلدىكى تۇراقلىق تەركىبلەرنى، يەنى ماقال ـ تەمسىللەرنى يەنە بىر تىلغا تەرجىمە قىلىپ ئەينەن ئىپادىلىگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ماقال تەمسىللەر بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا شۇ مىللەتنىڭ ئېتىقاد ـ ئەقىدىسى، دۇنيا قارىشى، پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ئارزۇ ـ ئىستىكى ۋە قايغۇ ـ ھەسرىتى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىپ ئىپادىلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا، تەرجىمە قىلماقچى بولغان تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىدىن شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ياكى ئاساسەن ماس كېلىدىغان تۇراقلىق تەركىبلەرنى تېپىپ ئىشلەتكەندە، كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دىكى بەزى سۆزلەرنى شەرھلىگەندە، دەل شۇ سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ماقاللارنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەنىسىنى مۇئەييەن تىل شارائىتىدىكى ئەمەلىي ئىستېمالى ئارقىلىق روشەنلەشتۈرگەن. ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغاندا، شۇ ماقالنىڭ مەزمۇنىغا ماس كېلىدىغان ھەدىستىن پايدىلانغان. مەسىلەن، «arsak» دېگەن سۆزنى «ئەرسىرگەن، بۇزۇق خوتۇن» دەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، «ئەرسىرگەن ئەرگە تېگەلمەس، ئالدىرىغان ئۆيگە يېتەلمەس» دېگەن ماقال ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن. بۇنى ئەرەبچە ئەينەن ئىپادىلىگىلى بولمىغانلىقتىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، «زېمىندىكى نەرسىلەر ئۈزۈلۈپمۇ قالماس، دائىم كۆرۈلۈپمۇ تۇرماس» دېگەن ھەدىسكە ئوخشايدۇ، بۇ ماقال ئالدىرىماسلىققا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدۇ دەپ يازغان (1 ـ توم، 141 ـ بەت). «ساچراتتى saqratti» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرگەندە، مۇشۇ سۆزدىن ياسالغان «ساچراتقۇ saqratku» دېگەن سۆزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ساچراتقۇدىن بىر قېتىم قورققان قۇش، قىرىق يىلغىچە ئاچا ياغاچ ئۈستىگە قونماس» دېگەن ماقالنى مىسال كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «مۆمىننى يىلان چېقىۋالسا، تۆشۈككە (يىلان ئۇۋىسىغا) ئىككىنچى قول سالماس» (بۇخارى رىۋايەت قىلغان 491 ـ ھەدىس. «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى» 301 ـ بەت) دېگەن سۆزگە ئوخشايدۇ دەپ يازغان (2 ـ توم، 484 ـ، 485 ـ بەت).

بۇنىڭدىن مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى ماقاللارنىڭ مەزمۇن ماھىيىتىنى ئەرەب تىلىدا چۈشەندۈرۈشتەك ئۇلۇغ خىزمىتى جەريانىدا، مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان ھەدىسلەردىنمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**ئۈچىنچى: ئىسلام دىنى ئەقىدىسىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن.** مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دىكى تۈركچە سۆزلەرگە جۈملە تۈزگەندە، ئەينى دەۋر رېئاللىقىنى چىقىش قىلغان ئاساستا تەڭرىنىڭ قۇدرەت ـ كەرىمىگە مۇناسىۋەتلىك جۈملىلەرنى ۋە ئىسلام ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جۈملىلەرنى ياكى ماقال ـ تەمسىل، شېئىرىي پارچىلارنى مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق، ئىسلام ئەقىدىسىنى ۋاستىلىك ئىپادىلىگەن بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(1) تەڭرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى ۋە رەھىم شەپقىتىگە مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەر: بۇ سۆز ـ جۈملىلەردە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى، ئادەمنى ۋە بارلىق مەخلۇقاتلارنى ياراتقانلىقى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىدىغانلىقى، تاغلار بىلەن زېمىننى باستۇرغانلىقى، چاقماق چېقىش، قار ـ يامغۇر يېغىش، كېچە ـ كۈندۈز ئالمىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ تەڭرىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ قۇدرەت ـ كەرىمىنىڭ چەكسىزلىكى، تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش، ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلماسلىق قاتارلىق ئىسلام دىنىغا دائىر قاراشلار ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئۇمدىڭنى تەڭرىگە باغلا (1 ـ توم، 180 ـ بەت).

ئۇلۇغلۇق تەڭرىگە خاس (1 ـ توم، 204 ـ بەت).

ئۇنىڭ تەڭرىگە ئىمان كەلتۈرگۈسى كەلدى. يەنى ئۇنىڭ خۇدانىڭ بىرلىكىگە ئىشەنگۈسى كەلدى (1 ـ توم، 370 ـ بەت).

تەڭرى مېنى ئۇلۇغلىدى (1 ـ توم، 400 ـ بەت).

ئۇ تەڭرىگە ئىشەندى، پەيغەمبەرنى تەستىقلىدى (1 ـ توم، 543 ـ بەت).

باسۇردى ـ تەڭرى يەرنى تاغ بىلەن باسۇردى (2 ـ توم، 102 ـ بەت).

مەن تەڭرىگە تېۋىندىم، ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى تۇتتۇم (2 ـ توم، 197 ـ بەت).

مەن تەڭرىگە سېغىنىمەن (2 ـ توم، 216 ـ بەت).

تەڭرىگە تېۋىندى، خۇداغا ئىبادەت قىلدى، تەڭرىگە سېغىندىم (2 ـ توم، 228 ـ بەت).

تەڭرى مېنى كۆزەردى، خۇدا مېنى ساقلىدى (2 ـ توم، 230 ـ بەت).

تەڭرىگە تېۋىن، تەڭرىگە يۈكۈن، سەجدە قىل (2 ـ توم، 236 ـ بەت).

تەڭرى بالا تۇغدۇردى (2 ـ توم، 244 ـ بەت).

تەڭرى مېنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزدى (2 ـ توم، 275 ـ بەت).

تەڭرىنىڭ كەرىمى بىلەن كەلگەن بىلىمنى توپلايمەن. كۆڭلۈمنى مۇشۇ بىلىمگە باغلايمەن. چۈنكى مېنىڭ كۆڭلۈم ياخشى ئەخلاق ۋە ياخشى پەزىلەتلەرگە يۈگىلىدۇ (2 ـ توم، 353 ـ بەت).

قارغاق ـ تەڭرىنىڭ قارغىشى (2 ـ توم، 421 ـ بەت).

قىرغاغ ـ قارغاش، بەگ ياكى خاننىڭ قارغىشى (2 ـ توم، 421 ـ بەت).

قۇل (بەندە) تەڭرىگە پۈتتى، خۇدانىڭ بىرلىكىگە چىن پۈتتى (2 ـ توم، 429 ـ بەت).

تەڭرى ئادەمنى تۆرەلدۈردى.

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تەڭرى ئالەم ياراتتى، چىغرىق تىنماي ئايلىنۇر،
يۇلتۇزلىرى سەپ تارتىپ، كۈندۈزگە تۈن يۈگىلۈر (2 ـ توم، 443 ـ بەت).

تەڭرى ئادەمنى ۋە باشقا مەخلۇقلارنى ياراتتى (2 ـ توم، 461 ـ بەت).

قارلاتتى، قار ياققۇزدى، تەڭرى قار ياققۇزدى (2 ـ توم، 508 ـ بەت).

تەڭرى ياشىن ياشناتتى ـ تەڭرى چاقماق چاقتۇردى (2 ـ توم، 1 521 ـ بەت).

تەڭرى يەرنى ياراتقۇچىدۇر (3 ـ توم، 70 ـ بەت).

تەڭرى يامغۇر ياغدۇرغۇچىدۇر (3 ـ توم، 71 ـ بەت).

تەڭرى يامغۇر ياغدۇردى (3 ـ توم، 130 ـ بەت).

باياات ـ ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئىسمى (3 ـ توم، 235 ـ بەت).

تىلىدى ـ تەڭرى شۇنداق بولۇشىنى تىلىدى (ئىرادە قىلدى) (3 ـ توم، 369 ـ بەت).

قارغادى ـ قاغىدى، ئۇلۇغ تەڭرى ئۇنى قاغىدى.

قىرغادى ـ دەككە بەردى، ئەدىپىنى بەردى، بەگ ئۇنىڭغا دەككە بەردى، ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلدى، قوغلىدى.

كۆرمەمسىز، تۇركلەر ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ لەنىتى بىلەن بەندىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بەندىنى قارغىشىنىڭ ئارىسىنى قانداق پەرقلەندۈرگەن. ئالدىنقى فەتھە، كېيىنكىسى كەسرە قىلىنغان (3 ـ توم، 396 ـ بەت).

تەڭرى مېنى ئاغىرلادى ـ تەڭري مېنى ئەزىزلىدى (3 ـ توم، 474 ـ بەت).

شېئىردا مۇنداق كەلگەن:

تەڭرىگە تۈن ـ كۈن تېۋىن، بويۇنتاۋلىق قىلما،
ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئەيمەن، ئۈيىنمىغىن (3 ـ توم، 514 ـ 515 ـ بەت).

قۇل تەڭرىدىن قورقتى (3 ـ توم، 573 ـ بەت).

كىرىتكۈندى، ئىقرار قىلدى، ئىمان كەلتۈردى.

قۇل تەڭرىنىڭ بىرلىكىگە ئىمان كەلتۈردى ۋە تەڭرىنىڭ ئەلچىلىرىگىمۇ ئىشەندى (3 ـ توم، 576 ـ بەت).

تەڭرى ئۆلۈك تىرگۈزدى ـ تەڭرى ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى (3 ـ توم، 577 ـ بەت).

(2) ئىسلامى ئىبادەتكە مۇناسىۋەتلىك سۆز جۈملىلەر: بۇ جۈملىلەردە پەقەت تەڭرىنىڭلا ئىبادەت قىلىشقا لايىق زات ئىكەنلىكى، ئالەمنى ياراتقان، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان قۇدرەتلىك تەڭرىگە بويسۇنۇپ، دۇنيانى تەرك ئېتىپ، كامىل تاھارەت بىلەن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش ئارقىلىق تەڭرىگە بولغان قۇلچىلىقنى ئىپادىلەش قاتارلىق قاراشلار ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئەر يۈكۈنچ ئەتتى ـ ئادەم ناماز ئوقۇدى (2 ـ توم، 33 ـ بەت).

ئۇ تەڭرىگە تاپىنغۇلۇق ئەردى ـ ئۇ تەڭرىگە تېۋىنغۇلۇقتى، ئۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىشى لازىم ئىدى (2 ـ توم، 238 ـ بەت).

ئول تەڭرىگە تاپىنغلى ئەردى ـ ئۇ تەڭرىگە تېۋىنىدىغانلاردىن ئىدى (2 ـ توم، 239 ـ بەت).

تىرگۈزدى، تىرىلدۈردى، تەڭرى ئۆلۈكنى تىرىلدۈردى (2 ـ توم، 255 ـ بەت).

ئادەم تاھارەت ئالدى (3 ـ توم، 88 ـ بەت).

يۈكۈندى، ئىبادەت قىلدى، چوقۇندى، قۇل تەڭرىگە

يۇكۇندى، ئىبادەت قىلدى ( 3 ـ توم، 113 ـ بەت).

يۈكۈنچ ـ ناماز، ئىبادەت ( 3 ـ توم، 511 ـ بەت).

تەڭرىگە ئىبادەتلا قىلغۇچى، زاھىت (3 ـ توم، 519 ـ بەت).

يىنچىكلەندى ـ خۇشامەت قىلدى، بويسۇندى.

قۇل تەڭرىگە يىنچىكلەندى، بەندە تەڭرىگە بويسۇندى، يەنى بەندە ئالەمنى ياراتقۇچى تەڭرىگە بويسۇنۇپ، دۇنيانى تەرك ئېتىپ، ئىبادەت قىلدى. روزا تۇتتى، ناماز ئوقۇدى ۋە بويسۇندى ( 3 ـ توم، 610 ـ بەت).

(3) ئىسلام ئەخلاقىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ جۈملىلەر: بۇ سۆز ـ جۈملىلەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سەللە ياخشىلارنىڭ تاجىسى» دېگەن سۆزىنىڭ روھى بويىچە ئەرلەر سەللە يۆگەش، موينى چۈشۈرۈپ ئېرىغدىنىش (بۇمۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىدىن بىرىدۇر ـ ئاپتور) ئاياللار ئەۋرەتلىرىنى تولۇق ياپىدىغان پۈركەنجە ئوراش قاتارلىق قاراشلار ۋاستىلىك ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئەر ئېرىغداندى، يەنى هاك ئارىلاشمىسى بىلەن موينى چۈشۈرۈپ ئېرىغداندى (1 ـ توم، 270 ـ بەت).

ئادەم سەللە ئورىدى، خوتۇن پۈركەنجە پۈركەندى (1 ـ توم، 270 ـ بەت).

ئۇ ماڭا سەللە يۆگىشىپ بەردى (2 ـ توم، 128 ـ بەت).

سۆيدۈردى، ئۇ تەڭرى سىنى ماڭا سۆيدۈردى. سىنىڭ مۇھەببىتىڭنى مىنىڭ قەلبىمگە سالدى (2 ـ توم، 264 ـ بەت).

سارلادى ـ ئورىدى، يۆگىدى، ئۇ سەللە ئورىدى (3 ـ توم، 405 ـ بەت).

**بەشىنچى: ئۆزى يولۇقتۇرغان ۋەقە ـ ھادىسىلەردىن ئىسلام دىنى ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن خۇلاسە چىقارغان.** ئىجتىمائى رېئاللىقتا يولۇققان بارلىق ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە نىسبەتەن ئۆزى تەۋە بولغان ئىجتىمائىي توپنىڭ ئېتىقاد ـ ئەقىدىسى ئاساسىدا پىكىر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن خۇلاسە چىقىرىش ئىنسانلارنىڭ ئورتاق تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. مەھمۇد كاشغەرى «پوقاق bokuk» نىڭ بوغۇزنىڭ ئىككى يېنىدا تېرە بىلەن گۆش ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان بىر خىل بەزسىمان گۆش ئىكەنلىكىنى، پەرغانە بىلەن شىقنى شەھەرلىرىدە مۇشۇنداق كېسەل تەگكەن كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، پوقاقنىڭ نەسلىدىن ـ نەسلىگە ئۆتىدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ شۇنداق يوغىناپ ھەتتا ئۆزىنىڭ كۆكسى ۋە پۈتىنمۇ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى يازغان. ئاندىن «مەن كېسەلنىڭ كېلىپ چىقىشىنى سورىدىم. ئۇلار ماڭا مۇنداق جاۋاب بېرىشتى: بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇلۇغ كاپىرلار① ئىكەن، تەڭرى يارلىقىغۇچى پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشقاندا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كېچىلەپ چۇقان ـ سۈرەن سېلىپ باسقۇن ياساپتۇ، ئۇلارنىڭ بۇ چۇقان ـ سۈرەنلىرىدىن مۇسۇلمانلار ھۇدۇقۇپ كېتىپ، مەغلۇبىيەتكە يۈز تۇتۇپتۇ. بۇ خەۋەر خۇدا رازى بولغۇچى ئۆمەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۆمەر ئۇلارنى قارغاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بوغۇزىدا بۇ كېسەل پەيدا بولۇپتۇ ۋە ئەۋلادىغا مىراس قاپتۇ» (2 ـ توم، 416 ـ 417 ـ بەت) دەپ بايان قىلغان. ئاخىرىدا يەنە «ھازىر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇلۇغ گەپ قىلىدىغان ھېچقانداق ئادەم يوق» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى مەھمۇد كاشغەرى بۇ يەردە پوقاق كېسىلىنىڭ پەيدا بولۇشىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى خەلىپىلەردىن بىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قېتىملىق «قارغاپ» قويۇشىدىن بولغان دەپ خۇلاسە چىقارغان. ئۇنىڭدىن باشقا «بۆكە بۇدراچ boka budraq» ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى تىلغا ئالغاندا، «بۆكە بۇدراچ بىلەن بىرگە بولغان كاپىرلارنىڭ سانى 700 مىڭ ئىدى. قىرىق مىڭ ئەسكەرگە ئىگە بولغان ئارسلان تېگىن غازىغا قارشى جەڭدە تەڭرى ئۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتتى» دەپ يازغاندىن كېيىن، يەنە «مەن بۇ جەڭگە قاتناشقان كىشىدىن ‹ كاپىرلار شۇنچە جىق تۇرۇپ نېمىشقا يېڭىلدى› دەپ سورىدىم. ئۇ: بىزمۇ ئەجەبلەندۇق، مەغلۇپ بولغان كاپىرلاردىن ‹سىلەر شۇنچە جىق تۇرۇقلۇق نېمىشقا يېڭىلدىڭلار › دەپ سورىساق، ئۇلار: ‹ جەڭ دۇمبىقى چېلىنىپ، كاناي تارتىلغاندا باش ئۈستىمىزدە پەلەكنى قاپلاپ كەتكەن بىر يېشىل تاغنى كۆردۇق. بۇ تاغدا سان ـ ساناقسىز ئىشىكلەر بولۇپ، ئۇلار ئوچۇق ئىدى. بۇ ئىشىكلەردىن بىزگە جەھەننەم يالقۇنلىرى ئېتىلاتتى. بىز بۇنىڭدىن قورقۇپ كەتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىزنى يەڭدىڭلار› دەپ جاۋاب بەردى، دېدى» دەپ يازغان. شۇنىڭدەك مەھمۇد كاشغەرى بۇ ۋەقەگە نىسبەتەن يەنە ئۆزىنىڭ «بۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلار قوشۇنىغا كۆرسەتكەن مۆجىزىلىرىدىن ئىكەن» دېگەن خۇلاسىسىنى ئەسكەرتكەن. (3 ـ توم، 314 ـ 315 ـ بەت) (دىققەت: يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلاردىكى ‹كاپىر ۋە مۇسۇلمان› دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇردىن ئىبارەت بىر مىللەت ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىغا

كىرگەن، كىرمىگەنلىك پەرقىگە قارىتا ئېيتىلغان).

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر مەسىلە شۇكى، مەھمۇد كاشغەرى بۇ شاھانە ئەسىرىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىنى «تەڭرىگە ئەبەدىي ئالقىشلار بولسۇن، تەڭرىنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادلىرىغا تەڭرىنىڭ چەكسىز رەھمىتى تەگسۇن» دېگەن دۇئا بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. بۇمۇ ئەلۋەتتە ئەينى دەۋردىكى كىتابەتچىلىك ئەنئەنىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر، ئەلۋەتتە.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ مۆمىن بەندىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلەتلىك ئۈممىتى سۈپىتىدە «ئەرەب تىلىنى ۋە ئىسلام بىلىملىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىگىلەش بىلەن بىللە، مىللىي تىلىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، مىللىي غۇرۇرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويغان مەھمۇدكاشغەرى» (م . شاكىر ئۆلكۈ تاشىر: «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرى 25 - بەت»). نىڭ «دىۋان لۇغەتت تۈرك» تىكى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىسلام دىنىغا دائىر مەزمۇنلارنىڭ بەزىلىرى گەرچە شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ كىتابەتچىلىك ئەنئەنىسىدىكى زۆرۈرىيەت؛ بەزىلىرى، يەنى «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرى تۈركىي تىلىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئەرەب تىلى بىلەن ماس قەدەمدە سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتەك ئىلمىي مەقسەت ئاساسىدا تەمسىل ياكى نەقىل كەلتۈرۈلگەن. شۇنداقتىمۇ بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەرەبلەرنىڭ تۈرك تىلىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولغانلىقىدەك سىياسىي، ئىجتىمائىي تەقەززاسى بىلەن رويابقا چىققان بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ كۆز چاقنىتىدىغان زىننىتى ھېسابلانغان. بولۇپمۇ ھاكىمىيەت بېشىدىكى تۈرك ھۆكۈمرانلىرىغا «ئۆز دەردىنى ئېيتىش ۋە تۈركلەرگە يېقىش ئۈچۈن» ئۆزلىرىگە «تۈرك تىلىدا سۆزلىشىشتىن ياخشىراق يول يوق» لۇقىنى ئاڭلىق ھېس قىلىپ، تۈرك تىلىنى بەجانىدىل ئۆگىنىشكە بەل باغلىغان ئەرەب مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۈكسەك ئىشەنچ ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان.

---

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


( 1) مەھمۇد كاشغەرى: « دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»1 -، 2 -، 3 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 -، 1983 -، 1984 - يىل نەشرى.

(2) «قۇرئان كەرىم»، مۇھەممەد سالىھ داموللىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى

(3) م. شاكىر ئۆلكۈتاشىر(تۈركىيە): «بۈيۈك تىلچى مەھمۇد كاشغەرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 - يىل نەشرى.

( 4) مۇھەممەد سالىھ: «ئەرەبچە - ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى.

( 5) ئەھمەد ئەمىن (مىسىر): «ئىسلامنىڭ سۈبھى دەۋرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىل نەشرى.

(6) «سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قىسسەلىرى شەرھى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1988 - يىل نەشرى.

( 7) ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى: «پەيغەمبەرنىڭ تىبابىتى»، ئۇيغۇرچە باسمىسى.


---

**ئاپتور:** قەشقەر شەھەرلىك 26 - ئوتتۇرا مەكتەپتە.

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**



# مەھمۇد كاشغەرى بايانىدىكى ئۇنۋان - ئاتالغۇلار ھەققىدە

غالىب بارات ئەرك

بۈيۈك ئەللامە مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىنىڭ بىباھا ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي نام ئاتالغۇلىرى ھەققىدىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك مەلۇماتلارنى قالدۇرغان. بۇ ئۇچۇرلار تارىختىكى نام ئاتالغۇلارنى چۈشىنىش، نام - ئاتالغۇ ياساش، جۈملىدىن فامىلە قوللىنىشتا پايدىلىنىلىدىغان ئىنتايىن مۇھىم مەنبە ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىممەتلىك تارىخىي نام - ئاتالغۇلار، بىزنى ئەينى تارىخىي دەۋرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار قىلىپلا قالماستىن يەنە شۇ دەۋر ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، ھەتتا تۈرلۈك ئىدىيە قاراشلىرىنى چۈشىنىشتىمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«بىلگە» ئالىم، ھېكىم، ئەقىللىق دېگەن مەنىلەردىكى بۇ سۆز «بىلدى» سۆزىدىن ياسالغان.

«بىلگە بەگ» — بىلىملىك بەگ دېگەن بولىدۇ. ئۇيغۇر خانى «كۆل بىلگە خان» دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئەقلى سۇ يىغىلىدىغان يەرگە، يەنى كۆلگە ئوخشاش كەڭ دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەقىللىق كىشى «بۆگۈ بىلگە» دەپ ئاتىلىدۇ ( 1 - توم 558 - بەت).

«بىلگە» ھېكىم، دانىشمەن، پەيلاسوپ، ئالىم، ئاقىل، بىلىمدان ( 1 - توم 557 - بەت).

دۇخاندىن تېپىلغان 40 - نومۇرلۇق ۋەسىقىدە «... كۈن تەڭرىدە قۇت بولمىش، ئەردەمىن ئېل تۇتمىش ئالىپ قۇتلۇغ ئۇلۇغ بىلگە ئۇيغۇر تەڭرى ئۇيغۇر خان قۇتىغا» دەپ قوللىنىلغان.

«تەڭرىكەن» بىلىملىك ئادەم تەڭرىكەن دېيىلىدۇ ( 3 - توم 515 - بەت).

«بۆگۈ» ئالىم، دانىشمەن. «بىلگە» سۆزىنى قوشۇپ «بۆگۈ بىلگە» دەپ ئېيتىش مۇشۇنىڭدىن كەلگەن (3 - توم 315 - بەت). «بۆگۈ» نامى تۇرپاندىن تېپىلىپ مۆللېر تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان يادىكارلىقتا مۇنداق ئىشلىتىلگەن: «... كۈن ئاي تەڭرىتەگ كۈسەنچىگ كۆرتلە يارۇق تەڭرى بۆگۈ تەڭرىكەنىمىز كۈل بىلگە تەڭرى ئېلىگىنىڭ ئورۇنىغا ئولۇرمىش...». تارىخىمىزغا قارايدىغان بولساق، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشىدا چوڭ رول ئوينىغان ئۇيغۇر خاقانىنىڭ نام شەرىپىمۇ بۆگۈ قاغاندۇر.

«بىلگە» نامى ئالاھىدە ھۆرمەت نامى سۈپىتىدە خاقان ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى خادىملارنىڭ ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئەقىللىق، باتۇر كىشىلەردىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مەسىلەن، بىلگە تۇنيۇقۇقتا ئوخشاش ۋەزىرلەرنىڭ ئىسمىدىلا كېلىپ قالماستىن، كۆلتېگىن ئابىدىسىدىكى «بىلگە قاغان ئەرمىش، ئالىپ قاغان ئەرمىش، بۇيرۇقى يىمە بىلگە ئەرمىش ...» دېيىلسە، تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدا «ئېلتېرىش قاغان بىلگەسىن ئۈچۈن ...» دېيىلگەندەك قوللىنىلغان. «بىلگە» نامى ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈش بىزگە مەدەنىيىتىمىزنىڭ يەنە بىر پىرامىداسى «قۇتادغۇبىلىك» تە كۆپ قوللىنىلغان «بىلىك» ئاتالمىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەنە شۇ «بىلىك» ۋە «بىلگە» ئاتالمىلىرى «بىل» يىلتىزىدىن ياسالغان بولۇپ بىلىم مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. «بىلگە»، «بۆگۈ» ئاتالغۇلىرىنى كۈنىمىزدىكى پىروفېسسور نامىغا ئۇدۇللاشتۇرۇپ قوللىنىشقىمۇ، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ سۈپەت نامى قىلىپ قوللىنىش تامامەن مۇمكىن.

«تەڭرىكەن» تەڭرىگە ئىبادەت قىلىدىغان ئالىم، روھانى، زاھىت. كاپىرلار (مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر) تىلىدا ( 3 - توم 530 - بەت). «تەڭرى» ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقادنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەڭ ئۇلۇغى «كۆك تەڭرى» دېيىلىدۇ. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇچۇرىغا ئاساسلانغاندا، مۇشرىك ئۇيغۇرلار كۆزىگە چوڭ كۆرۈنىدىغان تاغ، دەرەخلەرنى تەڭرى دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى يازغان. بۈگۈنكى كۈندە تەڭرىتاغ، خانتەڭرى ناملىرىنىڭ بولۇشى مۇشۇ خىل ئېتىقادنىڭ مەھسۇلىدۇر. «تەڭرىكەن» ئاتالغۇسى بىلىمدە كامالەتكە يەتكەن ئالىملارنى تەڭرىگە ئوخشاتقانلىقى بولۇپ كىچىك تەڭرى دېگەن مەنىنىمۇ ئاڭلىتىدۇ.

«ئۆگە» ئەقىل ۋە تەجرىبىدە بەك يۇقىرى كىشىلەرگە ئېيتىلىدىغان سۆز ( 1 - توم 13 - بەت)، بۇ ئاتالغۇنىڭ

كېلىپ چىقىشى ھەققىدە؛ ئۆگە. تەجرىبىلىك، ئەقىللىق، كاداڭ، ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان قىرى سال كىشىلەرگە بېرىلگەن، تېگىندىن بىر دەرىجە تۆۋەن ئاتاق. بۇ ئاتالغۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن باغلانغان بىر رىۋايەت (1 ـ توم 123 ـ بەت) بولۇپ بۇ ئاتالغۇنى چۈشىنىشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە. بۇ ئاتالغۇنىڭ سۆز يىلتىزى «ئۆ» ئەقىل ـ پاراسەتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا «گە» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ بۇ سۈپەت نام ياسالغان. بۇ سۈپەت نام ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ مۇنداق چۈشەنچە بېرىلىدۇ: ئۆگ ـ ئەقىل، پەم، زېھىن. ئەقىللىق، زېھىنلىك ۋە ياشتا چوڭ كىشىلەر ئۆگە دېيىلىدۇ. ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان ھەر قانداق ھايۋانمۇ ئۆگ دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تۆت ياشتىن ئاشقان ئات ئۆگ ئات دېيىلىدۇ (1 ـ توم 67 ـ بەت ). ئۆگە نامى ئادەمنىڭ ئىسمى بولۇپمۇ قوللىنىلغان، مەسىلەن، ئۇيغۇر ئېلى 840 ـ يىلى يىمىرىلگەندە، پايتەخت ئەتراپىدىكى 13 قەبىلىنى باشلاپ تاڭ سۇلالىسى چېگرىسىغا كۆچكەن ۋە ئۆزىنى خاقان ئېلان قىلغان كىشىنىڭ نامى ئۆگە (乌介) تېكىن ئىدى. بەزى كىشىلىرىمىز 乌介 خاقانىنى «ئۇكا» دەپ تەرجىمە قىلغان، مۇشۇ ئۇچۇرغا ئاساسلانغاندا، بۇ نامنى «ئۆگە» دەپ تەرجىمە قىلىش ئەڭ مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

يۇقىرىقى تارىخىي ئاتالغۇلار بىزگە بۇرۇنقى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغانلىقىنى، بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلەرنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ھەتتا «تەڭرىكەن» دەپ ئاتايدىغانلىقى، ئەينى تارىخىي دەۋردە بىلىمنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئاتالغۇلار بىزگە مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى « بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك» دېيىش ئارقىلىق بارلىق ۋەيرانچىلىق، ھالاكەتنى بىلىمسىزلىكتىن كەلگەن دېگەن بايانلىرىنى ئەسلىتىدۇ. دېمەك، ئەينى تارىخىي دەۋردە ئۇيغۇرلارنىڭ بىلىمنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقى، بىرەر ئەلنىڭ گۈللىنىشى ۋە ھالاك بولۇشى بىلىم ۋە قانۇن بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ چۈشەنگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. شۇ تارىخىي دەۋرلەردە بىلىم شۇ قەدەر قەدىرلەنگەنكى، شۇ دەۋردىكى مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مىڭ يىل بۇرۇنلا بىلىم بىلەن ئاسمانغا چىققىلى بولىدىغانلىقىنى (بۇ ئىش 20 ـ ئەسىردە ئالدى بىلەن چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ قول سېلىپ ياساپ ئۇچقان ئايروپىلانى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا باشقىلاردىن 80 ـ 90 يىل كېيىن، باشقىلاردىن ئۆرنەك ئېلىپ بولسىمۇ ياسىلىپ تۇرپان ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئايروپىلان ياساپ كۆكتە پەرۋاز قىلالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى)، بىلىمنىڭ قۇلىنىمۇ ھۆرلۈككە ئېرىشتۈرەلەيدىغانلىقى مەزمۇنىدىكى بايانلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ دەۋرلەردە بىلىم، ھۈنەر ئىگىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى، بىلىمنى نەقەدەر يۇقىرى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«ئەل» ئەل، مەملىكەت. بەگ ئەل ـ بەگ ئېلى (1 ـ توم 67 ـ بەت).

«ئەل» ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ئەل دەپمۇ ئاتايدۇ. «ئاتباقار» نى «ئەل باشى» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ ۋىلايەت باشلىقى دېگەن سۆز بولسىمۇ، بۇنىڭدىن «ئاتباقار» دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ (1 ـ توم 68 ـ بەت).

«ئەل» بۇ ئاتالغۇسى ھېلىھەم تىلىمىزدا خېلى كەڭ دائىرىدە قوللىنىلىدۇ. «ئەل» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئات بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى ھەقىقەت بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنىڭ جەڭگىۋار ۋاقىتلىرى قۇدرەت تېپىشلىرى پەقەت «ئاتنى چاپىنغىلى بولمىسا سۆيۈش (1 ـ توم 221 ـ بەت) لازىم» دەيدىغان دەۋرى ئەمەس، بەلكى «قىلىچ تاتىقسا ئىش يۇنچىر، ئەر تاتىقسا ئەت تىنچىر ـ قىلىچ داتلاشسا ئىش بۇزۇلىدۇ» (2 ـ توم 410 ـ بەت) دەپ قارايدىغان جەسۇر دەۋرلىرى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇدرەت تېپىپ، مەدەنىيەتتە گۈللىنىپ، تارىخ بېتىگە غالىبىيەت مارشىنى يازغانىدى. «ئەلباشى» دېگەن بۇ ئاتالغۇ بىزگە رەئىس، زوڭتوڭ، پرېزدېنت دېگەن ئىسىملارنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرىمىز دەپ جوۋۇشىنىڭ، خەلققە قوبۇل قىلدۇرالماي ئاۋارە بولۇشنىڭ بىھۇدە ئىكەنلىكىنى، مۇشۇ نامنى قوللانسا ھەم ئىخچام ھەم چۈشىنىشلىك، قەدىمىي، قوللىنىشقا ئەپلىك ئىكەنلىكى ئايان بولدى، مۇشۇ سۆزدىن ياسالغان «ئەلباشى» خەلقنىڭ بېشى، دۆلەت باشلىقى دېگەن مەنىلىرى ئارقىلىق بىزنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك، توغرا بىر ئاتالغۇ بىلەن تەمىن ئەتتى دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە خەلقىمىز قوللىنىۋاتقان «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە،

سۇغا كىرسەڭ بېلىقچە»، «ئەلكۈن»، «ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك»، «چەت ئەل» دېگەن ئىبارىلەردىن مەلۇمكى، «ئەل» سۆزى دۆلەت ۋە خەلق مەنىلىرىدە كەلگەن، مۇشۇ پاكىتلارغا ئاساسەن «ئەلباشى» ئاتالغۇسىنى قوللىنىش مۇمكىنچىلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

«ئىدۇق» قۇتلۇق ۋە مۇبارەك نەرسە، ئىرىملىق نەرسە. ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرىلگەن مال «ئىدۇق» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭغا يۈك ئارتىلمايدۇ، ئۇنىڭ سۈتى سېغىلمايدۇ، يۇڭى قىرقىلمايدۇ، ئىگىسى ئۇنى بىرنەرسىگە ئاتاپ ساقلايدۇ (1 ـ توم 89 ـ بەت).

«ئىدۇق تاغ» ئۆتكىلى بولمايدىغان تاغ (1 ـ توم 89 ـ بەت).

iði «ئىگە» تەڭرىمۇ «iði» دېيىلىدۇ، iði مىز يارلىقى ـ تەڭرىمىزنىڭ يارلىقى (1 ـ توم 118 ـ بەت).

قۇت. قۇت، بەخت، دۆلەت.

مەھمۇد كاشغەرى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى خاقانلىرىنىڭ ئىدىقۇت (iðiqut) ئۇنۋانىدا كەلگەنلىكى تولۇق پەيلى ھەممەيلەنگە تونۇشلۇق. ئىدىقۇت نامىنى ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى خاقانلىرى قوللانغاندىن سىرت، باشقا دەۋرلەردىمۇ تەڭرىدە قۇت بولمىش» دېگەندەك قوللىنىلىدۇ. بۇ نام «ئىدۇق قۇت» iðiq+qut بولۇپ ياسالغان بولۇپ، «ئىدۇق» نىڭ يىلتىزى ھازىرمۇ تىلىمىزدا «ئىگە» سۈپىتىدە ساقلانغان. قۇت بولسا تىلىمىزدا ھېلىھەم ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، «قۇتلۇق بولسۇن» دېگەندەك ياخشى ئالامەتلەر ئۈچۈن قوللىنىش بىلەن بىرگە قۇتلۇق دېگەندەك ئىسىم بولۇپمۇ قوللىنىلىدۇ، مەسىلەن، ئاتاقلىق شائىر، نەشرىياتچى، تارىخچى قۇتلۇق شەۋقى بىلەن زامانىمىزدىكى زۇرنالىست ھاجى قۇتلۇق قادىربىلارنىڭ ئىسىم شەرىپىنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە. «قۇت» نىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ھەققىدە مۆللېر، تالات تېكىن، شادىر، ھۈسەيىن نامىق ئورقۇن، مالوۋ، ھەيدەرۇۋ، گابائىن، ئېرگىن قاتارلىق ئۇيغۇرشۇناس ئالىملار تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇلار ئاساسەن «ھۆكۈمدارنىڭ بەخت تەقدىرى، ئامەت، ھوقۇق، بەخت تىلەش، كۈچ، ھاياتلىقنىڭ كاپالىتى، ئىلاھى كۈچ، روھ، مۇۋەپپەقىيەت، ئىناۋەت» دېگەندەك كۆپ چۈشىنىكلەر بەرگەن. ياپون ئالىمى مورى موساۋ مەخسۇس تەتقىقات يۈرگۈزۈپ، ئاخىرى قۇت ئەسلىدە «تەڭرى تەرىپىدىن ئىنسانلارغا، بولۇپمۇ ھۆكۈمدارلارغا ئاتالغان ئىلاھى كۈچ» دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكى، ئەلۋەتتە «بەخت ـ تەلەي، ئامەت» دېگەندەك باشقا مەنىلىرى بولسا كېيىنچە كېڭىيىپ چىققانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. يۇقىرىقى قاراشلارغا ئاساسلانساق ئىدىقۇت «تەڭرى تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي كۈچنىڭ ئىگىسى» دېگەن مەنىدە بولۇشى مۇمكىن.

«تەگىن» بۇ سۆزنىڭ ئەسلى مەنىسى «قۇل» دېمەكتۇر. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ، رەڭگى كۈمۈشتەك ساپ قۇل «كۈمۈش تەگىن»، قەھرىمان قۇل «ئالىپ تەگىن»، ئايىغى ياراشقان قۇل «قۇتلۇغ تەگىن» دېيىلىدۇ. كېيىنچە بۇ سۆز پەقەت خاقان ئائىلىسىنىڭ بالىلىرىغىلا خاس بولۇپ قالغان. كېيىنچە، بۇ سۆز بىرەر يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ نامى ياكى شۇنداق سۆز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بولدى. مەسىلەن، «چاغرى تەگىن ـ قارچىغا تېگىن»، «كۈچ تەگىن ـ كۈچلۈك تېگىن» دېگەنگە ئوخشاشلار. بۇ سۆزنىڭ ئافراسىياپ ئوغۇللىرىغا قانداق كۆچكەنلىكىگە كەلسەك، ئۇلار ئۆز ئاتىلىرىنى كۆپ ھۆرمەتلەپ، ناھايىتى چوڭ كۆرەتتى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر ئىشتا ئاتىسىغا مۇراجىئەت قىلسا ياكى خەت يازسا، ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ «قۇلىڭىز پالانى مۇنداق قىلدى، قۇلىڭىز پوكۇنى مۇنداق قىلدى» دەيتتى. كېيىنچە بۇ سۆز ئۇلارغا ئات بولۇپ قالدى. باشقا قۇللار ئۇلارنىڭ ئېتىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇ سۆزنىڭ يېنىغا بىرەر نەرسە قوشۇپ ئىشلىتىدىغان بولدى (1 ـ توم 540 ـ بەت).

«تەگىت»، «تەگىن» سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى. بۇ سۆز ئەسلىدە «قۇل» دېگەن مەنىدە ئىدى، كېيىن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ ئۇنۋانى بولۇپ قالغان. بۇنداق كۆپلۈك شەكلى قائىدىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئۆگە تەگىت ـ ئادىتى خەلقنىڭ چوڭلىرى بىلەن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكلىرىگە بېرىلىدىغان نام. بۇ ئىككى سۆز دائىم بىللە ئىشلىتىلىدۇ. «ئۆگە» سۆزى زۇلقەرنەيىن زامانىدا زۇلقەرنەيىن بىلەن تۈركلەر يارىشىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى قوشۇنلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندە مەيدانغا كەلگەن (1 ـ توم 461 ـ بەت). بۈگۈنكى كۈندە «تەگىت» سۆزى ئانچە كۆرۈلمىسىمۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەردە، تەخەللۇس، فامىلىلەردە «تەگىن» (تېگىن ـ تېكىن) ئىبارىلىرى خېلى كۆپ قوللىنىلىدى. مەسىلەن، ئۆمەر ئوسمان شىفاھىي تېكىن...

«بەكەچ» تېگىنلەرنىڭ لەقىمى. بەگ سۆزىنىڭ كى

چېكلىنىدىغانلىقىنى بولۇپ، ئامراقلىق ۋە ئەركىلىتىش تۇيغۇلىرىنى بىلدۈرىدۇ. (1 ـ توم 464 ـ بەت)

يۇقىرىقى تەگىن ۋە تەگىت ناملىرىغا بېرىلگەن تەبىرلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئەينى چاغدا ئۇيغۇرلار باتۇرلۇقنى ئالاھىدە خىسلەت دەپ قاراپ باتۇرلۇقنى ئىنتايىن قەدىرلىگەنلىكىنى، باللىرىنىڭ كىچىكىدىنلا باتۇر، ئەقىللىق، قەيسەر كىشىلەردىن بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا بىرتۇغۇچ ھايۋانلارنىڭ ئىسىملىرى، كۈچلۈك جانلىقلارنىڭ ئاتلىرىنى باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئاتا ـ ئانا ۋە باللار ئارىسىدا چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە ئىززەت ھۆرمەتنىڭ تولۇپ تاشىدىغىنىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەجدادلارنىڭ باللىرىغا توڭا (قاپلان)، ياغان (پىل)، ئالپ (باتۇر)، چاغرى (قارچىغا)، بۇغرا (ئەركەك تۆگە)، كۈچ، سالىندى (سەلدەك)، لاچىن، ئارسلان (شىر) ... غا ئوخشاش ئىسىملارنى قوللىنىشى مۇندىن كېيىن بىزنىڭمۇ ئىسىم ۋە فامىلە قوللىنىشتا ئەجدادلاردىن ئۆرنەك ئېلىشىمىز، ئىسىم ـ فامىلىنىڭ مەنىسىگىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىشىمىزنىڭ ناھايىتى زۆرۈرلۈكىنى كۆرسەتمەكتە.

«يافغۇ» ئاددىي خەلقتىن بولۇپ، خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان (3 ـ توم 41 ـ بەت).

«يۇغرۇش» تۈركلەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. فارس ۋە باشقىلارغا ھەرقانچە چوڭ سالاھىيەتكە ئىگە بولۇپ كەتسىمۇ، بۇ ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ، ئۇ خاقاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا قار، يامغۇر ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارا يىپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ (3 ـ توم 54 ـ بەت). بۇ ئۇنۋان نامى بىزگە خاقانىيە دەۋرىدىكى خەلقچىللىقنىڭ بەلگە ئاتالمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئەينى دەۋردە ئاددىي خەلقنىڭمۇ يۇقىرى مەنسەپتە، جۈملىدىن خاقاندىن بىر دەرىجىلا تۆۋەن تۇرىدىغان يۇقىرىي مەنسەپلەردە بولالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بىر نۇقتا باركى ئەينى ۋاقىتتا، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا پارس قاتارلىق غەيرىي تۈركىي مىللەتلەرنىڭمۇ قاتناشقانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا يۇغرۇش دەرىجىسىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، بۇلار خاقانىيە ھاكىمىيەت چۈشەنچىسىدە تۈركىيچىلىك ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى بولۇشى مۇمكىن.

«تۇكسىن» ئاددىي خەلقتىن بولۇپ، خاندىن ئۈچ دەرىجە تۆۋەن مەنسەپتىكى كىشى (1 ـ توم 569 ـ بەت).

«تاياڭۇ» تايانغۇ، تايانچ. بۇ سۆز تۈركلەردە «ھاجىپ» سۆزى كۆپ قوللىنىلغاندىن كېيىن ئىستېمالدىن قالغان. بۇ سۆز «تاياندى ـ يۆلەندى» پېئىلىدىن ياسالغان. خاقان بۇ ئادەمگە ئىشىنىدۇ، تايىنىدۇ. خەلقمۇ ئۆز تىلەكلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى خاقانغا تايانغۇ ئارقىلىق يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭدىن تېگىشلىك جاۋاب ئالىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تايىنىدۇ (3 ـ توم 519 ـ بەت). ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن بۇ ئاتالغۇ ھاجىپ ئاتالغۇسىغا ئورۇن بەرگەن. بۇ نام ئاددىي خەلققىمۇ بېرىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇندىن كېلىپ «قۇتادغۇبىلىك» نى خاقانىيە خاقانىغا تەقدىم قىلغاندىن كېيىن، «خاس ھاجىپ» لىق ئۇنۋانى بېرىلگەنلىكى بۇنىڭ ئىسپاتىدۇر.

«ئۆگە تەگىت» ئاددىي خەلقنىڭ چوڭلىرى بىلەن خاقان ئوغۇللىرىنىڭ كىچىكلىرىگە بېرىلىدىغان نام. بۇ ئىككى سۆز دائىم بىللە ئىشلىتىلىدۇ.

«ئىنال» ئانىسى ئېسىلزادە، ئاتىسى ئاددىي خەلقتىن بولغان ياشلار شۇنداق دېيىلىدۇ، بۇ بىر قائىدە. (1 ـ توم 166 ـ بەت)

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن يافغۇ، يۇغرۇش، تايانغۇ، ئۆگە تەگىت، ئىنال قاتارلىق ئاتالغۇلاردىن ئەينى دەۋر خاقانىيە ھاكىمىيىتىنىڭ نازۇك مەسىلىلىرى، جۈملىدىن ھاكىمىيەتچىلىك ئىشلىرىدا ئىنتايىن كەڭ قوللۇقىنى، جۈملىدىن ئاددىي خەلقتىن چىققان بىلىملىك كىشىلەرنىڭمۇ يۇقىرى ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىغىچە، يەنى خاندىنلا تۆۋەن تۇرىدىغان ۋەزىرلىك دەرىجىسىگىمۇ نائىل بولالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. يافغۇ ~ يابغۇ مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىدىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئورقۇن ھاكىمىيىتى 840 ـ يىلى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا كۆچكەنلەرنىڭ سەردارى پان تېگىن دەسلەپ ئۆزىنى يابغۇ دەپ ئاتىغان. بۇ ۋاقىتتا ئۆگە تېگىن ئۆزىنى قاغان دەپ ئاتىغان، ئۆگە تېگىن گەرچە پان تېگىنلەرنى باشقۇرالمىسىمۇ، ئۆگە تېگىن ئۆزىنى قاغان ئاتىغىنى ئۈچۈن، بېرلىكنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن پان تېگىن ئۆزىنى يافغۇ (يابغۇ) دەپ ئاتىغان بولسا كېرەك. تايانغۇ ئىسلامىيەت كىرگەندىن كېيىن ھاجىپ نامى بىلەن ئالماشقان. لېكىن، فۇنكسىيىسى ئۆزگەر-

مىگەن. بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە ئاددىي خەلق ئارىسىدىن يېتىلىپ چىققان بولسىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك» تەك بىباھا ئەسىرى خاقانغا تەقدىم ئېتىلىپ خاقان مەزمۇنىدىن خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، كىتابنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەن خاقان ئۇنىڭغا «خاس ھاجىپ» لىقنى ئاتا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك ئەتكەن. ئىنال ئىبارىسى بىزگە يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئائىلىلەر قىزلىرىنى ئاددىي خەلقمۇ ياتلىق قىلىدىغانلىقىدەك بىر پاكىتنى، بۇ خىل ئىشنىڭ ئاز بولماستىن، خېلىلا ئومۇملاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئەينى چاغدا ھۆكۈمدارلار بىلەن ئاددىي خەلق ئارىسىدا بىر خىل يېقىنلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

«تارىم» تېگىنلەرگە (شاھزادىلەرگە)، ئافراسىياپ ئەۋلادىدىن بولغان خېنىملارغا، شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاق باللىرىغا خاس بىر سۆز. خاقان ئوغۇللىرىدىن باشقا ھەرقانچە مەرتىۋىدە بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. خان ئەۋلادىدىن بولغان ئاغىچا ـ خېنىملارغا ئۇنۋان ئورنىدا «ئالتۇن تارىم» دېگەن سۆز ئىشلىتىلىدۇ (1 ـ توم 514 ـ بەت).

«قۇنچۇي» خاتۇندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان خېنىم ئاغىچا، مەلىكە. «قاتۇن قۇنچۇي» سۆزى شۇنىڭدىن ئېلىنغان (3 ـ توم 330 ـ بەت).

«قاتۇن» خوتۇن، خېنىم. ئافراسىياپنىڭ قىزلىرىغىلا خاس نام (1 ـ توم 533 ـ بەت).

بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن «قاتۇن، قۇنچۇي، تارىم» ئاتالغۇلىرىدىن قاتۇن ھازىرمۇ ئۆزگىرىپ خوتۇن دەپ، تارىم بولسا تارىم دەرياسىنىڭ نامى بولۇپ ساقلىنىپ قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. بۇ ئاتالغۇلارنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە قاراشلار ھەرخىل، بىز بۇ ھەقتە مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزمەيمىز. ئەمما، بىر نۇقتىنى تەكىتلىشىمىز مۇمكىن، قۇنچۇي نامىنى ئالىملار خەنزۇ تىلىدىكى 公主 دىن كەلگەن دەيدۇ، بۇمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. چۈنكى، تارىختا ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرى خەن سۇلالىسى مەلىكىلىرىگە ئۆيلىنىپ ئۇلارنى قۇنچۇي قىلسا، بەلكىم خەلق 公主 نى ئەنە شۇنداق قوللىنىپ ئومۇملاشقان بولسا كېرەك (شۇ ۋاقىتلاردا قۇدىلىشىش ئارقىلىق ياۋۇزلارنى بويسۇندۇرۇش بىر خىل تەدبىر بولۇپ، خەن سۇلالىسى ۋەزىرى خەن پادىشاھىغا ۋەھشىي ھونلارنى بويسۇندۇرۇشتا پادىشاھ ئائىلىرى ئۆز قىزىنى ھون تەڭرىقۇتىغا ياتلىق قىلسا، كېيىن ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان بالا تەڭرىقۇت بولغاندىن باشلاپ ئۇ شەكسىزكى بوۋىسىغا باش ئېگىدۇ، دەپ مەسلىھەت كۆرسەتكەن)، ئۇيغۇر ئورقۇن ئېلى كۆچەيگەن چاغلاردا تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى ئۆز قىزلىرى نىڭگو، شەن ئەن، تەيخې قاتارلىقلارنى ئۇيغۇر قاغانلىرىغا ياتلىق قىلغان بولۇپ ئۇلارمۇ قۇنچۇي ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىينىڭ بايانى بىزگە ئەينى تارىخىي دەۋردە قۇنچۇينىڭ قاتۇندىن تۆۋەن تۇرىدىغان توقاللار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتىمۇ مەيلى ھون تەڭرىقۇتلىرى بولسۇن ياكى ئۇيغۇر قاغانلىرى بولسۇن ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىشتىن بۇرۇن ياكى شۇ چاغلاردا ئۆيلىنىپ قاتۇن ئېلىشلىرى چوقۇم ئىدى. قاتۇننىڭ ھازىرقى ئۆزگەرگەن شەكلى خوتۇننى خېلى كۆپ ئاياللار تېگى تەكتىنى بىلمىگىنى ئۈچۈن بىر خىل مەدەنىيەتسىز كىشىلەر قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇدەك، خوتۇن ئاتالسا ئۆزى كەمستىلگەندەك ھېس قىلىپ قوللانمايدىغان بولۇۋالدى. ئەمەلىيەت زىنھار ئۇنداق ئەمەس، بۇ بىر شەرەپلىك ئاتالغۇ بولۇپ ناھايىتى قەدىمدە ئەجدادىمىز تۇڭا ئالىپ ئەر (ئافراسىياپ ـ بۇ ناھايىتى جەسۇر بىر قەھرىمان بولۇپ تۇران زېمىنى ۋە خەلقىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىپ ئۆتكەن) قىزلىرىغىلا قوللىنىلغان خاس نام بولغان. كېيىن خاقان ـ پادىشاھلىرىمىزنىڭ ئاياللىرى قاتۇن ~ خاتۇن ئاتالغان، مانا ئەمدىلىكتە بارلىق ئايال جىنسى شۇنداق ئاتالماقتا، بۇ ھەرگىزمۇ نومۇسلۇق ئاتالغۇ بولماستىن يېقىشلىق، شەرەپلىك بىر ئاتالغۇدۇر. ئۇيغۇر ئاياللىرى دەپ ئاتىغاندىن كۆرە بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرى دەپ ئاتالسا ئاڭلاشقىمۇ جازىبىلىك بولغۇسى.

«خان» تۈركلەرنىڭ ئەڭ چوڭ پادىشاھى. ئافراسىياپنىڭ ئوغۇللىرىمۇ «خان» دېيىلىدۇ. ئافراسىياپنىڭ ئۆزى «خاقان» دېيىلىدۇ. بۇ نامنىڭ بېرىلىشىدە ئۇزۇن ھېكايە بار (3 ـ توم 215 ـ بەت). «خان» ئاتالمىسى ھازىرمۇ تىلىمىزدا ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، خوتۇن قىزلىرىمىزنىڭ ئىسمىغا ئۇلىنىپ كېلىپ قەدىرلىنىشنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە، بۇنىڭدىنمۇ نومۇس قىلىدىغان ھېچ بىرى يوق بەلكى شەرەپلىك بىر نامدۇر. چۈنكى تارىختا خان ئاتالغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆپى مەدەنىيەت مائارىپىمىزنىڭ يۈكسىلىشى، مىللىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى قوشۇپ تارىخ بېتىگە يېزىلغان.

«بەگلەر بېگى» ئافراسىياپ. (2 ـ توم 339 ـ بەت)

«قادىر» قەيسەر، كەسكىن. خاقانىيە خانلىرىنى «قا-

دىرخان» دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ سۆز مەنە جەھەتتىن ئەرەبچىگە توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قەيسەرلىك، كەسكىنلىك كۈچ قۇدرەتتىن كېلىدۇ (1 ـ توم 472 ـ بەت).

«قىلىچ خان» ئىش ھەرىكەتتە قىلىچتەك ئۆتكۈر خاقان دېگەن بولىدۇ (1 ـ توم 465 ـ بەت).

«بۇغرا» تۆگىنىڭ بۇغرىسى. بۇغراخان دېگەن ئات شۇنىڭدىن كەلگەن (1 ـ توم 548 ـ بەت). خاقانىيە دەۋرىدە خاقانلارنىڭ «بۇغراخان» دېگەن شەرەپ، دەرىجە نامى بولغان. مەسىلەن: سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان...

«قارا» خاقانىيە خانلىرى «قارا» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدۇ. «بۇغرا قارا خاقان» دېگەندەك (3 ـ توم 306 ـ بەت).

«كۈ» نام، شۆھرەت، داڭق. كۈلۈگ بىلگە ـ شۆھرەتلىك دانىشمەن. (3 ـ توم 294 ـ بەت)

«توڭا» قاپلان جىنسىدىن بىر ھايۋان، ئۇ پىلنىڭ كۈشەندىسى، بۇ سۆزنىڭ ئاساسىي مەنىسى مۇشۇ. لېكىن بۇ سۆز تۈركلەردە ئەسلى مەنىسىنى يوقاتقان بولسىمۇ ئىسىم ھالىتىدە ساقلانماقتا. بۇ سۆز كۆپىنچە ئادەملەرگە لەقەم بولۇپ كېلىدۇ. «توڭاخان ـ تۇڭاخان»، «توڭا تەگىن ـ توڭا تېگىن» قاتارلىقلار. تۈركلەرنىڭ ئۇلۇغ خاقانى ئافراسىياپ «توڭا ئالپ ئەر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «قاپلانغا ئوخشاش كۈچلۈك، باتۇر ئادەم» دېمەكتۇر (3 ـ توم 502 ـ بەت).

«ئارسلان» ئارسلان، شىر. خانلارغا ئىسىم بولۇپمۇ كېلىدۇ (3 ـ توم 563 ـ بەت). خاقانىيە خاقانلىرى ۋە ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ئىدىقۇتلىرى «ئارسلانخان» دېگەن شەرەپ، دەرىجە نامىنىمۇ قوللانغان.

يۇقىرىقىلاردىن بىز ئۇيغۇر خاقان پادىشاھلىرىنىڭ بىلگە نامىدا كۆرگىنىمىزدەك، بىلىم ۋە ئەقىل پاراسەتنىلا قەدىرلەپ ۋە سۆيۈپ كەلمەستىن، يەنە كۈچ ـ قۇدرەت، باتۇرلۇق، كەسكىنلىكنىمۇ ئۆزلىرىگە مۇجەسسەملەشكە تىرىشقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. دېمەك خاقانىيىدە بولسۇن، ئۇيغۇر ئورقۇن ئېلى، ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلى ۋە ئۇيغۇر گەنجۇ خانلىقلىرىدا بولسۇن، ھۆكۈمدارغا ھاكىمىيەت كۈن ۋە ئاي تەڭرى قاتارلىق ئىلاھلار تەرىپىدىن ئاتا قىلىنىدۇ، ئۇلار بىلگە (بىلىم ۋە ئەقىل پاراسەت بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ) ۋە كۈچ ـ قۇدرەت، باتۇرلۇق (ياغان، بۇغرا، ئارسلان، توڭا) ھەم كەسكىنلىك (قىلىچخان، قادىرخان) بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى ناھايىتى قەدىمىي بولۇپ، نەسىل نەسەبىدىن تارتىپ بەگلەر بېگى، خاقان ئافراسىياپ ئۇلارنىڭ ئەجدادى، شۇنىڭدىن ئىبرى ئۆز خەلقىنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن دەپ تونۇلىدۇ. ئۇلار شۇنچىلىك ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك خانلاركى، چىتققىلى بولمايدىغان «ئىندۇق» تاغ كەبى تاۋغاچ خانلاردۇر.

«تاۋغاچ» ھەر بىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە əði tavγaq دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن مەنىدە «tavγaq han» دېيىلىدۇ (1 ـ توم 592 ـ بەت).

تاۋغاچخان نامى خاقانىيە ئۇيغۇر خاقانلىرى قوللانغان شۆھرەت ناملىرىدىن بىرى بولۇپ، كۆپ مۇلاھىزىلەر بولدى. نۆۋەتتە شۇنى ئېيتىش مۇمكىنكى، «تاۋغاچخان» نامىغا مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى تەبىرىنى كىيسىم دەپ تونۇش مۇمكىن. چۈنكى، خاقانىيە خاقانلىرى ئۆزلىرىنى بەگلەر بېگى، خاقان توڭا ئالپ ئەر ـ ئافراسىياپنىڭ ئەۋلادلىرى ھەم ھەقدار ۋارىسلىرى دەپ تونۇيدۇ. ناھايىتى قەدىمكى چاغلاردا ئۇلار ئىپتىدائىي ئېتىقاد تۈپەيلى چوڭ تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلغان بولۇپ، ئالىمنىڭ بۇ ھەقتىكى بايانلىرى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. «تاۋ» تۈركچە ئىبارە تاغنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، خاقانلار ئۆزلىرىنى تاغقا ئوخشاش بۈيۈك ساناپ «تاۋغاچخان ـ تاغدەك بۈيۈك خان» دەپ ئاتىغان. خاقانىيە پۇللىرىنى كۆپ تەتقىق قىلغان پۇلشۇناس جياڭ چىشياڭ ئەپەندى تاۋغاچ نامى ھەققىدىمۇ تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولۇپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تاۋغاچخان دېگەن بۇ نام ناھايىتى يۇكسەك شان شەرەپلىك نام بولۇپ، ئۇنى قوللانغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ خاقان جەمەتىدىن ئىبارەت ئېسىلزادىلىك سالاھىيىتىنى ۋە تارىختا ئۆز مىللىتى قۇرغان قەدىمىي خانلىق ئەنئەنىسىنىڭ ۋارىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ... قەدىمىي دۆلەت ۋە چوڭ خاقان دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە ۋە بەلكى بۇ مەنا تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇلگەن...» دەيدۇ. ئۇيغۇر تىلى ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر تىلىدا شەكىلداش سۆزلەر ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئات (مىنىدىغان ئات)، ئات (ئىسىم، نام)، ئات (پېئىل، بىر نەرسىنى ئات)، بىر تارىخىي ئاتالغۇلارنى تەتقىق قىلغاندا ئىدىيە ئەھۋالىمىزغا ئەمەس، بەلكى تارىختا ھۆرمەت قىلىپ تەتقىقات يۈرگۈزۈشىمىز لازىم. يەكۈن شۇكى خاقانىيە خان جەمەتىگە تەۋە،

ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىينىڭ «تاۋغاچخان» غا بەرگەن «مەملىكىتى قەدىمىي ۋە چوڭ خان» دېگەن تەبىرى مەڭگۈلۈك توغرا كېتىشىدۇر.

«باياتى» ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ئېتى (3 ـ توم 235 ـ بەت). بۇمۇ بىر شەكىلداش سۆز بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ نامدا بىر تۈركىي قەبىلە بولغاندىن سىرت، يەنە «قۇتادغۇبىلىك» تە «تەڭرى» مەنىسىدە ناھايىتى كۆپ قېتىم قوللىنىلغان.

«ساۋچى» ئەلچى، ئۇلۇغ تەڭرى ئەۋەتكەن ئەلچى، پەيغەمبەر. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «خەۋەر، ماقال ۋە سۆز» مەنىسىدىكى «ساۋ» سۆزىدىن ئېلىنغان. پەيغەمبەر مۇشۇلارنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدۇ. (3 ـ توم 598 ـ بەت).

«يالافاچ» ئۇيغۇرچىدا تەڭرىنىڭ ئەلچىسى (2 ـ توم 421 ـ بەت).

«يالافار» خاننىڭ ئەلچىسى (2 ـ توم 421 ـ بەت).

«ساۋچى» قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا خەت خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئەلچى (3 ـ توم 599 ـ بەت).

«يالاۋاچ» ئەلچى، پەيغەمبەر. (3 ـ توم 63 ـ بەت).

«يالافار» خاقاننىڭ ئەلچىلىرىگە بېرىلىدىغان نام. «ياش ئوت كۆيمەس، يالافار ئۆلمەس» ـ ياش ئوت كۆيمەس، ئەلچى ئۆلمەس: ياش (ئوت) ئوت كۆيمىگەندەك، ھەر قانچە ئېغىر، دەھشەتلىك خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچىمۇ ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، چۈنكى بۇ خەۋەر ئەۋەتكۈچىدىن كېلىدۇ (3 ـ توم 64 ـ بەت).

يۇقىرىقىلار بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدىكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھەرگىزمۇ قارىغۇلارچە ئىش كۆرمىگەنلىكىنى، بەلكى ئەتراپلىق تەتقىقاتلار بىلەن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئىسلام دىنىدا ئاللا، خۇدا دېيىلگەن نامىلارمۇ ئەينى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۆز ئادەتلىرىگە خاس ھالدا بايات ۋە تەڭرى دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرىي ئىزاھ بەرگىنىدەك، بۈيۈك مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۆپ قېتىم بايات نامىنى قوللانغان. ئۇيغۇرلار يەنە پەيغەمبەر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغىمۇ يالاۋاچ ئىبارىسىنى قوللانغان. بۇ يەردە مەسىلە ھەرگىزمۇ مەخسۇس دىنىي ئىشلار ئۈستىدە بولمايدۇ. شۇ دەۋردە ئۇلار ئۇلۇغ ئاللانى بايات دەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يالاۋاچ دېگەندەك ئاتىيالىشى ئۇلارنىڭ ھەر بىر مەدەنىيەت، ھەر بىر دىنغا نىسبەتەن قارىغۇلارچە چوقۇنمايدىغانلىقىنى ئەك تېرەن دەرىجىدە ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ـ بىز بۇ جەھەتتە مانا مىڭ يىل كېيىنمۇ ئەجدادلىرىمىزدىن ئۆرنەك ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدۇق، يات ئەللەرنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئىلغارلىق دەپلا تونۇش، چوقۇنۇش، قارىقويۇق قوبۇل قىلىش، ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزنى بىر خىل قالاقلىق سۈپىتىدە تونۇش خېلى ئومۇملاشقان. خېلى نۇرغۇن كىشىلىرىمىز ئۆزى قوبۇل قىلماقچى بولغان نەرسىنىڭ مىللىتىمىزگە، ئۆرپ ئادىتىمىزگە، دىنىي ئېتىقادىمىز، ئەدەپ ـ ئەخلاقىمىز، پسىخىكىمىزغا ئۇيغۇنمۇ؟ ماس كېلەمدۇ يوق؟ دېمەستىن قوبۇل قىلغىنى ئۈچۈن ھازىر ئۇيغۇر مىللىتى تىلىدا ھەرخىل مىللەت تەركىبلىرى (بولۇپمۇ سۆزلىرى) گىرەلىشىپ كەتتى. ئاددىيسى ئادەم ئىسىملىرىنى ئالساق ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە، ئۇيغۇرچە ھەرخىل ئىسىملار بار. توي ـ قىز يىگىتلەرنىڭ خۇشاللىقى بولۇپ، ئىككى كىشىنىڭ توي قىلىپ ئائىلە بەرپا قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى. تويلارغا مىڭ ـ مىڭ مۇبارەك! ئەپسۇسكى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسۇنمۇ، ئۇلار ئۇيغۇر بولسۇنمۇ، ئۇلار خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان مىللەتلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىپ توي ئۆتكۈزسۇن، بۇ ئاتا بوۋىمىزدىن قالغان خاسىيەتلىك ئۆرپ ئادەتلىرىمىزگە مۇخالىپ ئەمەسمۇ؟ ئەجدادلىرىمىز ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئىسىم قويالىسۇن، بىز بولساق بىرەر توي كىيىمى لايىھەلەپ تىكىپ كىيىپ توي ئۆتكۈزەلمىسەك ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا قارا يۈز بولمايمىزمۇ؟ كىيىم لايىھىلىگۈچى خانىش ھاپىزنىڭ شۇنچە سەنئەتلىك، ئۇيغۇر مىللىيەتلىك كىيىملىرىنى كىيىپ مۇراسىم ئۆتكۈزەلمەيمىز؟ ئۇيغۇرلاردا يەنە تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش دېگەندەك ئۇيغۇرلارغا يات نۇرغۇن ئادەتلەر يامراپ كەتتى. ئاز قالدۇق، ئات ـ ئېشەكلەرنىڭمۇ تۇغۇلغان كۈنىنى قىلغىلى! ئۇيغۇرلاردا بىرەر تۇغقىنى قازا قىلسا كۆڭۈل سوراپ بارىدىغان بىر ياخشى ئادەت بار ئىدى. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدا يەنە شۇ مۇسىبەتتە ھال سوراپ بارسىمۇ ھاراقسىز قايتالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. ئادەم ئىكەنمىز، شۇڭا ھەربىر ئىشنى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈپ قىلىشىمىز، ئۇيغۇر ئىكەنمىز چوقۇم باشقا مىللەت ئەمەس، ئۇيغۇر بولۇشىمىز لازىم.

«چۈۋى» خوتەنلىكلەرنىڭ رەسىم يوسۇنى بويىچە خاقاندىن ئىككى دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان كىشىگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان. بۇ ھەقتە تۈركلەرنىڭمۇ بىر رەسىم يوسۇنى بار

(3 ـ توم 310 ـ بەت).

«ئىنانچ بەگ» ـ ئىشەنچلىك بەگ (3 ـ توم 609 ـ بەت).

«ئوردۇ باشى» خاقان يېنىدا خىزمەت قىلغۇچى (1 ـ توم 168 ـ بەت).

«شات» جۇرئەت، جاسارەت (1 ـ توم 420 ـ بەت).

«ئىركىن» ھەر بىر توپلانغان نەرسىگىمۇ ئىركىن سۆزى ئىشلىتىلىدۇ. قارلۇقلارنىڭ چوڭلىرىغا كۆل ئىركىن دېيىشىمۇ مۇشۇ سۆزدىن كەلگەن. بۇ «ئەقلى كۆلدەك تولغان (ئادەم)» دېگەن بولىدۇ (1 ـ توم 146 ـ بەت).

[bïruq] بۇيرۇق ـ خاننىڭ يېنىدا چوڭلارنى جاي ـ جايىغا ئولتۇرغۇزىدىغان كىشى، پەرمانچى. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى «بۇيرۇق» تۇر. چۈنكى، بۇ ئادەم ئۇلارنى شۇنىڭغا بۇيرۇيدۇ (1 ـ توم 490 ـ بەت).

«تارخان» ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋال «بەگ» مەنىسىدىكى بىر مەنسەپنىڭ نامى (1 ـ توم 568 ـ بەت).

«باشغان» ئىغىرلىقى ئەللىك ـ يۈز رىتىل كېلىدىغان بىر خىل چوڭ بېلىقنىڭ نامى. يۇرت چوڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىپ «بودۇن باشغانى» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەلنىڭ باشلىقى» دېگەن بولىدۇ (1 ـ توم 570 ـ بەت). بەزى تۈركىي مىللەتلەر قوللانغان «باشقان» ئىبارىسى مۇشۇنىڭدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

«تەركەن» بىرەر ۋىلايەت ھۆكۈمدارىغا خاقانلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان ئۇنۋان. بۇ «ھەي، ئىنايەت قىلغۇچى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ۋىلايەت ھۆكۈمدارىدىن باشقىلارغا ئىشلىتىلمەيدۇ (1 ـ توم 575 ـ بەت).

«ïlimγa» خان مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدىغان كاتىپ (1 ـ توم 195 ـ بەت).

«tuðun» يېزا ئاقساقىلى، يېزا باشلىقى، كۆكۈشى (1 ـ توم 520 ـ بەت).

«چوبان» يېزا ئاقساقىلىنىڭ ياردەمچىسى (1 ـ توم 522 ـ بەت).

«ساغۇن» قارلۇق قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان ئۇنۋان. تۈرك تېۋپىلىرى «ئاتا ساغۇن» دېيىلىدۇ (1 ـ توم 524 ـ بەت).

«ئەرك» سەلتەنەت، ئۆز بەگ، ئۆز خانلىق (1 ـ توم 60 ـ بەت). مەن بۇ مۇبارەك ئاتالغۇنى 1995 ـ يىلى يېڭى يىلدىن باشلاپ ئۆزۈمگە فامىلە قىلىپ قوللانماقتىمەن، بۇ ئاتالغۇ خەلقىمىزدە ھازىرغىچە قوللىنىپ كېلىنگەن. مەسىلەن، ئەرك سۆيەر ئوغۇل قىزلار...

«لاچىن» بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. باتۇر يىگىتلەرمۇ لاچىن دېيىلىدۇ (1 ـ توم 533 ـ بەت).

«كۆكيۇق» يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ ۋە تۈركمەنلەرنىڭ چوڭلىرىغا بېرىلىدىغان نام (3 ـ توم 182 ـ بەت).

يۇقىرىدا بىز كۆرگىنىمىزدەك ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى خاسىيەتلىك ئاتالغۇلارنى تاللاپ قوللانغان بولۇپ، بۇلار بىزگە ئىسىم فامىلىلەرنى تاللاشتا كۆپ ئويلىنىپ چوقۇم خىسلەتلىك ئاتالغۇلارنى قوللىنىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ئەجدادلىرىمىز تارىختا قوللانغان نام ـ ئاتالغۇلارنى، ئۇلارنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئۆگەنسەك، ناھايىتى ياخشى ئاتالغۇلارغا ئېرىشىش بىلەن، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، ئىدىيە ئەھۋاللىرى، ئۆرپ ئادەتلىرىدىن خەۋەردار بولالايمىز. يۇقىرىدا كۆرگەنلىرىمىز، مەھمۇد كاشغەرىي بىزگە قالدۇرغان ئاتالغۇلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىدىن ئىبارەت. بىز بۇ ئاتالغۇلارنى قېزىپ چىقىرىپ، بۈگۈنكى كۈندە تىل بايلىقىمىزنى بېيىتىشتا، يېڭى نام ئاتالغۇلارنى ياساشتا قوللىنىشىمىزغا ناھايىتى ياخشى ئۈرنەك بولالايدۇ. بىزنى ئەينى دەۋر تارىخىي شارائىتى بىلەن تونۇشتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە تىلىمىزنىڭ ئاتالغۇ بايلىقىنى كۆپەيتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئاپتور:** چاقىلىق ناھىيىلىك تېلېگراف تارماق شىركىتىدە

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

# فىلولوگىيىدىكى ئىلمىي تەرەققىيات قەۋەتلىرى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قاتلاملىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات

يۈسۈپ ھۈسەيىن (قەقنۇس)

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

## ئۈچىنچى بۆلۈم زىباۋىكا ۋە ئىزناۋىيەت مەسىلىلىرى

### 1 ـ باب ئۇقۇملاش ۋە تەبىرلەش

ئالدىنقى بۆلۈمدە فىلوسوفىيە (تەۋەللۇت) نى زىباۋىيەت دېگەنىدىم. ئىلاۋە ئورنىدا نېمىشقا پەلسەپە دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلمىغانلىقىمنى ئەسكەرتىپ قوياي. پەلسەپە سەپسەتە دېگەن ئۇقۇم بىلەن مەنىداش ۋە ئاھاڭداش، بۇ ئۇقۇم پەلپەتىش گەپ قىلىش، قانداقلىكى قىلىپ بولمىسۇن، گەپ دېگەن يەل كۈچى بىلەن ئۇستۈنلۈك ئىگىلەش، خۇددى ئالداركوسا بىلەن شەيتان ھېكايىسىدە ئالداركوسا شەيتاننى «ئېشەك» قىلىپ مىنىۋالغاندىن كېيىن «تۈگىمەس ناخشا» ـ «لاي ـ لاي» نى تەكرارلاۋەرگەندەك ھىلە ـ مىكىر يەل گۇمپىسى گەۋدىلەنگەن. خەنزۇچىدىكى 哲 خېتىگە قارىساقمۇ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئېغىزىنى موتولدۇرۇپ، قارشى تەرەپنى تۇنجۇقتۇرغۇچى «قورال» تەرىقىسىدە قارالغان. گەپكە كەلسەك: «زىباۋىيەت» (چىرايلىق، چىداملىق بولۇش، يەنى ئالىي ھەققەت ۋە گۈزەل ـ گۆرەن) دېگەن نەزەرىيىۋى قاراشنى ئەمەلىيەت قىلىش ئۈچۈن تەجرىبىۋى مەشغۇلات بولۇشى لازىم. شۇڭا «زىباۋىكا» دېگەن ئۇقۇم ـ تەجرىبىۋى مەشغۇلات ئۇسۇلى، ھەرىكەت قانۇنى، دېگەنلىك.

مۇبادا، ماتېماتىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، تىرگىنومېترىيە، گىنامىكا، دىنامىكا دېگەن ئۇقۇملارنى رەقەم ۋە سىزىق، فورمىلانى ۋاسىتە قىلغان تەبىئەت ئىلمىدىكى ھېساۋىكا دېسەك، زىباۋىكا ھېساۋىكا ئۇقۇمى بىلەن مائانداش ۋە ئاھاڭداش كېلىدۇ. مەسىلەن، رەقەملەرنى پىلۇس، مىنۇس، زەررەتلەرنى مەنپى ـ مۇسپى دەيمىز. ۋەھالەنكى، ئىنساندىكى جىسىم، سىزىم تەركىپلىرىدىكى مىقدار سۈپەتلەر كىرىم (ئىستېمال) پىلۇس (+)، چىقىم (ئىختىرا) مىنۇس

(ـ) خۇسۇسىيەتكە ئىگە. زىباۋىكا ئىنسان ۋە ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىدىكى ئەنە شۇنداق رەقەمسىمان، زەررەتسىمان مىقدار سۈپەت تەڭلىمىلىرىنى ھېسابلىغۇچىدۇر.

زىباۋىكا دېگەن ئۇقۇمنى ئەدەبىيات دېگەن ئۇقۇم ئورنىغا قويۇشتىكى مۇھىم تارىخىي سەۋەب شۇكى، كەلگۈسى كامىنال ئىختىيارىيان دەۋرىدە، دۆلەت، قانۇن، ھوقۇق، ئەخلاق دېگەن فورمۇلا يوقۇلىدۇ. ئەدەپ (ئەخلاق) نى بايان قىلغۇچى تەرغىبات بولغان ئەدەبىيات تەبىرىمۇ يوقۇلىدۇ.

زىباۋىكا ـ تاكى پىرمان دەۋرىدىن كەلگۈسى ئالىي ئېھسان قەدەر ئىنسان جىسمى، ھېسسىي تەركىپلىرىدىكى چىرايلىق، چىداملىق بولۇش سىرلىرىنى ئىزلىگۈچى، ئىختىرا قىلغۇچى ئىلمىي مېتود تەرىقىسىدە ئەبەدىي قىممەتكە ئىگە. بىز لاتىنچىدىكى «لىتىراتۇرا» نى «ئەدەبىيات ـ سەنئەت» (خەنزۇچە 文艺) دەپ قوبۇل قىلغان. لىتىراتۇرا ـ گۈزەللىك بىلەن توقۇلۇش دېمەكتۇر. شۇڭا، زىباۋىكىنى خەنزۇچە 美神法 دېيىشكە بولىدۇ.

زىباۋىكىنى كلاسسىكلارنىڭ «يەتتە يۇلتۇز» قاراشلىرىدىكى رەمزى مائان بىلەن تەتبىقلاپ كۆرەيلى.

زوھەل مۇقامى 40، ئوكاي مۇقامى 32، مىرىخ مۇقامى 24، قۇياش مۇقامى 16، ئاروز مۇقامى 12، زۆھرە مۇقامى 8، ئالىي مۇقامى 4، بۇ قەدىمكى قەبىلىۋى دۆلەت ھوقۇق قاتلاملىرىدىكى پادىشاھ (40)، ۋەزىر (32)، سەردار (24)، ئەلچى (16)، ئالىم (12)، شائىر (8)، كاسىپ (4) دېگەن دەرىجىلەر رەمزى ئىدى.

ھازىرقى زاماندا پەلەك يۇلتۇزلىرى گەردىشىنى 10 دېيىش مۇمكىن. يۇقىرىدىكى يەتتىگە ئۈچنى قوشساق، دۇنياۋى روھ مۇقامى 100، لاگىر روھى مۇقامى 80، دۆلەت مۇقامى روھى 60 دېسەك، يۇقىرىقى «يەتتە» ئۆلكە (مىللەت) دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ.

دېمەك، زىباۋىكا ئىنسان روھىدىكى مېھرداشلىق (سىۋىلىزاتسىيون) نىسبەتلەرنى بىلىش ئارقىلىق نىسبەتلەردىن ئىبارەت روھىي سىزىم دېگەن بىئو ئېنېرگىيىنىڭ جىسمىدىن

ئىبارەت ماتېرىيىگە تەسىرىنى تەتقىق ۋە تەتبىق قىلىدۇ. زى-
باۋىكا بىلەن مېتا فىزىكا (神形法) بىر - بىرىنى تولدۇرى-
دۇ. مەسىلەن «ئالەملىك بوشلۇق» دېگەن ۋەھدەت - مېتا-
فىزىك مەۋقە، بىر ئالىي ئىپھسانى نۇقتا. (بوشلۇق) ئىنسان
خىللىرى، زىللىرى ئىپھسانىيەتكە نېگىزلىنىش ئۈچۈن،
پىلۇس، مىنوس، مەنپى، مۇسپى دېگەن جان نىسبەتلىرى-
نى (تاناسپىسزلىق تەگىسزلىكلىرىنى) بالانسلاش، تەكشى-
لەش ئۈچۈن زىباۋىكىدىن ئىبارەت ھېساۋىكىنى تەدبىر
قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇنى ماركس، ئىنگلس «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» دا
ماتېماتىكىدىكى ئىنتېگرال، دىففېرىنسىيال تەگلىمىلەرگە
ئوخشاتقان.

ئەمدى ئىزناۋىيەت دېگەن ئۇقۇمغا كېلەيلى. بۇ ئۇقۇم
بىز دەپ كېلىۋاتقان فولىكلورىيە (خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى،
خەنزۇچە 民间文学) دېگەن ئۇقۇم ئورنىغا قويۇلغان.
بۇنداق قوبۇل قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. خۇددى دۆلەتنىڭ
ئايرىم ئەدەبىياتى، خەلقنىڭ ئايرىم ئەدەبىياتى باردەك تەسىر
پەيدا قىلىدۇ. فولكلور تارىخىي قالدۇق بولغان بارلىق ئە-
لىملەر، فىلوسوفىيە (پەلسەپە دېگەندەك مەسىلىلەر) ئەدەبى-
يات، ئۆرپ - ئادەت، سەنئەت ماتېرىياللىرى، مىمارچىلىق
قاتارلىقلارنى جەملىگەن. ھازىرقى دۆلەت ئەدەبىياتى ھېسابى-
دىكى ھادىسىلەرمۇ كەلگۈسىدە فولىكلورغا ئايلىنىپ قالىدۇ.
شۇڭا، فولىكورىيە تارىختىن قالغان بارلىق جانلىق ۋە
ئىنسان ئىزنالىرى جەملەنگەن ھېسسىياتى فارمولوگىيە ۋە
ئاستىرولوگىيە مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئىزناۋىيەت»
دېيىشكە بولىدۇ. بۇنى خەنزۇچە «性印学» دېسە مۇۋا-
پىق.

## 2 - باب زىباۋىكا بىلەن ئىزناۋىيەت بەدىئىي تەسەۋۋۇردىكى ئومۇمۇل ۋە ھوزۇرۇل ھادىسىدۇر

بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ بىر ئىلمىي فانتازىيىلىك فىلى-
مىنى تېلېۋىزوردىن كۆرۈپ، بىرىنچى ئىرادىكى ھەيۋەتلىك
ئوتخور دىنوزاۋۇر ئۇستىگە قۇشتەك قونۇپ ئولتۇرغان پىرى-
مانلارنى كۆرۈپ، ئەشۇ دىنوزاۋۇرلار ئىككىنچى ئىرادىكى
ئات، كالا، قېچىر، ئېشەكلەرنىڭ ئەجدادى ئوخشايدۇ، دەپ
خىيال قىلىپ ياتسام، گەدىنىمگە قونغان چىۋىن دىققىتىمنى
بۇزدى. بىلىكىمگە قونۇپ، نازۇك پۇت - قوللىرىنى تازىلا-
ۋاتقان چىۋىنگە مىكروسكوپ نەزەر بىلەن قارىسام، مېنىڭ
تېنىم دىنوزاۋۇردەك، چىۋىن پىرماندەك تۇيۇلدى. تارىخ دى-
نوزاۋۇرلارنى يوقىتىپ، پىرمانلارنى ئىنسانىيەتكە ئايلاندۇرۇپ-
تۇ. بىر كۈنلەر كېلىپ مېنىڭ «دىنوزاۋۇردەك» تېنىم يوقى-
لىپ، خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك شەكلى، ۋەزنى خىلداش چى-
ۋىنلەر ياشاپ قالىدۇ. ھەتتا چىرايلىق ئالماس، مەرۋايىتلار-
دەك چىۋىنلەرگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بۇ نەرسىلەر نېمىدې-
گەن چاققان، مەن نېمىدېگەن گالۋاڭ دەپ قالدىم. گەپكە
كىلەي، مەن «قىممەت تەلىماتى» دېگەن ئىزلىنىشلىرىمدە:
«ھازىرقى زاماندىكى كاپىتال فورماتسىيە ھادىسىلىرىدىكى
مونوپۇل (ماكرو) قىممەت، كونترول (مىكرو) قىممەت ئارى-
سىدىكى رىقابەتلىك ئامىل، ئوشۇقچە (ئىسراپچىل) قىممەت
بىلەن تولۇقسىز (قىناسچىل) قىممەت، بۇنى ھەل قىلغۇچى
دىيانەتلىك ئامىل ئومۇمۇل (ماكرو) قىممەت بىلەن ھوزۇ-
رۇل (مىكرو) قىممەت بولىدۇ. بۇ 10 قەۋەت چەمبەرسىمان
يەرشارى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئومۇمۇل قىممەت - ئاي، ھوزۇ-
رۇل قىممەت - ماھ، بۇ ئىككىسى ماكرو - مىكرو بالانسى
بولغاندا كامىنال فورماتسىيە زەررەتلىرى ھاسىل بولىدۇ» دې-
گەنىدىم.

ئىنساندا كۆز، قۇلاق بولغان ئىكەن، ئۇنىڭدىن
كىرگەن دۇنياۋى زامان - ماكان كۆلەڭگىسى ئىچكى مائان -
مىكرولۇق زامان، ماكان پاتلانمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.
بۇنىڭ ھەرىكىتى تەسەۋۋۇردۇر. شۇڭا بارلىق سىياسىيۇنلار،
زىيالىيون، تىجارىيون، ئىمانىيون، پىدايىئون، بىكارىيونلار-
نىڭ ھەممىسىدە ئىسىم، سىيزىم بولغاندەك خۇددى 100
بىلەن 1 بىر خىل بولغاندەك، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ئاساسىي
زىباۋىكا ئامىللىرى ئورتاقتۇر. ھەممىسى ئىزناۋىيەت ئوبرازى
(ئەرۋاھلىرى) بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ.

كلاسسىك تارىخىمىزدا بەزى مەۋلانە ئەدىبلەر ئەدەبى-
يات دېگەن ئۇقۇمدىكى «شەرىئەت» تەركىپلىرىنى كۆرۈپ،
ئاتايىتەن «ئەپيات» دېگەن ئۇقۇمنى قوبۇل قىلغان. «ئەپ» -
تەن قاتلاملىرى، ئەپلەش (قاملاشتۇرۇش) دېگەنلىك بولى-
دۇ. ئەپيات - ئەپلىك بولۇشنى يادىدا تۇتۇش دېگەنلىك...
مەسىلەن، كلاسسىك نەزمىيەت دىۋانلىرىدىكى ئىشق مىلو-
دىيىسى، داستانلاردىكى ئاشىق سەرگۈزەشتىلىرى زىباۋىكا
تەلەپلىرىگە يىقىن كېلىدۇ.

مېخانىزاتسىيىدە، مەسىلەن، ئېلېكتر توكى، پار ماشى-
نىسى ۋە ياكى يادرو ئۇسكۈنىلىرى ئىختىرا قىلىنىۋىدى،
پۈتۈن كاپىتال ئىقتىسادىياتتا زور تېخنولوگىيىلىك ئۆزگى-
رىشلەرنى ھاسىل قىلىۋاتقانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. سىۋىلى-
زاتسىيون زىباۋىكىدىمۇ شۇنداق ئىمكانىيەت مەۋجۇت.
بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخنىكا ئىنژىنېرلىرىغا نۇرغۇن تەبى-
ئەت پەنلىرىنى، گىنامىكا، دىنامىكا تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش

زوٚروٚر بولغاندەك، زىباۋىكا ئىنژىنېرلىرى بولغان ئەدىبلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

ئېسىمدىن چىقمايدۇ، ئون نەچچە يىللار ئىلگىرى نىرۋا خاراكتېرلىك نامەلۇم «بىتاپ» بولۇپ قالدىم. دورىلار ئۈنۈم بەرمىدى. ئانام مەھەللىدىكى قېرى رەمچىگە قۇرئى سالدۇرۇپ كۆرەيلى دېدى. قېرى رەمچى پال سالدى: «قۇرۇق سوغۇق شامال تۇتقۇنلۇقىدا قاپتۇ، ‹سۇ خەلقىنى› چىقىرىش لازىم» دېدى. ئولتۇرۇپ «قۇرئى كىتابى» دېگەن يىرتىق رىسالىگە قارىسام، نەۋايى نەزمىسىدىن پارچىلار ئىكەن. يىللار ئۆتتى. ئەدەبىيات توغرىسىدا باشقىچە ئىزلىنىش پەيدا بولۇپ، «ئالگېبرا ۋە ئەدەبىيات» دېگەن بىر ئەسەر يېزىپ، «ئەدەبىيات ئىنسان تەقدىرىدىكى مەۋھۇم سىرلارنى ئېچىپ، بۇزۇلغان روھىي تەڭلىمىلەرنى تەڭشىگۈچى ئىلىم بولغاندىلا ئاندىن ئىلمىي قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولىدۇ» دېگەن ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرگەنىدىم. ھازىر ئويلىسام، رەمچىنىڭ قۇرۇق سوغۇق شامال دېگەنلىرى دەل ھازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ئەھۋاللار ئىكەن.

50 يىلنى ئەسلىدىم، ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەنلەر ئاساسەن تەشۋىقات، ئاخبارات ئورۇنلىرى بولغان گېزىتخانىلاردا ياكى تەھرىر، ياكى مۇخبىر، ياكى بولمىسا مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەپتۇ. ئەدەبىي ژۇرناللارنىمۇ تەشۋىقات ئاخبارات روھى بىلەن باشقۇرۇپتۇ. ئاخبارات تەھرىر، مۇخبىرلىرى قانداقلار بولمىسۇن، ھاياتتا روي بەرگەن راست ۋەقەلەرنى يېزىپ، ۋەزىيەت بويىچە بىلىم قالدۇرغۇچى بوپتۇ. ئەدىبلەر يالغانچى، سايساپچى گەپلەر بىلەن قەدىر ـ قىممەتتىن مەھرۇم قىلىنىۋېرىپتۇ.

يۇقىرىقىلارنى ئويلاپ، ئەگەر بولمىغاندا ئۆزۈمنىڭ كەسپى، قەدىر ـ قىممىتىنى بولىسىمۇ تاپاي دەپ، زىباۋىكا دېگەن بەدىئىي سىستېما ئۈستىدە ئىزدىنىشكە باشلىدىم.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت باغرىدىكى جانلىقلار مۇناسىۋەتىگە قاراپ يەنى گۆشخور بىلەن ئوتخور ھايۋان، ھاشارات ئارىسىدىكى «تىغلىشىش» (جىھادەت) ھادىسىلىرىگە قاراپ، ئىنسانلار مۇشۇنداق «زىتلىشىش» (رىقابەتلىشىش) نى مۇتلەق بىلىشى ـــ بىرىنچى پىرمانچە ئەقلىيەت. تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ، بىرخىل جانلىق ئىچىدىكى خىلداشلىق ۋە بىر ـ بىرىنى ئىستېمال قىلمايدىغان ئادەتلىرىگە ئاساسەن، ئىنسان ـ خىلداش، شۇڭا، قېرىنداش، مېھرداشلىق قانۇنى مۇتلەق ئىلاھىدۇر، دەپ ئىنساپ ئىھسانىنى ئارزۇ قىلىش ئىككىنچى ئەقلىيەت. ئىنسان قېرىنداشلىق مېھرى مىزانى ئاساسىدا خىلداشلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىشى ۋە جانلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ بەختلىك بولۇش ھوزۇرىدىن غۇرۇر ھېس قىلىش ئۈچۈن، گۈزەللىك ۋە گۈزەللىك سىرلىرىنى ئىزلەشكە ئىھسانكار بولۇشى ئەقلىيەتتىكى 3-دەرىجە. چۈنكى بۇنداق روھ ئەڭ قەدىمكى سوقرات ۋە ئاخىرقى ماركس قەدەر بىرخىل خىزىر پەيغەمبەردەك سىۋىلىزاتسىيون ئېقىم بولۇپ كەلگەن. دىنامىكا ئىلمىدەك مەنتىقىلىق زىباۋىكا زادى نېمە؟

## 3 ـ باب زىباۋىكىنى تارىختىن ئىزلەش

تارىخ تەتقىقاتىدا تىئولوگىك (ئىلاھىيەت) فىلسوفىك (زىباۋىيەت) مەۋقە ئېنىق ۋە قېنىق بولمىسا، ئاسانلا كونسىرۋاتىزم (ئەنئەنىچىلىك)، ئېكسپىلاتسىيە (قېيىشقاقلىق)، مىللەتارىزم (مىللىي كېڭەيمىچىلىك) ھاسىل بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، مەۋقە ۋە مەنزىل جەھەتتە كامىنال فورماتسىيە غايىسى، سىۋىلىزاتسىيە (مېھرداشلىق) سوتسىيالىزم (تەڭدىللىك) ئاساسىدىكى ئوپىرۋاتىزم (تەلبەنەچىلىك) گىنوتىزم (گېىن پەرۋىشگەرلىكى) بولۇش لازىم. بۇنداق ھالال سەممىيەت تۈپەيلى تارىخى ئەسلىيەت ئىچىدىن ھەقىقەت ئىلھام بولۇشى مۇمكىن.

تارىخ تەتقىقاتىدىكى مېتودنى «ئىسكەندەرنىڭ ئۈزۈكى» (زامان، ماكان كۋادراتى) «ئىسكىرلافى» $\left(\sqrt[2]{\frac{4}{4}}\right)$ «ئائىنەسى» (ئون قەۋەت چەمبەر) «ئاھاڭگەران» (ئاھاڭلارنى پەرقلەش سىخېمىسى) دېيىش مۇمكىن. قاراشلىرىمنى كونكرېت مىسال تەققاسى بىلەن بايان قىلاي:

يۈسۈپ مەسىلىسى. 2007 ـ يىلى «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىن ئوسمان ئىسمايىل ئەپەندىمنىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانلىرى توغرىسىدىكى ماقالىسىنى كۆردۈم. ئۇ ماقالىسىدا مېنىڭ 1984 ـ يىلى «مىراس» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالەمدىكى پولشالىق ئالىمنىڭ قاراشلىرىنى كۆرسەتكەن ئىكەن. بۇنىڭ بىلەن قەلبىمدە 20 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىشلىرىم تىندۇرمىسى بولدۇقلىدى.

E. پولشالىق ئالىم تەققاسلاپ، «يۈسۈپ ـ زىلەيخا رىۋايىتى مىلادىيىدىن 18 ئەسىر بۇرۇن ئاسىيادىن مىسىرغا بارغان خەلقلەر بىلەن بىللە بارغان بولۇشى مۇمكىن» دېگەنىدى. «ئالتاي ئاتلىق ئىمپېرىيە» دەۋرى قەدەر قارىسام، سومىر ـ مىرسۇق خەلقلىرى دېگەن ئوتتۇرا شەرق ئەجدادى شىماللىق «سومۇق» لار ئىكەن. ھازىرمۇ سىبىرىيىدە ياقۇت دېگەن بىر قەبىلە بار.

B. يۇسۇپ تۈركىي تىلدا يەسۇ دىگەنلىك. ياقۇپ ـ يەخۇد (زىمىن ئىگىسى) دىگەنلىك. سوغدى تىلىدا ئەخزەر (ئەجەم) ئەركىشى، يەزەن مەزلۇم كىشى، «سۇ» دىگەن قەدىمكى «ئابسۇ» كىتابىدىكى روھ بويىچە ئابى مەنى (ئۇرۇق)... زىلەي، زولال ـ سۈزۈك ـ پاكىز دىگەنلىك بولىدۇ.

M. «يۇسۇپ ـ زىلەيخا» «تەۋرات»، «ئىنجىل» دا ئادەتتىكى رىۋايەت تەرىقىسىدە بايان قىلىنغان، «قۇرئان» دا ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ چىرايلىق قىسسە دەپ ئەخلاقىي پەزىلەت نەمۇنىسى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. رابغوزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق كىتابىدا «ئىلاھىي ئىشق» رەمزى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

K. رابغوزى مەندە چوڭقۇر دىققەت قوزغىدى. كەلگەن ئىلھاملار مۇنداق: رابغوزى ئەسلى ئىسمى ئەلى ئەخمەت، جالالىدىن رومى ئوغلى، بوۋىسى سەئىد بۇرھانىدىن (قىلىچ) ۋەسىيىتى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. بېيجىڭدىكى مەخمۇد يالۋاچ چاقىرتىپ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، قۇبلەي ئەلچىسى «ئىسھاق رەببانى» بولۇپ، چىن ئىمپېراتۇرلىقىدىن رىم ئىمپېراتۇرىغا ئەلچى بولۇپ بارغان. رىمدىكى كۈنلىرىدىكى «كاتولىك» بىلەن «كۆك تۈرك» ئالاقىسىنى ئىنىقلىغان. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قەشقەردە بوۋىسى روھىنىڭ مەنبەسى ئەبۇ نەسىر ئەخمەت فارابى روھى بىلەن مەخمۇت نەسىردىن رەبخوزى تەخەللۇسى بىلەن «قىسسەئى رابغوزى» نى يازغان ئىكەن.

g. «كاتولىك» دىنىدىكى يۇسۇپىرىم ئىبقىمى، ئاندىن 5 ـ 4 ـ ئەسىردىكى كۆك تۈرك (سامانيان) دەۋرىدىكى «ئاتىللا» نىڭ رىم قەدەر يۈرۈشلىرى كۆك تۈرك (سامانيان) دىنى روھى ماھايانىزم ۋە بۇ دىن كېلىپ چىققان كاشانىيان (كۇشان) دەۋرى مەسىلىلىرىنى تەققاسلىدىم.

w. بۇ مەسىلىگە قوشۇلۇپ تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇت ئەپەندىمنىڭ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دىكى «شۇ» قەبىلىسى بىلەن جۇ (周) نەسەبىنى سېلىشتۇرما تەتقىق قىلغان قاراشلىرى تەققاسىنى شەرق تەرەپكە بۇرىدى. مەن «شۇ» قەبىلىسى دىگەن مەسىلىنى «قەدىمكى ئاتەش دىنى «ئابىسۇ» قەۋملىرى دەپ قارىدىم. بۇ زامان دارانىيان (ئالتاي تىللىق) دەۋر بولۇپ، ئاتەش دىنى «ئابىسۇ» غا بەيئەت قىلغۇچىلار «سۇ» قەۋمى دېيىلگەن. يۇنان (ئارىيان) تىللىق، يەنى «زولقەرنەيىن» نامىدىكى يۈرۈشلەر تۈپەيلىدىن ساسانىيان دەۋرى بولغاندا تارىمدىكى بۇ قەۋم شەرققە ـ «ئالتۇن تاغ» چىڭخەي، گەنسۇ تەرەپكە كەتكەن-

لەردىن «جۇ» (周) قەۋمى شەكىللەنگەن. جۇ خېتىدىكى شەكىل ئۆي ئىچىدىكى ئەركەك (土) بىلەن مەدەك (口) بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن. بۇ كو ئاھاڭىغا يېقىن. كو شان ياكى كاشان دىگەن سۆز قۇش ئۇۋىسى دىگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن خەنزۇچىدىكى 玉 خېتى 王 ۋاڭ (پادىشا) بېقىنىغا بىر تاش (يادا تاش) قويۇلسا، بۇ (يۇ) بولىدۇ، يەنى كىمكى ئوت چىقارغۇچى يادا تاش (چاقماق تاش، ئەگۈشتەر) ئىگىسى بولسا، شۇ پەيغەمبەر پادىشاھ بولىدۇ. تارىختىكى سۇلايمان (ساسانىيان روھى) ئەسلى داۋۇت (دارانىيان روھى) ئوغلى بولۇپ، پادىشاھ پەيغەمبەر بولغان. «سۇ» ۋە ياكى «جۇ» ئەشۇ مائاندىن تۈرلەنگەن. قولۇمدىكى بىر رەسىم بولۇپ، جۇ يۇگوڭ (周玉公) خىزىردەك قېرى بولۇپ، بېشىدا قاقىر (ھاڭغۇت) بىلەن جەرەن بېقىپ تۇرغان مەنزىرە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئەمدى «يۇسۇپ» ئۇقۇمىدىكى فىلوسوفىك قاتلىمىنى تەققاسلاپ كۆرەيلى.

E. رابغوزى، تەگرى ئۆزىنىڭ ئون نىسبەت نۇرىدىن توققۇز نىسبەتنى يۇسۇپكە بىرىپ، بىرىنى ئىنسانلارغا چېچىۋەتكەن دىگەن 6+3=9 دېمەكتۇر. مۆچەلدىكى گۆشخور، ئوتخور نىسبەت بويىچە ئۈچ گۆشخورنىڭ ھەربىرىگە ئىككىدىن ئوتخور جەمئىي ئالتە بولىدۇ. بۇنى بىر بەدەندىكى ئۈچ قەۋەت مېڭە، يۈرەك تاش كۈچى بويىچە تەقسىم قىلساق، باش، بۆركۈتتىن كۇمۇتا قەدەرنى، يۈرەك بۆرىدىن چۈمۈلە قەدەرنى، تاش ـ يىلان ـ قۇرت قەدەرنى تەسەررۇپ قىلىدىغان ئالىي ئىنسان ئىقتىدارى («ئون خۇماي يەزەل» دىكى بىرىنچى سۈپەت) بولىدۇ.

M. تابھاج (+) مەسىلىسى كاشانىيان (كوشان) دەۋرىدىكى ماھايان (ئون قات پەلەك چەرخى ـ بۇرۇنقىلار ئون ئاتلىق ھارۋۇ، دىگەن) بەلگىسى. ئارىلىق ئىزاھىم: + مەزمۇنى تەگرى ھەقىقەت تۈز ـ تەڭ، ئۈز ـ ئەڭ دېمەكتۇر. رىملىقلار جىنايەتچىنى تەگرى جازالىسۇن دەپ كىرىستكە مىخلىغان... بىراق، كۇشاندا تەگرى جازاسىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇرۇنراق تابھاج (+) مىزانىنى روھىغا ئەندىزلەپ، پىكىر ـ سىزىم تەگلىمىسىنى تەگشەش ئىبادىتىدە تەسەۋۋۇر تۇتقۇسى قىلغان

K. ئىنساندىكى باش روھ (نىرۋان) بىلەن چاتروھ (لىمپان) نى ئون ئۇقۇم دىسەك، سەككىز تويۇم $\frac{4}{4}$ كەسىرى نەقىل ھاسىل قىلىدۇ. مەزكۇر كەسرى نەقلىنى تابھاج + بەلگىسىگە سالساق.



بولىدۇ. يەنى باش (نىرۋان) تەرەپتە ئىككى قولدىكى بەشتىن ئون بارماق باش ۋە كۆكرەكتىكى بەشتىن ئون هورمۇن، چات (لىمپان) تەرەپتە ئىككى پۇتتىكى بەشتىن ئون بارماق قورساق ۋە چەتتىكى بەشتىن ئون هورمون بولىدۇ.

W . باش ـ مېڭىدىكى دىئالېكتىك تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، تەجەللۇم (ئىلهام) بىلەن بەدەندىكى دىنامىكىلىق تەنەففۇر، تەلەففۇز، تەبەررۇم (يېزىق) نىسبەتلىرىنى سېلىشتۇرساق، مېڭىدىكى دىئالېكتىك قۇرۇلما سائەتنىڭ سېكۇنت تىلىدەك تېز هەرىكەت قىلىدۇ. بەدەندىكى دىنامىك قۇرۇلما سائەتنىڭ مىنۇت تىلىدەك هەرىكەت قىلىدۇ. مەسىلەن، كۆز ـ قۇلاقتىن كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زامان، ماكان كۆلەڭگىسى مېڭىدە هەرىكەت قىلىدۇ. نەفەسنى بىر ـ بىرلەپ شۇمۇرۇشكە، چىقىرىشقا، تەلەپپۇزنى تاۋۇش، بوغۇملاپ قىلىشقا، تەبەررۇج (يېزىقنى) هەرپلەپ يېزىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقىرىقى قىسقا مەزمۇنلارنى ئەسلەتمەكتىن مۇددىئا، ئىنسانىيەت ھەقىقەت ۋە گۈزەللىكنى ئىزدىنىش تارىخى جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي تىللىرىدا هەرخىل ئۇقۇم بىلەن ئاتىشىدىن قەتئىي نەزەر، بىر مېلودىيىنى ـ زىياۋىكا سىرلىرىنى ئىزلەپ ئىلاهىيەتكە تېۋىنىپ كەلگەن.

مەسىلەن، ئالپ ئەر تۇڭانى ئافراسياپ دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئاتاشتىكى پەرق ۋە غەرق مەسىلىسىنى تەققاسلاپ كۆرەيلى. قەدىمكى ئاددىي تەسەۋۋۇردا ئالپ (ئىگىزلىك) دەرگىن لەرزان لەيلىگەن ئاق بولۇت روهى ئوچماقنىڭ رەمزى ئىدى. يەنى هەيۋەتلىك تاغ چوققىلىرى ئۈستىدە تۇرغان بولۇت تەڭرىقۇت روهىدىن ئىشارە ئىدى. «ئافراسىياپ» نى فونتىكىلىق پارچىلىساق، ئەبرو باهارنىڭ يامغۇرلۇق بولۇتلىرى، ساپ دېگەن ـ ئاق دېگەنلىك، يەنى ئەبروساپ ـ ئاق بولۇت دېگەنلىك. ئوتتۇرا شەرقتىن ئىبىر خەلقلىرىنىڭ ئەجدادى سومىر، مىرسۇق. بۇلار ئالتاي ئاتلىق ئىمپېرىيە دەۋرى. سومۇغلار (شىماللىقلار) ئىبراهىم ئەبرۇ خەلقلىرىنىڭ روهى ئاتىسى، ئىسهاق، ئىبراهىم ئوغلى، ئەبرو ـ ئىسهاق، ساپ (ئاق) تەسۋىرى جەهەتتە، ئەبرو ئاق بولۇتلىرى دېگەنلىك. ئىبراهىم رىۋايەتلىرىدە، هەزرىتى ئىبراهىم نەمۇدنىڭ ئوتىدا كۆيمىگەن، بەلكى ئوت گۈل بولغان دېيىلىدۇ. تەلەپپۇزنى تۇرلىسەك، نەمرو ـ نوهروه ئۆزى «ئوت» (تومۇغ) بولغان كىشى «ئوت» (تومۇغ) دا كۆيمەيدۇ، تۆمۈر (مەدەن) ئوت (تومۇغ) دا ئېرىپ، قىزدىرىپ گۈلدەك بولىدۇ. بۇ تۆمۈر تاۋلاشنى بىلگەن داۋۇت ـ دادانىيان روهى تۆمۈر ئېرىپ سۇغا چىلانسا، ئاق هور (گاز) كۆتىرىلىدۇ. بۇ گاز ـ ئاق بۇلۇت، ئىسهاق.

ئىسهاقنىڭ ئوغلى ياقۇپ بۇلۇتتىن يامغۇر تامچىلاپ مۇنبەت بولغان يەر خۇد (ئىگىدارلىقنىڭ) ئاساسىي، ياقۇپ ئوغلى يۇسۇپ يەردىكى نەملىك (سىنۇ) ئۆرلىسە، شەبنەم ـ زەررە بولىدۇ. بۇ يەسۇ ـ زەررە (يۇسۇپ ـ زولەي) شەبنەمدەك سۈزۈك ئاقتاش دەسلەپكى ئوت (تومۇغ) چىقىرىش ئۈچۈن ئەڭگۈشتەر «ياداتاش» بولغان. شۇنىڭ بىلەن تاشنى ئەتىۋارلاش توپەيلى، قاشتاش (ساسانىيان دەۋرىدە لەئىلى سوغدىيان (塞玉)، كاشانىيان دەۋرىدە لەئىلى كەشەپشان) دېيىلگەن. جۇڭگودىمۇ بۇ ئەتىۋارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن 国 خېتى پۈتۈلگەن. يەسۇ (يۈ) نى مەنتىقى پاتلىساق، ئۇ ئىبراهىم يادرۇسىدا، ئاندىن بوۋىسى نوه يادرۇسىدا بولغان. رىۋايەتتە ئادەم تېنى كوف (پوستى) ئىچىدە نون (مېغىز) بولۇپ، بۇنىڭدىن ئادەمنى گۇناهتىن قۇتقۇزغۇچى نوه ئاپىرىدە بولغان. نوه يەنى «نون» خېتىدىكى ن ئىچىدىكى چېكىت جەۋهىرى تەڭرى گۈزەللىكنى يوشۇرغان ئاتوم ئىچىدىكى ۋاكوئۇم ئىدى.

## 4 - باب «ئېكۋاتورا» بىلەن «لىتراتۇرا» سېلىشتۇرمىسىدىن زىباۋىكا ئىلهامى

مەن ياشلىق يىللىرىمدا، ماركسىزم ئەسەرلىرى ئىچىدىكى ئېنگېلسنىڭ «سوتسىيالىزمنىڭ ئوتوپىيىدىن پەنگە تەرەققىياتى» دېگەن ئەسىرى ئاخىرىدىكى يەكۈنلىرىدىن ئۇزۇن زامان تەققاسلاپ يۈرۈپ: «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى، سوتسىيالىزم لىبرالىزمنى يوقاتماقچى بولسا، ئومۇمەن ئۇ بۇنى، بۇ ئۇنى يوقاتماقچى بولسا، كوممۇنىزم قانداق قۇرۇلىدۇ؟ ئىنسانىيەت ئازادلىقى دېگەن زادى قانداق مەسىلە؟ دەپ گىلوبوسنى ئايلاندۇراتتىم. زامانلار، ماكانلار ئۆتتى. ئاخىرى ‹پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى› دېگەن ئۇقۇمنى ئۆزگەرتىپ ‹ئېكۋاتور تەلىماتى› (环正法) دېگەن سىستېما قىلىپ چىقتىم.

ئالدى بىلەن دىكتاتۇر بىلەن لىتراتۇرا دېگەن ئىككى ئۇقۇم ۋە كاتېگورىيە ئارىسىدىكى تاناسىپسىزلىقنى ئەسلەپ ئۆتەيلى.

نەزىرىيىۋى قىممەت بويىچە، خۇددى پادىشاهنىڭ ئىككى ۋەزىرى تەڭ هوقۇق (نوپۇز) بىلەن بىر ـ بىرىنى چەكلەيدىغان بولغاندەك، دىكتاتۇرا بىلەن لىتراتۇرامۇ بىر ـ

بىرىگە تاناسىپ هالدا بىر - بىرىنى چەكلىگۈچى، رەتلىگۈ-
چى قىممەتكە ئىگە ئىدى. ئاسىيا ۋە مەملىكىتىمىزدە بىزدە
دىكتاتۇرا (سىياسىي قانۇن) بىلەن لىتىراتۇرا (ئەدەبىي
سەنئەت) ئەكسى تاناسىپ بولماستىن، لىتىراتۇرا (ئەدەبىي
سەنئەت) دىكتاتۇرا (سىياسىي قانۇن) قورالىدۇر. بۇنداق ها-
دىسە سەككىز قەۋەت چەمبەر ئىچىدىكى بارلىق كىچىك
چەمبەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق. تاناسىپلىق هوقۇقى بۇزۇلغان
ئىكەن، دۆلەتنىڭ بالانسلىقى (بىرلىكى) بۇزۇلىدۇ، يەنى
ئىلمىي تەرەققىيات يولى قالايمىقان بولىدۇ. تاناسىپ هوقۇق-
نى تىكلەش دۆلەت مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىق ( 武帝+
高宋=皇帝) دېمەكتۇر.

ۋەهالەنكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ غايىسى دۇنيا-
ۋى سوتسىيالىزم ئۈچۈن تۆهپە قوشۇش. تۆهپە قوشماق
ئۈچۈن هازىردىن هالقىغان تارىخىي غايىۋى تەسەۋۋۇردىكى
ئېنىق ۋە قېنىق ئەقىدەت زۆرۈر. شۇڭا بۇ جەهەتتە قاراشلى-
رىمنى بايان قىلاي.

«武帝» (دىكتاتۇرا) بولغان ئىكەن، ئۇ هەم دۆلەت
ئىچى ۋە دۆلەت سىرتى بولغان دۆلەتلەر ئارا، لاگىرلا ئارا
رىقابەتلىك ئامىلدۇر. بۇنداق رىقابەتلىك نىگىزنى تەشەب-
بۇسكارلىق بىلەن نەزەرىيە جەهەتتە هەل قىلىش ئۈچۈن
ئېكۋاتور ئەقلى مۇهىم.

مەلۇمكى، «ئېكۋاتور» يەر شارىدىكى قۇياش تىك چۈ-
شىدىغان تىروپىك بەلۋاغ ئوتتۇرىسىدىكى بەلگە. يەر شارىدا
ئىككى قۇتۇپ ۋە ئىككى يېرىم شاردىكى كونتىنتال بەلۋاغ-
لاردا تۆت پەسىل ئۆزگىرىشى بولسىمۇ، ئېكۋاتور (تىروپىك
بەلۋاغ) دا ئەبەدىي باهار. بۇ سىۋىلىزاتسىيون (مېهىرداشلىق)
ۋە كامىنال فورماتسىيە غايىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

بىر دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي (هېسسىيا-
تى) قۇرۇلما بويىچە، هوقۇق بىلەن هوسۇل (بايلىق) مىسا-
لىنى گىئومېتىرىك تەسەۋۋۇر سىخېمىسىغا سالساق:




△ (DKT) بۇلۇڭ بىلەن ▽ (LDT) بۇلۇڭ
ئەكس تاناسىپ هادىسە بولىدۇ. △ شەكلىدە دىكتاتۇرا
(سىياسىي قانۇن فورمىسىدا) هوقۇقى ئىمتىيازى يۇقىرى ئە-
مەلدارلارنىڭ مائاشى، مۇكاپاتى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن
هوسۇل (ئىقتىسادى) ▽ شەكلىدە لىتىراتۇرا (ئەدەبىي
سەنئەت) فورمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. تۆۋەندىكى هوقۇقى،
ئىمتىيازى يوق ئىختىراۋى قاتلام ئىستېمال ئىمكانىيەتلىرى-
دىن مەهرۇم بولۇپ، قىساسى دولقۇنلار تىنجىمايدۇ. يۇقىرى-
دىكى هوقۇقى (ئىمتىيازلىق) قاتلاملار سانى ئاز بولسىمۇ،
ئىستېمال قاتلاملىرى كۆپ بولغان ئىسراپچىلىق لىتىراتۇرا (-
ئەدەبىي سەنئەت) (皇帝) شەكلىدە كۆپىيىدۇ.

يەر شارىدىكى «ئېكۋاتور» نى بىر مېڭگە، بەدەنگە
تەتبىق قىلساق، تابىهاج (+) شەكلىدەك تۈز - تەك، ئۈز
تەك ئەقىدەت شەكىللىنىدۇ... بۇ هەقىقەتنى ئەقىدەت
قىلغان شەخسىيەتنىڭ زىباۋىكا (لىتىراتۇرا) بولىدۇ. «ئېكۋا-
تور» نى يۇقىرىدىكى بىر - بىرىگە ئەكس تاناسىپ ئىككى
ئۈچبۇلۇڭ شەكلىگە تەتبىق قىلساق:



شەكىل هاسىل بولۇپ، $\frac{4}{4}$ كەسىرى نەقىل بويىچە
ئىجتىمائىي ئىستېمال ئىختىرا كۈچىنى ماكرولۇق تاناسىپ،
بالانس قىلىش هوقۇقى ئىمتىياز بىلەن هوسۇلى ئىقتىدارى-
نى ، تاناسىپ، بالانس قىلىش ئېكولوگىيە بىلەن ئىدېئولو-
گىيىنى تاناسىپ قىلىش قاتارلىق ئىلمىي تەرەققىيات ئەقلى-
يەتلىرىگە ئىلهام چىقىدۇ.

تەسەۋۋۇر قىلايلى، كامىنال ئىقتىسادى، هېسسىياتى
فورماتسىيىدە دۆلەت، هوقۇق، قانۇن دېگەن دىكتاتۇرا بول-
مايدۇ. دىكتاتۇرىغا باغلىق لىتىراتۇرا (ئەدەبىيات) مۇ بولماي-
دۇ. ئۇ چاغدا يەر شارىدا ئېكۋاتور مۇتلەق مەۋجۇت بولغان-
دەك، ئۇنىڭ كۆلەڭگىسى بولغان روهى (مەنىۋى) ئېكۋاتورا
بىلەن لىتىراتۇرا بىر ئۇقۇم، هالەتكە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.
خۇددى ئىهسانىيەت بىلەن زىباۋىيەت بىر ئۇقۇم بولغاندەك.

بەزى خېرىدارىم: «بۇنداق قۇرۇق غايىۋى خىيالنىڭ
هازىر ئۈچۈن قانداق قىممىتى بولسۇن؟» دېيىشى مۇمكىن.
مەن دەيمەنكى، نەزەر بولمىسا سەپەر بولماس، نەفەس بول-
مىسا قەدەم بولماس، مىزان بولمىسا ۋىجدان، ئىمكانىي بىل-
گىلى بولماس. دىكتاتۇرىنى 武帝 (ئەخرەمەن)، لىراتۇرانى
皇帝 (ئەخرەمەز) دېسەك، بۇنى تەگشەش خۇددى باشروه
بىلەن چاتروهنى تەڭشىگەندەك بولىدۇ. بۇنداق روه ئالىپ
ئەرتۇڭا (تەگرىقۇت) 高宋 بولىدۇ. بۇنداق تەگرىقۇت
(高宋) لار ئىنسانىيەتكە ئومۇمۇل قىممەت بولغاندا،
بۇنداق قىممەتتىن هالقىيدىغان يەنە قانداق ئالىي روه

بولسۇن؟!

## 5 ـ باب زىباۋىكىلىق بەدىئىي مېتود ھەققىدە

مەن 90 ـ يىللاردا مىلادى 4 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر ماھايان مۇتەپەككۇرى «كۇمراجىۋا» ھاياتى توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى تەققاسلاپ، تارىخ ۋە مانىخ جەھەتتىكى خاتالىقلارنى تۈزىتىپ قويۇش مۇددىئاسى بىلەن «كىمىيائى زىبا» نامىدىكى كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە سىنارىيىسىنى يازغانىدىم.

**تارىخىي ئىزاھ:** مىلادى 4 ـ 5 ـ ئەسىرلەر پارس تىلىدا سامانىيان، تۈركى تىلىدا كۆك تۈرك دەۋرلىرى دېيىلگەن، ئەسلىدە مىلادى 2 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان كاشانىيان (كۇشان) دەۋرىدىكى ماھايان دىنى ـ نوھرۇز رىۋايىتىدىكى «كېمچى» (كاشاپ) سۆزىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، كاشان دەۋرىدىن كېيىن مانىزم (مانى دېيىلگەن) دىنغا ئۆزگىرىپ، ئاتىللا (ئادىل نوشىرۋان) دەۋرىدە خۇددى بەھرام گور داستانىدىكى رىۋايەتلەردە دېيىلگەندەك ماھايان ئېلىمىدە، راھىب (ئاشىقلار) دەسلەپ (مىڭ ئۆيلەردەك) غارلاردا، كېيىن گور (شام گور لەھەتلىرى ئىچىدە) جەسەتتەك ئىككى دۇنيا بىلەن بۇنيا سىرلىرىنى تەققاسلاپ «تەگرىقۇت پەرىشتىلىرى» گە ئايلانغاندىن كېيىن، يىنىك تىجارى ماتېرىيال «تەرىياك» قاتارلىق قىممەتلىك دورىلارنى، ئاندىن لەئلى بەدەخشان جەۋھەرلىرىنى قورال قىلىپ، دوغۇل (شەرق)، رومۇل (غەرب) تەرەپكە كارۋان بولۇپ تارالغان. بارغان ئىقلىمدىكى كىلىمات، ھېسسىيات سىرلىرىنى ئىگىلىگەن. «باھار دانىش چۆچەكلىرى» دە: «مۇرشىد يەزدانى پاك، يات ئىقلىملارنىڭ شاھى خەلقلىرىگە زۇلۇم ـ سىتەم سالىدىغان بولسا، ئەقلى كەملىكىدۇر. ئى شاھان يات ئىقلىم خەلقىنى رام قىلىدىغان يول تۇتساڭ جاھان سېنىڭدۇر» دېگەن ئىكەن. دېمەك، رومۇلغا ماڭغان ساگانلار (مايساگىت ـ يەنى شىر ـ ئىت سايىقلار) دوغۇلغا ماڭغان يولچى (月氏) تونلەردە ئايدەك ماڭىدىغان تۇنتۇيۇقلار ئارقىلىق ئىككى ئىقلىم سىرىنى ئىگىلىگەن. نەتىجىدە دوغۇل تۇتۇق (شەرقى تۈرك) تەركىبىدە ئورخۇن موڭغۇل، توغغۇز، توبۇت خەلقلىرى رومۇل تۇتۇق تەرەپتە ـ سامانىيان ئاتالغان ئاتىللا (ئادىل نوشىرۋان) دەۋرى بولغان سامانىيان دېگەنلىك ئاسمانلار رەببى، بۇ موغۇل تىلىدىكى كۆك خۇد (تۇتۇق)، توبۇت تىلىدىكى كوئىنلۇن، ئوغۇز تىلىدىكى ئون ھون بىلەن ئوخشاش.

**مانىخى ئىزاھى:** سوغدى، توخرى ئۇقۇملىرىنى ۋە تەلەففۇز ئالاھىدىلىكلىرىنى تەققاسلاپ «كۇمراجىۋا» ئەمەس، «خۇمرازىبا» يەنى تولىمۇ چىرايلىق مەي كۆزىسى دېگەن سۆز ئىكەنلىكىنى ئۆز ۋاقتىدىكى كۇچا (كۇسەن) يەنىلا كۇشانىيان دەۋرىدىكى ماھايان دىنى تەسىرىدە بولغانلىقىنى، «خۇمرازىبا» دىكى ھىكمەت، كىمىياي زىبا ـ ئىنساننى چىرايلىق، چىداملىق قىلىدىغان خۇددىزىم ھېكمەتلىرى ئىكەنلىكىنى، فەررۇخ (روھى شامال) ياسىغان مۇسەممەن (سەككىزلىك مەنتىقى) كىمىياي (خىمىيە ئىلمى) ئىكەنلىكىنى، ئىلاھى ئىشق (جىنسىي تاناسىپ ھېكمەتلىرى) بارلىققا كەلگەنلىكىنى؛ 回 خەنزۇچە (خۇي) دېيىلىشمۇ، ئەسلى زىھنى (ۋاكۇئۇم) ۋە ئالەملىك تاھۇم تاناسىپلىقىدىن ھاسىل بولغان ئونھون (ھۇمايۇن ـ بەخت قۇشى) ئىكەنلىكىنى تەققاسلىغان ئىدىم.

مەزكۇر دەقىقىلەردە، زىباۋىكا دېگەن تېماتىكا ئۈستىدە خىيال سۈرۈۋاتقان قەلبىمدە كۇچانىڭ، ئومۇمەن قەدىمكى كۇشانىيان دەۋرىنىڭ روھى شامالىرىدەك چىرايلىق تەرەننۇم، ئابدال (سۇنى توسقۇچى) ھەسرەتلىرى ئەكسىچە ئابىھال (سۇنى راۋان قىلغۇچى) تەۋەھھۇم (كۆيلەنگۈچى مېھرىبانلىق) ھاسىل قىلماقتا.

ئىنساننىڭ زىبا (گۈزەل ـ گۆرەن يەنى چىرايلىق ۋە چىداملىق) بولۇش شەرتلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) تەپەككۇر (دىئالېكتىك) سېكۇنت تىلىدەك، تەنەففۇر (دىنامىك) مىنۇت تىلىدەك بولۇپ، خۇددى «يەتتە ئۆيلا ئاندىن بىر ئۆينا» دېگەندەك نىسبەتنى ئىگىلەش. چۈنكى، فىزىئولوگىيىلىك قاتلاملاردىن تەكشۈرگەندە، سېزىم (قۇۋۋەتنىڭ) قېرىندىن يىلىك قەدەر ئايلىنىشىدىكى 16 نېرۋانى لىمپاۋى سىستېمىدىكى راۋانلىق تەپەككۇر (تەسەۋۋۇر) جەريانىدۇر.

مەسىلەن، «ماھايانا» رىۋايىتى «مايىترى سىمىت» دە مايىترى (پىرمان) 32 مۇشكۇلات ۋادىسىدىن ئۆتۈپ راخمى (ئېھسان) بولغان. بۇ 32 مۇشكۇلاتنى (32:4=8) نەقلىدە قارىساق، بىرىنچى سەككىز زىمىن ـ دېڭىز، تۇپراق، ئوجاق قەدەر سىرلارنى بىلمەك، ئىككىنچى سەككىز بارلىق ئوت ـ چۆپ (گىياھ ـ ئورمان قەدەر) جانلىقتىكى كىرىم ـ چىقىم قاتلاملىرىنى بىلمەك، ئۈچىنچى سەككىز بارلىق ئوتخور (قۇرت، تۆگە قەدەر) جانلىقتىكى كىرىم ـ چىقىم قاتلاملىرىنى بىلمەك، تۆتىنچى سەككىز، بارلىق گۆشخور (چۈمۈل، يولۋاس، كۈمۈت ـ بۆركۈت قەدەر) جانلىقتىكى كىرىم ـ چىقىمنى بىلمەك. بۇ ئاساسەن تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قاتلىمى بولۇپ، بۇ 32 روھنى ئىنسانىيەتكە ئېھسان

قىلىپ چېچىۋەتكەندىن كېيىن تەنها (دىنامىك) بەدەندىكى 8 ۋادا قالىدۇ. (جەمئىي 40 بولىدۇ) «ئالتۇن يارۇق» كىتابىدا مۇنداق 8 ئۇقۇملۇق مەنزىرە (سەھەر، گۈلشەن، كۆچەت، چېچەك؛ شەپقەت، شەبنەم، خۇشھىد، يىلتىز) بولۇپ قىرىق ۋادىنى ھەزىم قىلىدىغان تەسۋىردۇر. بۇنىڭ پەرھىزى يېمەك ـ ئىچمەك، كېيىنمەك، بېزەنمەك، ماڭماق، ياتماق قاتارلىق بەدەن ھەرىكەتلىرىدىكى پىلوس ـ مىنۇس سىزىملارنى بالانسلاش دېمەكتۇر.

2) بىراق، ھەربىر ئىنسان ھازىرقى زامان، ھامان ئىككىدىن يۇقىرى ئىنسان بىلەن مۇناسىۋەتلىشىپ ياشايدۇ. قاراش، ياشاش خىللىرىدىكى ئوخشىماسلىق، بولۇپمۇ ئىستېمال ھېرسمەنلىك رىقابەت قوزغاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئازاب، ئىزتىراپ ئىچىمىز بىلەن تېشىمىزنى چىرماپ كەتكەن.

مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدە 70 مىليون كومپارتىيە ئەزاسى مۇكەممەل «سوتسىيالىزمچى» بولۇپ كەتتى دېسەك، ئۇلار 1 مىليارد 200 مىليون ھەم لىبرال ھەم كونسېرۋاتىپ ئىنسان ئىچىدە ياشايدۇ.

دېمەك، سوتسىيال زىباۋنىكا (لىتېراتۇرا) دۇنيادىكى 8 مىليارد ۋە جۇڭگودىكى بىر مىليارد لىبرال كونسېرۋاتىپ ئىنسان ئارىسىدا سوتسىيال ئۈلگىلىك ئىھسان (راخمى) لارنى ئىختىرا قىلىش لازىم، دېگەنلىك بولىدۇ.

مەسىلەن، بىر ئارمىيە جەڭچىسى ياكى ئەدلىيە ساقچى: «قانۇن رەھىمسىز، دۈشمەنگە رەھىمسىز بولماق لازىم» دېسە، «راخمى ئىھسان»: «سەن تاشمۇ ياكى جانمۇ؟» دەيدۇ... شۇنىڭ بىلەن سوتسىيال جەڭچى بىلەن ساقچى توغرىسىدىكى زىباۋى شەرت تۇغۇلىدۇ. بۇ شەرتنى قانداق ئىپادە قىلىش مۇمكىن؟ تەمسىل:

مايمۇنلار ئارىسىدا دائىم باشقىلىرىنى بوزەك قىلىدىغان بىر مايمۇن بار ئىدى. ئېكولوگ باغۋەن ئۇنى تۇتۇپ: «ئەجەپ نوچى ئىكەنسەن دەپ» يولۋاس بار قەپەزگە سولاپ قويىدى. مايمۇن يولۋاسقا تۇتۇق بەرمەسلىك ئۈچۈن قەپەزنىڭ ئۆگزە رىشاتكىلىرىدا ئۇياندىن ـ بۇيانغا سەكرەپ يۈردى، يولۋاس قوتاز گۆشىنى يەپ تويۇنۇپ مۆگدەپ ياتاتتى، مايمۇن بىلەن ھەپىلەشكۈسى يوق ئىدى. مايمۇننىڭ سەكرەشلىرى، يولۋاس تىنچلىقنى بۇزاتتى. يولۋاس بىردەم ئوڭ كۆزىنى، بىردەم سول كۆزىنى ئېچىپ، بىردەم قۇلىقىنى لىكىلدىتىپ قوياتتى. بۇنى كۆرگەن مايمۇن تېخىمۇ ئەسەبىيلىشەتتى. مايمۇن ھالىدىن كەتتى، بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان باغۋەن مايمۇننى تور تاشلاپ تۇتۇپ ھالىدىن كەتكەن مايمۇننى سىلاپ: «ھالىڭ شۇنچىلىكمۇ؟» دېدى.

بىز بۇ تەمسىلدىن سىتۇئاتسىيون (مېھرداش) سوتسىيالىزمچى روھنىڭ ئېكىسپلاتسىيون لىبرالىزم روھىدىن كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن تەمكىن بولۇپ سوتسىيال (تەگدىل) مەنزىلى ئۈچۈن، سەپەر ـ نەزەرلىرىدە چىداملىق بولۇش، «ئالەم بەخت دېڭىزى، قانۇن ـ رەھىمدىل» مەۋقەسىدە تۇرۇش لازىملىقىنى كۆرىمىز.

## 6 ـ باب ئىستىلىستىكا ۋە سىتخىپىسخىكا مەسىلىرى

ئىسىملىكنىڭ ئاتالغۇلاردىن بىرى بولغان ئىستىلىستىكانى شەرھلىگەن ئېمىن تۇرسۇن ئەپەندىم، كلاسسىك تىلدا «تەشبىھ» دېگەنلىك دېگەن. تەشبىھ ـ ئوروق تېشىلىپ بىخ چىقىرىش دېگەن مائاندىن كەلگەن. بۇ ئىستىلىستىنىڭ تەدبىرى مەسىلىسىدۇر. ئىستىلىستىكا، ئىستىل (文风) جىسمىل (文体) بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن، كلاسسىك تىلدا «ئىسمى ئەزەم» دېگەنلىكتۇر، نەرسە ۋە ھەرىكەت ئىسمىلىرىدىن ھاسىل بولىدىغان ئۇلۇغ ئېنېرگىيە نەزەردە تۇتۇلغان.

مەلۇمكى، ئىستىلىستىكا ئاساسەن ئەدىبلەرنىڭ، ئاندىن ئەسەردىكى پېرسوناژ (ئەرۋاھ) سىتخىپىسخىكىنىڭ ئوبۇقۇملاشقان فورمىسىدۇر. بۇ خەلق تىلىدا ئىسنىسىتقۇ (سوۋۇتقۇ، تومۇغلاش) دېگەنلىك.

مەسىلەن، بىز ئارامبەخش ئىچىدە جىددىي ۋەقەلىك بولغان فىلىمنى كۆرسەك، ئىختىيارسىز ھالدا فىلىم ئىچىدىكى ھايات ھالەتلىرىگە كىرىپ قالىمىز. دېمەك، ئىستىلىستىكا جىنلىرىمىزنى يىراق زامان، ماكان باغلايدىغان «ئىنتېرنېت». مەسىلەن، بىز 文明 دېگەن خەنزۇچە خەتنى مەدەنىيەت ياكى مەنىۋىيەت دەپ چۈشەنسەك، خەت مەنىسىدىن كۆزۈشنى پەردىلەش، چىتلاش دېگەن مائان چىقىدۇ. يەنە مىسال: بەزىلەر (军民团结如魚水) (ھەربىي خەلق ئىتتىپاقلىقى سۇ بىلەن بېلىق) دەيدۇ. بۇ ئىستىلىستىكىنى تەكشۈرسەك (خەلق ـ سۇ، جانسىز ـ مىنېرال)، ھەربىي (جانلىق ـ نىتېرال) بېلىق بىلەن سۇنى ئىستېمال قىلىدۇ. چىقىرىندىلىرىنى سۇغا چاچىدۇ. ئېكسپىلاتسيون (قىيىشقاق) مائان چىقىدۇ (خاتا بولىدۇ). ئەگەر (军民团结如骨肉情) (ھەربىي خەلق گۆش بىلەن سۆڭەكتەك») دېسەك، بىر جانلىق جىسىمدىكى مۇناسىۋەت چىقىدۇ... بۇ سىتۇئاتسى-

يون (مېھىرداش) مائان بولىدۇ.

ئۇمۇمەن، ئىستىلىستىكا بىلەن ستخپسخبكىنىڭ بىر-بىرىگە زىچ مۇناسىۋىتى، تەپەككۇر، تەلەففۇز، تەبەررۇم، تەرەننۇم قاتارلىق ھەرپ - بوغۇم قاتارلىق پېئىل (ھەرىكەتلەر) دە سىنىلىدۇ. شۇڭا، بۇ بەدىئىي تەدبىر سوتسىيال زىباۋىكىدىكى تولىمۇ زىللى تەجرىبىۋى مەسىلىدۇر.

مەن «ئون خۇمايى يەزەل» تەلىماتى دېگەن ئەسەردىن كېيىن ئەتراپىمدىكى ھايات تەسىرىدە ئىزتىراپ چېكىشكە باشلىدىم ۋە بۇ ئىزتىراپلىرىمنى خاتىرىلەپ قويماقچى بولدۇم. ئەقلىيەت شۇئۇرلاپ: «ئەقىدەتكە ئاسىيلىق قىلساڭ، ئازابلىق تەقدىرگە قالىسەن، ھازىر سوتسىيالىزم نەزىرىيىسى ئۈچۈن تىرىشماق قانۇنى كاپالەتكە ئىگە ئىكەن. قەدىرلىگىن، ھېيىسىي دارامەتلىرىڭنى ساخاۋەت قىلىۋەرگىن» دەپ «مۇتلەق مەرغۇپ ئەرۋاھ» دېگەن ئەسەردىن ئىلھام بەردى: ئۇ دەريا بويلىرىدا تەنھا كىزەتتى، كۆز ئالدىدا بەش يۈسۈپ تارىخى جىمىرلايتتى. بىر كۈنى بۇلۇت ئارىسىدىن قارامتۇل ئاقۇش بۇلۇتلار ماركسنىڭ چاچ ساقاللىرى بولغان يېرىم يالىڭاچ گەۋدە ئاسمان پەلەك ھەيۋەت بولۇت كۆرۈندى. ئۇ ئۆزىنى ئەرۋاھنىڭ پۈت تىرنىقىدىكى چۈشەنچىلىك كۆردى... ئەرۋاھ: «ھازىر پۇلسىز ياشاش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، سەن پۇلنىڭ قۇلى، قېنى سەندىكى خۇدرۇھ» دەيتتى.

ئۇ تەبىئەتكە چىقىپ ئوۋچى بولماقچى بولدى، تاغ يولىدا ئورمان ساقچىلىرى ئۇنى قوغلىۋەتتى، ئۇ جاڭگالدا ياتتى، نەھرول ھەسلى (ئوتخور) قاچىلانغان قۇتىنى ئېچىپ قويىۋىدى، نۇرغۇن چۈمۈلىلەر (گۆشخور) كىردى، ئۇ كومىلاچ ياساپ «كاپ» قىلىۋىدى، تېنى قىزىدى... بۇلاق سۈيىدىن ئوتلىدى، مەستخۇش ھالدا سۆگەت سايىسىدىكى قۇمغا ئىغناپ ياتتى. تەسەۋۋۇر مەنزىلىدە 32 مىڭ چاقىرىملىق سەپەر باشلاندى. يولدا ماركس بىلەن ستالىن قوشۇلدى. مۇلاھىز باشلاندى: 10 مىليارد ئىنسانىيەتكە 10 تىرليارد گۆشخور ماتېرىيالى لازىم، ئۇنىڭغا يۈز تىرليارد ئوتخور ماتېرىيالى لازىم. ئۇنىڭغا يەر شارىدىكى زېمىن، دېڭىز، ئورمان، يايلاق بولۇشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قاقاس تاغ - سايلارغا دائىمىي يېغىپ تۇرىدىغان قار - يامغۇر بولۇشى لازىم. بۇلۇتلارنى ھەيدىگۈچى شامالنى باشقۇرىدىغان مېترو تېخنولوگىيىسى لازىم؟ ئۇ يەر شارى بىلەن ئاي ئارىسىدىكى خەرىتىنى قۇمغا سىزدى، خەرىتىدە يەر ماگمىسىدىن ئاي قەدەر چاسا بۇلۇڭ سىزىلدى... ئاندىن «سۈنئىي يۇلتۇزلار»، «ئاي» سۈمرۈغىنىڭ قاناتلىرىدىكى پەيلەردەك تىزىلدى... «سۈنئىي يۇلتۇز» ئۇسكۇنىلىرىدىن يادرولۇق شامال چىقىپ، بۇلۇتلارنى پىلانلىق كۆچۈرۈشكە باشلىدى. بىراق، بارىنۇ، ئارىنۇ زەررەتلىرى دېگەن نېمە؟

ئۇ مۇگدەشكە باشلىدى. ئۆزىنى ھىندى ئوكياندىكى ئېكۋاتور سىزىقى ئۈستىدە دوم ياتقاندەك تەسەۋۋۇر قىلدى. سۇ ئاستىدا مارجان ئورمانلىرى ئالتۇن بېلىقلار ئويناپ تۇراتتى. قەلبىدە، نەقەدەر لەززەت - ھە؟ قۇتۇپتىكى ھەرەم قەسىرلەردىمۇ بۇنداق لەززەتنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، 10 مىليارد ئىنسانىيەت ھەممىسى تىروپىك بەلۋاغدىكى دېڭىز ساھىللىرىدا ھەتتا دېڭىز ئاستى شەھىرلىرىدا ياشاپ قۇتۇپ، كونتىنتال بەلۋاغلارنى ھايۋان، ھاشاراتلارغا بېرىش لازىم ئىكەن. ئەڭ چىرايلىق ۋە ئەبەدىي چىدامىلىق جەننەت يەنىلا تىروپىك بەلۋاغ ئىكەن. شۇ چاغدىلا ئىنسان ھېسلىرى چېكىگە يېتىپ توختايدىكەن.

ئۇ مۇگدەك لەززەت بىلەن ئۇخلاپ قەلدى. بىراق، چۈشىدە كۆڭۈلسىز مەنزىرىنى كۆردى. ئۇ دوختۇرخانىدا يۆرەرمىش، نۇرغۇن قىز - چوكانلار يىرىڭداپ كەتكەن قىزىل تاشما كېسەللىكى بىلەن دوختۇر ئىزلەپ يۈرگۈدەك. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە مېنىڭ چوڭ مېڭەمگە قاچىلانغان دۇنيا تىروپىك بەلۋاغدىكى جەننەت ئىدى. بۇ دوزاق مىكروپلىرى نەدىن كەلدى؟ مېنىڭ ئۇلارنى داۋالايدىغان مەسھاي قۇدرەت كامالىم نەدە؟!

ئۇ يىغلامسىراپ قالدى. ئۇنىڭ قەلبىدە تارىخچى شىۋىرلاشقا باشلىدى:

- مىلادىيىدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇنقى ماھايانا پەيغەمبىرى ئون سوغدى روھى نەھرول ھەرىسىدەك ئۈچۈپ يۈرۈپ، قۇددۇستىكى رىمگە ئەسكەر بولۇشتىن قېچىپ، جاڭگالدا يۈرگەن يۈسۈپ دېگەن يىگىتكە قوندى. ئۇنىڭ يادىغا قەدىمكى يۈسۈپ رىۋايەتلىرىنى سالدى. يۈسۈپ قەدىمكى سۇلايمان دېگەن روھنىڭ زۇلقەرنەيىن دەۋرىدىكى ساسانىيان روھى ئىكەنلىكىنى، سۇلايمان ئاتىسى داۋۇت تېخىمۇ قەدىمكى (دارانىيان) دەۋرىدىكى تۇمۇرنى كەشىپ قىلغان ئاتەش روھى ئىكەنلىكىنى، بۇ روھنىڭ قېرىنداش ئۇرۇقداش روھ ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ چېنىدەك بولغان ئون سوغدى پىچىرلاپ: «سەن قەدىمكى داۋۇت روھى، قۇددۇستا زىكرىيا دېگەن بوۋاينىڭ بىر قىزى بار، ئىسمىنى مەرىيەم دەيدۇ، ئۇنىڭدىن بىر بالا تاپىسەن، ئۇنىڭدا سۇلايمان ئىسھاق روھى بولىدۇ. ئۇنىڭ روھىدىن بارلىق بىنىمار، بىتاپ ئىنسانلار داۋا تاپىدۇ» دېدى. يۈسۈپنىڭ روھى

مەريەمگە يەتكەن ئىكەن. ئۇلار توي قىلدى، يۈسۈپ ياغاچچى بولدى. يەنى ياغاچ تاختايلارغا «ئىنجىل» نى ئويۇشقا باشلىدى. ئون سوغدى ئىلھامى بىلەن يۈسۈپ ئوغلى ئەيسا (سۇلايمان ئوبرازىنى) كىرستكە مىخلاندى دەپ يازدى. ئۇن سوغدى ئىزاھلاپ بۇ سېھىر — ھېكمەتنى قاچانكى، كىمكى ھەققى چۈشەنسە، شۇ «ئەخمەت» بولىدۇ، شۇ ئارقىلىق سەن يەنە مىڭ يىلدىن كېيىن ئۆز ئەسلىڭ بىلەن تىرىلىسەن، دەپ تەسەللىي بەردى.

تارىخچى پىچىرلىماقتا ئىدى. مىلادى 1090 - يىللىرى يۈسۈپ قادىرخان ئەبۇ رەيھان پۇرىقى تەخەللۇسى بىلەن بەلختە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىدە ئون سوغدى روھى پەيدا بولۇپ. «ئىنجىل» ئاساسلىرىدىن ئىلھام بەردى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قىزى بۇۋى مەريەم بىلەن توي قىلىپ، زەينەپ ۋە مەخمۇت دېگەن ئىككى بالا تاپتى. 1032 — 1045 - يىللىرى «ئون سوغدى روھى ئالپ ئەرتۇڭا (ئەلى ئارسلان) مەۋقەسىدىن تۇرۇپ «دىۋانى ھېكمەت» تىكى ئەيسا مەسىھ رەمزى ئەخمەت يەسۋ ھېكمەتلىرىنى بايان قىلدى. 1095 - يىللىرى كاپكازدىكى يۈسۈپ نوھروز ھېكمەتلىرى تەنىسىز قالمىسۇن دەپ، ئىلبورس چوققىسىغا «نوھ كېمىسى» نامىدىكى قەبرە ياسىتىپ، جەسىدىنى توڭلىتىشنى ۋەسىيەت قىلدى. بۇۋىسى ئۇنىڭ چەۋرىسى سۇلتان سەنجەر يەنى پەرىدىن ئەتتار ئارقىلىق ئودام قۇملىقىدا شەددە باغلاش مۇراسىمى بولدى. بۇ خاتىرىلەر ئامانىساخىنىم ئوغلى مىرزا مەھمۇت «جاھاننامىسى» ئارقىلىق يېتىپ كەلدى...

تارىخچى بايانلىرى تۈگىگۈشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. كۆز ئالدىدا چۈشىدە كۆرگەن قىزچوكانلار ساقىيىپ، ھىندى ئوكيان سۈيى ئاستىدىكى ئالتۇن بېلىقلاردەك پىلتىڭلاپ غايىپ بولدى...

ئەمدى ئەسلى گېپىمىزگە كېلەيلى. مەلۇمكى، يۇقىرىدىكى بايانلار ئىستىلىستىكىدۇر، شۇنداقلا مەندىكى ستىخىيىسىخىكىلىق سىزىم ۋە رېتىم ئەيىنىكىدۇر. يۇقىرىقىلاردىن چىقىدىغان نەجەپ (يەكۈن) شۇكى، تەپ (تەپەككۇر) يەل (تەنەففۇرغا)، يەل نەمگە (قەنەمپۇرغا) ئىنجابى ياكى زىيانى ئەكس تەسىر قىلىدۇ.

ھازىرقى زاماندا ئىنژىنېرلار «ماشىنا ئادەم» لەرنى ياسىماقتا، ھۆسن تۈزەش شىركەتلىرى دورىلار ۋە ئۇۋۇلاش ئارقىلىق ھۆسن ئۆزگەرتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ھەرخىل «مودىلار» تەرغىپ قىلىنماقتا. ئارمىيە ۋە ئەدلىيىنىڭ «پەۋقۇلئاددە» قوشۇنلىرى تەربىيلەنمەكتە. بۇنداق شەكلىيەت ۋە ئەقلىيەت تەدبىرلىرى ئارقىلىق چىرايلىق، چىداملىق ئوغۇللار ۋە قوزونلارنى يېتىشتۈرسىمۇ، ئەقىدەتتىكى خاتالىق تۈپەيلى تەربىيلەنگەنلەر «ھەشقىپچەك» بولۇپ قالىدۇ.

سىۋىلىزاتسىيون (مېھرىبان) زىبالىقكا مەسىلىنى نىگىزىدىن ھەل قىلماقچى بولىدۇ. چۆلدىكى بولغۇنلار باغدىكى گۈلگۈنلاردىن چىرايلىق، چىداملىق بولغاندەك سەۋەبىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ.

بەزى بىئولوگىيە (فىزىئولوگ) مۇتەخەسسىسلەر ئىنسانىي گىياھ ۋە ھايۋان بىلەن ئوخشاش ھالدا، بالا ئىنسان ئاپىرىدە بولۇشتىن ئىلگىرى يەنى ئاتا — ئانىنىڭ ھىماي دەقىقىلىرىدىكى ۋەسلى ۋەزىن نىسبەتلىرىدىكى ئەرۋاھ (زامان ماكان تېندۇرمىسى) ئالاھىدىلىك بويىچە تەقدىرى ئەزەل بولغان بولىدۇ. بۇنى كېيىنكى تەدبىرلەر ئۆزگەرتەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. خۇددى ئېيىنىشتېيىن ئېيتقان «تالانت (ئىقتىدار) نىڭ بىر پىرسەنتى تۇغمىدۇر، توققۇز پىرسەنتى يولقۇنۇش» دېگەندەك، تۇغۇلغاندىن كېيىنكى زامان — ماكان تەسىرى يەنىلا مۇھىم مەسىلەن، گىياھ ئۇرۇقلىرى تېرىلغاندىن كېيىن خىمىيىۋى ئوغۇتلار ئارقىلىق ئۇنۇمى ئۆزگىرىدۇ. ھايۋان باللىرى ئەھۋالىمۇ شۇنداق. ئىنسانلاردىكى ھوقۇقى ئىمتىياز ۋە بىلىم (توقۇقى ئىقتىدار) مۇ خىمىكال دورىلارغا ئوخشاش ۋەزىن، شەكىل ئۆزگەرتىدۇ.

## 7 - باب زىباۋىكنىڭ ئىلمىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئالاھىدە رولى ھەققىدە

1. زىباۋىكلىق مىسال ئۇچۇن تارىختىن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ «مەجالسۇن نەفايىس» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىلگەن مىساللارنى ئەسلەش مۇمكىن. «مەجالسۇن نەفايىس» دېگەن ئۇقۇمنى فونتېكىلىق پارچىلاپ تەققاسلىساق، «سالقىن، ئارامبەخش نەفەس ساھىپلىرى يىغىندىسى» دېگەنلىك بولىدۇ. كلاسسىكلار «مەسىھايى نەفەس، خىزرى دەم» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن يېقىملىق تەرەننۇم، تەلەففۇز ساھىپلىرىنى كۆرسەتكەن، بۇ ئەمەلدە «نەفەس گۈمپىسى» (نەفەس ۋەزنى) دېگەنلىك.

بىز تارىخنى ۋە ئىقلىم ئىرىق پەرىقلىرىنى تەكشۈرۈپ «كىلىمات ۋە ھېسسىيات قانۇنى» بويىچە كۆزەتكەندە، جەنۇبىي ياۋروپا ۋە غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئارىيان ئىرقىنىڭ زىباۋى مىساللىرىنى كۆرىمىز. «بۇ قانداق شەكىللەنگەن؟» دەپ قارىساق، قەدىمكى يۇنان ھېكىملىرى ۋە ئاندىن دىن (神信) ۋە سەنئەت خىللىرىدىكى تەرەققىيات مىساللىرىنى كۆرىمىز (خەنزۇچىدىكى 宗教 خېتى دىن

ئەمەس، بەلكى مەزھەپ تەلىملىرى ــ نەسھەت دىگەنلىك بولىدۇ).

2. تەبىئەت مىسالىدىن ئالايلى، ئەگەر دەريادىكى بېلىقلار سۇنىڭ ئېقىمىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتسە. دەريا، ئۆستەڭ، ئېرىقلارغا ئايرىلىپ ئاخىرى ياكى قۇملۇق ياكى ئېتىزدا قۇرۇپ تۈگىگەندەك بېلىقلارمۇ ئۆلىدۇ. شۇڭا بېلىقلار ئېقىمغا قارشى ھالدا دەريانىڭ ئوتتۇرا ــ يۇقىرى ئېقىملىرىدىكى چوڭقۇر قاينام ــ كۆللەرنى ئىزلەپ ھەتتا تاغلاردىمۇ شاقىراتمىلاردىن ئۆرلەشكە ئىنتىلىدۇ. ئىنسانلاردىكى ئىستېمالىستىك ستىخىيلىك ھىرىس ئۆزلۈك ئىنسان مىجەزىنى ھايۋان ــ ھاشارات قىلىدۇ. يەپ ياتىدىغان ئارامخۇما قىلىدىغان روھى ستىخىيە خۇددى دەريا ئېقىمىغا ئوخشايدۇ. ھازىرقى «لىبېرال ئانارخىيە» (ئەركىن بەگۋاشلىق) جەمئىيىتى ئىجتىمائىي خۇسۇسىيەتتىن تەركىبەت قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇددى قەدىمكى قەبىلىۋاز رىقابەت شەكلىدە چېچىلغان. بۇنداق دېسەم، ياۋروپا ۋە ئاسىيادىكى مىليونلىغان ئىنسان جەملەنگەن شەھىيالار يادىمىزغا كېلىدۇ. بۇ بىر شەكىل. بىر ــ بىرىگە سۈركىلىپ تۇرغان ئىنسانلار ئارىسىدىكى ھايۋان ــ ھاشارات خىلىياتلىق پەرقلىرى قېلىن سېپىللەرگە ئوخشاپ قالغان. بىر ــ بىرىگە قارشى رىقابەت توپىلىدىن، تەرەققىيات، خۇددى قۇملۇققا قاراپ ئېقىۋاتقان سۇدىكى بېلىقلاردەك بىر ــ بىرلەپ ئازاپ ــ ماماتقا يۈزلەنگەن. ئىنسان قېرىغانسىرى ياشلىق، قىرانلىق چاغلىرىنى ئەسلىگەندەك، تارىخ دەرياسىنىڭ تىرىپىك يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدىكى چوڭقۇر كۆللىرى بولغان ئوتتۇرا ئېقىمدەك مەنزىرىنى زادى نىمە؟ بۇ تەبىئەت يېشىللىقى بىلەن جەمئىيەت ئىجىللىقى بىر ــ بىرىگە ماس كېلىدىغان «جەننەت» سىمان مەنزىرىدۇر، مۇبادا مۇندىن 2000 يىل بۇرۇنلا كۇشادە ماكان (كۇشان دەۋرى) دىكى ماھايان تەرىقەتلىرى ئوممۇمىيەت بولغاندا ئىدى، كامىنال فورماتسىيە ۋە ئىھسانىيەت يېشىل باغ ــ ۋارانلىق ئىچىدە «ئەھىيە مەھەللىرى» شەكلىدە بولغان بولاتتى.

ھازىرقى يەر شارى يەنىلا تېخى يېشىل تەبىئەت بولۇش ئىمكانى يوقالمىغان بىر دەۋردە تۇرۇپتۇ. يەنى ئىنسانلار ھەر ھالدا سۇلار تاشلار ئارىسىدا جىددىي ئېقىۋاتقاندەك تېزلىك ئىچىدە ئارامبەخش چوڭقۇرلۇقلارغا تەلپۈنۈشنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

بىز ھادىسىلەرگە، تېخى نۇرغۇن ئىنسان نادان قاششاق ۋە ئۆزلۈك ستىخىيسى بىلەن ئۆزىنى ھېرىسلىرى ئېقىمىغا تاشلىۋېتىپ تاپقان پۇللىرىغا زىيان ۋە ئىسراپ ماھىيەتلىك ئىشرەت سۆيىدە مەسخۇش يۈرگەنلىرىگە قاراپ، بۇنى مەدەنىيەتسىزلىك دەيمىز، شۇنداقلا ياۋروپا ياكى ئېسىل شەھىيالاردىكى ئاسمان پەلەك بىنالارغا، مىنىرااللاشقان زاۋۇتلارغا قاراپ، بۇنى مەدەنىيەت دەيمىز. ۋە ھالەنكى، مەستخۇشلۇق دەرياسىنىڭ دەل ئەشۇ شەھىيالاردىكى يوللىرىدىكى ھاياتلىق ئېقىمى ئىكەنلىكىنى ــ «لىبېرال ئانارخىيە» ئىكەنلىكىنى كۆرمەي قالىمىز. مىليونلىغان ئىنسانلار شەھىيالاردا قاتناش ھادىسىلىرىدە ۋە باشقا زىيان ــ زەخمەتلەردە ئۆلۈپ ياكى دوختۇرخانىلاردا «قۇملۇقتىكى بېلىقلاردەك» ئىڭراپ ياتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىمىز. دېمەك، مۇشۇنداق تارىخ ئېقىمىغا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن بېلىقلاردا ھاياتلىق مۇھەببىتى ئۈچۈن يۇلقۇنىدىغان «ئىلمىي تەرەققىيات» ئىختىراۋى روھنى ئۇرغۇتۇش لازىم.

ئەمدى پۈتۈن ئىدىئولوگىيە، تەشۋىقى، تەرغىبات كاتېگورىيىسىدىكى ژانىر مەسئۇلىيەتلىرىگە كەلسەك، ھۆججەتلەر، كۆرسەتمىلەر، ئاخبارات قانۇن ۋە ئەخلاق تۇغرىسىدىكى پوبلىستىك ئىلمىي ئەسەرلەر، ھايات ئوبزورلىرى بۇرۇن ئەدەبىيات ھېسابلانغان تەنقىد ۋە تەقرىزى بايانلار، كومىدىيىلەر لەتىپىلەر، لەۋھەلەر (كۆتىۋىلىش شوئارلىرى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تېگىشلىك رولى بار.

بۇ ئارىلىقتا، بىز ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن بەزى مەسىلىلەرنى ئەسلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»، «ئەدەبۇتۇل ھەقايىق» ۋە باشقا تارىخى دەستانلاردىكى كەمچىلىك شۇكى، ئاپتورلار زېھىن گىرداۋىنى ھاياتنىڭ ئوممۇمى مەسىلىرىنى نەزمى رىتىملىق شەكلىدە بايان قىلمەن دەپ چەكلەپ، ھالسىراپ ئوممۇمى ۋەقىئەلەرنىڭ تارىخى، ئىقتىسادى، سىياسىي قاتلاملىرىدىكى نەزىرىيىۋى، تەجرىبىۋى سىستېمىنى تەپسىلات قىلىشتا چەكلەنگەن. مەسىلەن، مۇھەببەت داستانلىرىنى ئالايلى، ۋەقىئەلىك رومان بولغىدەك تەپسىلات... «ئىلاھى ئىشق قەھرىمانلىرى» قاتلىمىدىكى سىرلار ماتېماتىك بىئو فىزىكىلىق، ئاسترولوگىيىلىك ئىلمىي مەسىلىلەر ئىدى. ئاپتورلار لىرىكىلىق نەزمى رىتىم بىلەن ھەپىلىشىپ، ئىسپاتلاش، چۈشەندۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەردە چەكلەنگەن. مۇبادا بۇنداق قاتلاملار ماركىس، ئېينىشتېيىن ياكى كانىت، گېگىل تېمىسىغا ئايلانغان بولسا، نۇرغۇن فورمۇلا ۋە تېئورىيىلىك سىستېمىلار توپلىمى بولغان بولاتتى. دېمەكچى، ھەرقانداق ئىلمىنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسئۇلىيەت دائىرىسى بولىدۇ.

سىۋىلىزاتسىيون لىتىراتۇرا (مېھرىبان زىباۋىكا) يەنى ھازىرقى سوتسىيال لىتىراتۇرا (تەگدىل زىباۋىكا) نىڭ رولى، مەسئۇلىيەت چېكى نىمە؟ مىسال ئالايلى، روسىيىنىڭ مەشھۇر كلاسسىك شائىرى پۇشكىن ئايال تالىشىپ دۇئېلدا

ئۆلگەن. «سوتسىيال شائىرى» مايا كوۋسكى ئۆزىنى ئېتىپ
ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئومۇمەن، ئىنسانلارنىڭ داھىيلىرى، ئالىملىرى، شائىر-
لىرى، روھ ئىنژېنېرلىرى تۇرۇقلۇق، مۇرەككەپ سىرلار ئال-
دىدا ئاجىزلىق قىلىپ چەكلەنگەن — ھايات ھادىسى قاتلام-
لىرىدا نېرۋان ۋە ۋىجدان دېگەن زىللى، ھېيسى دەقىقەتلەر
(مىنۇت — سېكۇنت) دېگەن مەزمۇن مائىلار بولىدۇ. بۇنداق
ھادىسىلەر ياپراقنىڭ لىغىرلىشىدەك، سۇنىڭ جىمىرلىشىدەك،
ھاشاراتلارنىڭ مىدىرلىشىدەك تولىمۇ تەپسىلىي بولىدۇ،
تۇرغۇن سىر قاتلاملىرى مەۋجۇتكى، ئىنسان ئۆزى بىلىدۇ.
ھەتتا ئۆزىمۇ ئاڭقىرالماي قالىدۇ. باشقىلار بولسا خۇددى
شىپاگەر بىمارنىڭ زىللى ھالەتلىرىنى ئەبەدىي بىلەلمىگەن-
دەك بىلەلمەيدۇ. بۇنداق زىللى قاتلاملارنى فىلوسوفىيە
(زىباۋىيەت) ئاسترولوگىيىلىك (ئىنسان بەدىنى ئىچىدىكى
ھورمون ئۇقۇم يۇلتۇزلىرىنىڭ باغلىنىشلىرىنى تەققاسلىغۇ-
چى ئىلىم) تەجرىبىسى جەريانىدا مۇئەييەن تەجرىبىلەرگە
ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە زى-
باۋىكا ئەسەرلىرى قىلالايدۇ.

مەسىلەن، ئەلىشىر نەۋايى ھاياتىدا ئەچچە يۈز ئەسەر
يازغان، بەزىلىرى ئىلمى ئەخلاقىي، بەزىلىرى ئەدەبىي نەز-
رىيە بەزىلىرى تارىخىي داستان، بەزىلىرى تەزكىرە،
بولارنىڭ ھەممىسىنى زىباۋىكا دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بول-
مايدۇ. پەقەت، «خەزائىنۇل مەئانى» («چاھار دىۋان») دېگەن
نەزمىيەتلەرنى زىباۋىكا دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بولىدۇ.
چۈنكى، بۇ ئەسەرلەردىكى يېزىلمىغان ئاساس، يۇقىرىدىكى
ئەسەرلەردە بايان قىلىنغان نەزىرىيىۋى دەسمايە بولۇپ،
خۇددى «مەي» ئىچسە، تەنەففۇرنى (رىتىم ۋە سىزىمنى)
قوزغايدىغان تەرەننۇملۇق مەزمۇنلاردا پەرىزات يار ئوبرازى
زىلۋا، ئەۋرىشىم بەللىرىنىڭ تولغۇنۇشلىرى، كۆز قارچۇقلى-
رىدىكى كىرپىكلەردىكى مەرۋايىت شەبنەملەر، تىندۇرمىلارنى
(يەللەرنى) تەكشىلىگۈچى مەنزىرىلەر، قانچە جاپا قىلسا
شۇنچە راھا سىزىلگۈچى تاۋلىنىش شەۋقى قاتارلىقلار ئەقلى
ۋە شەكلى چىرايلىق، چىداملىق گۈزەل، گۈرەن تەۋرىنىشلى-
رىدۇر. ئىنسان جىسمىدىكى تۇرغۇن سىرلارنى، يەنى
«يەل»، «نەم» خىلىدىكى بىمارلىق مەسىلىرىنى تىببىيەت
بىلەن ھەل قىلغىلى بولمىسا، زىباۋى ھېكمەتلەر قارىلىق
ھەل قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، خەلق ئارىسىدىكى، تومۇزغۇ»
(ئىشىستقۇ)، سوۋۇتقۇ (ئىسستقۇ) قاتارلىق «جىنكەشلىكلەر»
بازار تاپقان.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار «زىباۋىكا مەي» تەسىرىنى ئەسلى-
تىدۇ. ۋەھالەنكى، ھازىرقى ھاياتىمىزدىكى تۇرغۇن كېسەل-
لىكلەر بىمار بىتاپلىق ئىچمىلىك؛ چېكىملىك تۇپەيلىدىن
بولماقتا. بۇ قارىماققا «ئىچمىلىك خۇمارى»دېكى بۇزۇلۇش-
تەك كۆرۈنسىمۇ، ئەسلى ئىستېمالنىڭ ھېرىس قەھرىدۇر.
مەسىھ ھېكمەتلىرىنىڭ ئىزىدە، ھاراقنى سۇغا ئايلاندۇرۇۋەت-
كەن، دېيىلىدۇ. يەنى شىگدۇرۇش (تەكىتلەش)، ئاندىن را-
زىمەن ھەرىكەت كۈچىگە ئايلاندۇرۇش تەدبىرى ئارقىلىق
ھاراق مەست قىلىش كۈچىدىن قالىدۇ. زىباۋىكا ھېكمەتلى-
رى تەسىرى، نەزمى تەسۋىرلەر، ھەم مەست قىلمايدىغان،
ھەم لەززى نەپ بولىدىغان قىممەتكە ئىگە.

ئومۇمەن، چىرايلىق ئاھۇ كۆزلەر، چىرايلىق تەبەسس-
سۇم قىلالىغاندەك فىلوسوفىك (زىباۋىيەت) ئەقلىدىن زىباۋەت-
كىلىق تەۋەھھۇملار (مېھىربان) ئەسەرلەر تۇغۇلىدۇ.

ئومۇمەن، زىباۋىكا بارلىق ئەقلى ئىختىراۋى پائالىيەت-
لەر، ئىلىم سايىسى تەشۋىقات، ئاخبارات، تەتقىقات، ئوبزور-
چىلىق ھەل قىلالمىغان، بەلكى ئەشۇ ساھەدە كەسپىي
كېسەل بولغانلارنى داۋالايدىغان ئىلمى كاتېگورىيىدۇر.

مەسىلەن، مۇزىكانت (سازەندە)، ناخشىچى (خانەندە)
ئۆزى بىلمەيدىغان بىرخىل كېسەلگە گىرىپتار بولدى
دېسەك، بۇنى زىباۋىكا داۋالايدۇ. زىباۋىكا ئىلمىنىڭ ئۆز-
ئۆزىنى قۇتقۇزۇش، ئۆز-ئۆزىنى داۋالاش ئىلمىدۇر. زىبا-
ۋىكىنىڭ دورا رېتسېپلىرى تەبىئەتتە، دورا ماتېرىياللىرى تە-
بىئەتتە.

مەسىلەن، مەن ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى قىياپىتىنى، ئىرا-
دىتىنى ئاللىسام، ئانچە چىرايلىق ۋە چىداملىق ئەمەس، تۇ-
غۇلۇشۇمدا تولىمۇ چىرايلىق بودرۇق بوۋاق ئىكەنمەن،
كېيىن تەدرىجىي چېچەككە ئوزانلىق قورت چۈشكەندەك
چىرايىم بۇزۇلۇشقا باشلىدى، بەزى «ئالۋاستى» ئىچىمدە
«تەگ — تەگ دېسەم تەگمەيدۇ، تەگمە دېسەم تېگىدۇ» دې-
گەندەك، مەن بىلەن قېيىشىدىغان ھالەتنى ھېس قىلىمەن؛
ئىزتىراپ چېكىمەن. نېمە ئۈچۈن چىرايلىق، چىداملىق بو-
لىمەن دەيمەنۇ، ئەكسىچە تەقدىر ماڭا ئازاب ئېلىپ كېلىۋې-
رىدۇ؟ دەيمەن. سىزىم ۋە رېتىمدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى
يەكۈنلىمەكچى بولىمەن. قارىسام، قەلبىمدە ئىنسان تارىخ-
دىكى دانىشمەن چىرايلىق پەرى روھلار بار ئىكەن. ۋەز-
نەمدە دېتۇلەر، جىن — شاياتۇنلارغا ئوخشاش خارلانغان،
تاشلانغان دۇنيانىڭ سوۋۇتقۇلىرى بار ئىكەن. قانداق قىلى-
مەن؟ ئىھسان بىلەن پىرمان ئارىسىدىكى 32 ۋادىلىق مۇش-
كۈلاتلار ئىچىدە «ئون خۇمايى يەزەل» نىڭ نوھروز دورۇت-
لىرى ئارقىلىق مىدىرلاپ باقاي دەپ تەسەللىي تاپماقچى
بولىمەن.

# ئۆتنىچى بولۇم مەخپىرەت ۋە مەھرىپەت مەسىلىلىرى

## 1 - باب ھازىرقى ئەھۋاللاردىن قىسقىچە ئەسلىمە

ئەگەر سىز نەزىرىيىۋى ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىدىكى دىنامىكىلىق تەپەككۇر مەزمۇنلىرىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن ئەخلاق توغرىسىدىكى كۆرسەتمىلەر مەزمۇنىنى سەممىيەت بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ «كومپيۇتېر مېڭە، دىۋگاتىل بەدەن» بولسىڭىز، ئەمەلىيەتتىكى ھەرخىل خىلاپەت، خىيانەت، ھەتتا جىنايەت قاتارلىق ھەم فېئودال ھەم بۇرژۇئاز كونسېرۋاتىزم ۋە لىبېرالىزم كاتېگورىيىسىدىكى مەسىلىلەرگە قاراپ ياكى سەۋدا بولىسىز. مەلۇم دائىرە ھوقۇقىڭىز بولسا، مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئىچىدە بەزى تەنقىت ياكى تەپتىش قىلىپ بېقىشىڭىز مۇمكىن. ھوقۇق، ئىمتىياز بولمىسا، «ئاھ قويە، كەپ باشقا، نەپ باشقا» دەپ تىلىدىكى رىتلىقى ۋە رەسمىيەتلەر يالغانچىلىقى، ئالدامچىلىقى بىلەن ياشاشقا مەجبۇر بولىسىز، ئەمما بۇنداق تەپەككۇر بىلەن تەنەففۇر ھالىتىدىكى پەرق 32 بىلەن 8 ئارىسىدىكى مەسىلىدۇر. يۇقىرىدا دېگەندەك، «بىر مەملىكەتتە ئىككى خىل تۈزۈم، بىر ئەقلىيەتتە ئىككى خىل سۆزۈم» دېگەن تېمىغا قايتىپ بارىمىز. بۇنىڭ ئۆزى ئەقىدەتتىكى مەخپىرەت (بىلمىگەنلەرنى كەچۈرۈش، چۈشىنىشكە تىرىشىش)، مەھرىپەت («سۆنى سىڭگەن يەرگە سەپ» دېگەندەك، زامان، ماكان كاتەكچىلىرىگە لايىق (پىچكا)، (لەبىز) يۆتكەش) مەسىلىسى بولىدۇ.

مەن 2000 - يىلدىن بۇيان، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىدا ئىسلامجان شېرىپ (بەشكېرەمى) بىلەن ھەمكارلىشىپ ئۇيغۇر ھەمدە جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن ئىشلىرىغا ھەسسە بولسۇن دەپ دىندىل ۋە ئىنجىل روھ بىلەن بىر قاتار مۇھىم (ھەتتا دۇنياۋى تەسىر قىلسۇن دەپ) تەتقىقات تېمىلىرىدا ئەسەر ئېلان قىلدىم. ئەتراپىمدىكى، ھەتتا ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدىكى تونۇشلار: «گەپ يەك مۇرەككەپ ئىكەن، ئاممىباب تىلدا ئاددىي مەسىلەرنى ھەل قىلسىڭىز بولاتتى» دېيىشتى. مەن: «ئىنسان ئەقلى دەرىجىلىرى خۇددى پىرىنچى - ئۇنىنچى سىنىپ دەرسلىك سەۋىيىسىگە ئوخشاش، ماگا مۇرەككەپ مەسىلەرنى ھەل قىلماق تەقدىرى پۈتۈلگەن بولسا كېرەك. قانداق قىلاي، تىرىشىپ چۈشىنىشكە ئىنتىدەنگۈچىلەر چىقىپ قالار» دەپ جاۋاب بېرىپ كەلدىم.

مەن مەزكۇر ئەسەر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن كۈنلەردە، يەنى 26 - ئاپرېل كۈنلىرى، تېلېۋىزىيىدىن مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ماركسىزم تەتقىقات ئورنى ئاچقان يىغىن خەۋەرلىرىنى — رەھبەرلەرنىڭ ماركسىزمنى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى تەتقىق قىلىشتا «ئىلمىي تەرەققىيات» روھى بىلەن يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ۋە تەتقىقات ئۇچۇرلىرىنى دۇنياۋىلاشتۇرۇشقا تىرىشىش توغرىسىدىكى يوليورۇقلىرىنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ — يۇچاقاقتا تەمسىلاپ يۈرگەن قىبرى، ئاجىز قەلبىمدىكى يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ قىممىتى دەككىشەپ باقتىم، ئەقىدەمچە قەلبىمدىكى تىماتىك تۇگۇنلەر ماركسى ئەرۋاھى رازى بولىدىغان مەسىلىلەر ئىدى. ئىچىمدە مەزكۇر ئەسەر خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنسا، ئەگەر بولمىغاندا كومپيۇتېر ياسىما شەكىلدە قالسا قانداق بولار. بەزىدە مۇئەمما تۈگۈنلىرى دىققەتتىن چۈشۈپ قالغان ھۆججەتلىرىگە مۆكۈنگەن بولىدۇ. تەقدىرىمۇ شۇنداق، بۇنى چۈشەنگۈچى خالىس ھەمكار چىقارمۇ؟ دەپ خىيال سۈردۈم.

مۇنداق قارىسام، ئەسلىي تېمىلاردىن چۈشەندۈرۈشكە تېگىشلىك بىر نەچچە مەسىلە بار ئىكەن. شۇنى بايان قىلغۇم كەلدى.

## 2 - باب دىئالېكتىك تەپەككۇر ۋە دىنامىكىلىق تەپەككۇر ھەمدە مېتافىزىك تەسەۋۋۇر ھەققىدە

بىز ئادەتتە كۆنۈپ كەتكەن، ئادەتكە ئايلانغان سەختىپسىخىكىلىق تەپەككۇر (تەلەپپۇز ھەمدە تەبەررۇم) دىنامىكىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇنى خەنزۇچە «机思» دېيىش مۇمكىن. بۇنىڭدا «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن تەئەججۈپ بولمايدۇ. بۇنداق تەپەككۇر خۇددى ماشىنا ھەرىكىتىدەك بولۇپ كەتكەن بولىدۇ. بىراق، ئىنسانلارنى ھەيرەتتە (ھەيرانلىقتا) سالىدىغان تۇرغۇن مۇرەككەپ، مۇشەققەتلىك «تەقدىرى قازا» مەسىلىلەر بولۇپ، بۇنى بىلمەك جەريانى دىئالېكتىك تەپەككۇر بولىدۇ. بۇنى خەنزۇچە «延思» دېيىش مۇمكىن. مېتافىزىك تەسەۋۋۇر دىنامىكىلىق تەپەككۇر بىلەن دىئالېكتىك تەپەككۇر جەريانىدىكى كونكرېت ئىسپىرىم، رىتىلم مەزمۇنلىرىدۇر. شۇڭا، خەنزۇچە «神形» دېيىش مۇمكىن.

ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجى، ئىختىرا نىسبەتلىرىدىكى مەۋقەسى پەرقلەنگەن ئېكسپىلاتسىيون (قېيىنچىلىق) ۋە سىۋىلىزاتسىيون (مېھىرداش) دەپ ئايرىلغان يۇقىرىقى ئۈچ خىل مەسىلىنى ئىككى تەرەپكە ئايرىش مۇمكىن. مەسىلەن، دىنامىك تەرەققىي ئېكسپىلاتسىيون (قېيىنچىلىق) خاراكتېرلىق بولماي، بۇنىڭ سەۋەبى نەتىجىلىرىنى ئافىيەت ۋە ئاقىۋەتلىرىنى بىلمەك ئۈچۈن دىئالېكتىك تەرەققىي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ، قانچە سەۋىيىلىك ۋەھدەتلىك بولسا، ئاخىرى سىۋىلىزاتسىيون (مېھىرداش) يەكۈن (نەتىجە) ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن نەتىجە ھەرىكەتنى سىۋىلىزاتسىيون دىنامىك تەرەققىي بولىدۇ، بۇنداق مىساللارنى ھالال ئىمانىيون، سىياسىيون، رېئالىيون، ئىلتىجارىيون مىساللىرىدىن كۆرۈش مۇمكىن. باشقىلارغا سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدىغان تەرەققىي ۋە تەنەففۇر، مەشغۇلاتى ئۇلارغا ئاددىي ۋە ئاراملىق بولىدۇ.

شۇڭا، ئىنسانلار خىلى، زىللى پەرقلەنگەن نۆۋەتتىكى مەشىلىتى ئالساق، مەسىلەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم مەسىلىلىرىنى ئالساق، بۇ ئۇقۇم مەزمۇن مائىنىنى چۈشەنگەنلەر ئۈچۈن ئاددىي ۋە ئاڭلىق ھەرىكەت كۈچى بولىدۇ. چۈشەنمىگەن، ياكى لىبېرالىزم، كونسېرۋاتىزم ۋە ياكى ئۇتوپىزم، رەۋۋ زونىزم دېگەندەك خاھىشلىق كىشىلەرگە ئىزتىراپ ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەش، ئىسلاھات تارىخىنىڭ مەزمۇنى بولغان سوتسىيالىزمنى، بولۇپمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيىسنى ھەقىقىي ۋە سەممىي بىلگەن ئاددىي پېرىنىپالىيون ۋە ياكى سىياسىيون ئۈچۈن خۇددى ئاسترولوگ (روھىي مۇنەججىم) بولغاندەك دەسمايىدۇر. بۇ دەسمايە ھاياتتىكى مۇشكۇلاتلاردىن ئۆتۈش ۋە ھەر خىل مەسىلىلەر ئافىيەت، ئاقىۋەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن قىممەتلىكتۇر.

مەسىلەن، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلامدىكى ھوقۇقى ئىمتىيازلىقلار ئىچىدە بىلىمگە ئەھمىيەت بەرمەي «ئىستېمالىزم» بولۇپ كەتكەن «ئانار خىنسلار»: «يۇقىرى ھۆكۈمەت نېمىنى بىلەتتى، گەپ بىلەن ئالداپ قويۇپ قولۇمغا چۈشكەننى قاپتاپ يۈرسەم بولمامدىمۇ؟» دەيدۇ، باي بولىدۇ. ئالىي قەسىردە ئولتۇرىدۇ، ئارام، ئاماشىشەگە قوزغايدۇ، ئالىي ھاراق ـ شاراب ۋە ھاكازالار بىلەن ئوينايدۇ، ھېچقانداق جازا بولمىغان تەقدىردىمۇ تەدرىجىي ھالدا ھاراق ـ شاراب، سىگارېت، پۇل، بايلىق ئۇنۇم بەرمەس كېسەللىككە گىرىپتار بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن پۇقرالار تەڭرى جازالىدى، دەيدۇ. فىزىئولوگنىڭ ئىدىئولوگ تەپسىلات بىلەن كارى بولمايدۇ. بۇنداق دىنامىكنىڭ ئاقىۋەت دەل سىۋىلىزاتسىيون (مېھىرداش) دىئالېكتىك تەرەققىينى رەت قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بولىدۇ.

## 3 ـ باب كونسرۋاتىزم ۋە سوتسىيالىزم مىساللىدىن تەتبىق

مەن بەزى ئەسەرلەردە ياكى تېلېۋىزىيە سۆھبەتلىرىدە مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق توغرىسىدىكى قاراشلارنى ئاڭلاپ ھەيران قالىمەن، دىنامىكنىڭ تەرەققىي مىللىي ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ئارىسىدا پەرق بار دەيدۇ، لېكىن تەپسىلىي مىساللاردا كۆرسىتىلگەن مەسىلىلەردە زىتلىق (رىقابەت) خاھىشلىرى مەلۇم بولىدۇ.

مەن ئالدىنقى يۈلۈمدىكى مۇناسىۋەتلىك بابلاردا كونسرۋاتىزم (ئەنئەنىچىلىك) بىلەن ئۇپسىرۋاتىزم (تەلبەنەچىلىك) ئۇقۇمىنى تاناسىپ كۆرسەتكەن ئىدىم. ئەمدى سەل تەپسىلىي شەرھلەي.

ئەنئەنە ــ ئەنسۇۋۇش، يەنى قەلبكە ئەندىز (تېندۇرما) بولۇپ كەتكەن تارىخىي ئۆتمۈش ئەسلىمىسىگە سۆيۈنۈش دېگەنلىك. تەلبەنە ــ تەلپۈنۈش، يەنى ئەقلگە، يېڭى (يۇرۇن بىلىمگەنلىكى ئۈچۈن) قىزىقارلىق تويۇلغان نەرسە، ھادىسىلەرگە تەلپۈنۈش دېگەنلىك.

شۇڭا، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋى دېگەن ئۇقۇم مۇۋاپىق ئەمەس. زامان (زامانىۋى) دېگەن نېمە؟ مەسىلەن، ھازىر 2008 ـ يىل ماي كۈنلىرى، پۈتۈن يەر شارىدىكى ۋاقىت ھېسابى ئوخشاش، مۇشۇ ھازىر ئىچىدە ياۋروپا، ئاسىيا تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قاراشلىرىدا ئوخشىماسلىق مەۋجۇت. ئاسىيادىن ياۋروپاغا (يۇرۇن ياۋروپالىق كۆرمىگەن) نەرسە بارسا، ئۇلارغا ھازىرقى تەلبەنە (تەلپۈنۈش) قوزغىشى مۇمكىن. بىراق بۇ نەرسە ئاسىيا ئۈچۈن تارىخىي ئەنئەنە (ئەنسۇۋۇش) كونا نەرسىدۇر. دېمەك، بىر زامان ئىچىدىلا، ئەنئەنە (ئەنسۇۋۇش، كونسرۋاتىزم) ئامىلى ھەم تەلبەنە (تەلپۈنۈش، ئۇپسۇرۋاتىزم) ئامىلى بولىدۇ. گەپنى ئادىيلاشتۇرغاندا، سەن بىلەن مەن ئارىسىدىكى بىلگەن، بىلمىگەن مەسىلىدۇر.

تارىخنىڭ، ھازىرنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، شەخسىيەتلەرنىڭ تەدرىجىي (ئېۋولۇتسىيون) ئۆزگىرىشىدىكى مىقدار سۈپەت ئەمەلىيەتتە ئەنئەنە (ئەنسۇۋۇش) نىڭ تەلبەنە (تەلپۈنۈش) ئامىللىرىدىن ئىبارەت.

100 يىل ئىلگىرى جۇڭگولۇق مانجۇچە چاچ، پەردىچە كىيىم يۈرەتتى. ھازىر قىسقا چاچ، كاستيۇم ــ بۇرۇلكىلىق بولدى. ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يەكتەك، بەلۋاغ، تۇماق،

دۇپپىلىق ئىدى. ھازىر كاستيۇمنىڭ يورۇقلۇقى يالاڭباش بولۇپ كەتتى، يەنى ئاسىيا ياۋروپانى دوراپ ئۆزگەردى، ئەمما بۇ ھەقىقەت پەزىلەت ۋە ياكى زىباۋىيەت (گۈزەل، گۈزەن، چىراي، چىدام) تەلەپنە (تەلپۈنۈشلىرى) ھەمدە مەجبۇرىيەت ئىقتىدارى.

ھازىر بىزدە مىللىي ئەنئەنە دېگەن گەپ ئاساسەن ئەدەبىي - سەنئەتكار ئارىسىدىكى ئۆزىنىڭ كونا دەسمايىسىنى ساقلاپ ياتىدىغان باھانىگە ئايلانغان. تەپسىلىي قارىساق، 60 ـ 80-يىللاردىكى ئەشۇ مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىمۇ 30 ـ 40-يىللاردىكىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ.

ھازىرقى مۇھىم مەسىلە كونسېرۋاتىزم (ئەنسىۋۇش) بىلەن سوتسىيالىزم (تەڭدىللەبەخش) ئوقۇمىدىكى بىللىش مەسىلىسىدۇر.

كونسېرۋاتىزم (ئەنئەنە، ئەنسىۋۇش) تەكىتلەۋاتقان مەسىلىلەر تارىخىي مەدەنىيەت، سەنئەت مىراسلىرى، ئۇنىڭدا سىۋىلىزاتسىيون (مېھىرداش) ئامىل نېمە؟ ئېكسپىلاتسىيون (قىلىپشقاق) ئامىل نېمە؟ بۇنى ئايرىش لازىم. ئايرىش مىزانى، سوتسىيالىزم (تەڭدىل يەخش) چۈشەنچىسىدۇر.

بۇ نەزەرىيەدىكى مىسال، بىر ماددىي نەرسە مىسالىنى ئالساق، دۇتتار ياكى تەمبۇر ۋە ياكى ساتارنى ئالساق، بۇ تارىخىي مىراس (ئەنسىۋۇش)، بۇنى تېخىمۇ ئىلغار، تېخنىكىلىق قىلىپ قۇرماق ھازىرقى رىۋاج (تەلپۈنۈش) بولىدۇ. مەسىلەن، گىتتارنى ئېلېكترونلۇق قىلغىلى بولغاندەك، دۇتتار، تەمبۇر، ساتارنى، قالۇنى ۋە دەستىسىدىكى قۇرۇلمىلار ئىچىگە ئېلېكترونلۇق ئامىللارنى ئورۇنلاشتۇرسا، بۇرۇنقىدەك تاراق-تۇرۇق غاژ - غۇژ بارماق ئۇرىدىغان بولماي، بەلكى تەرەننۇم تۇرغۇلىرىنى ئورغۇ - تۇيغۇن تەسەۋۋۇرى بىلەن ئالاھىدە چېكىدىغان ماھارەت تەلەپ كېلىپ چىقىدۇ. بۇنداق مۇزىكا ئىختىرا قىلىنغان ھامان ئەنئەنە تەلەپنەگە ئۆزگەرگەن بولىدۇ. بۇنداق مۇزىكىلاردىن بۇرۇنقى خەلق تېكىستلىرى رېتىملىرى تەرەننۇم قىلىنسا قىزىق، سەنئەتكارلار: «نىمىشكە ھازىر تۇغۇلمىغاندىمەن» دەپ قالسا، بۇ تەلەپنە (تەلپۈنۈش) نىڭ ئەنئەنە (ئەنسىۋۇش) نى رازىمەن ئۆزگەرتىش جەلىپكارلىقى بولىدۇ.

بۇنداق ئەھۋال بىر مىللەت ئىچىدىكى خىلى - زىلىي مۇناسىۋەتلەردە بىر ئەللىي (دۆلەت) ئىچىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتلەردىمۇ شۇنداق. دېمەك، سىۋىلىزاتسىيون (مېھىرداش) سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئۇپسىرۋاتىزم (تەلەپنە ۋە تەلپۈنۈش) مېھرى مۆكۈنگەن تارىخىي ئىممونىتسىيە (ئىلمىي تەرەققىيات) كۈچىدۇر.

## 4-باب. «ئىختىراۋى مەملىكەت» ۋە «ئىختىراۋى ئەقلىيەت» ھەققىدە

پارتىيىنىڭ 17-قۇرۇلتىيىدا «ئىختىراۋى مەملىكەت قۇرۇش» مەسىلىسىنى ئوقۇم قىلىنغانلىقى، رەھبەرلىكنىڭ جۇڭگو كونسېرۋاتىزملىق ئىستىمالىزم مەملىكىتى (ئەنئەنىۋى (ئەنسىۋۇش) يېلەكچىلىك) ۋە كىئوتىزىملىق (زېمىن ھېرابىسەلەنلىكى) كىچىكلىك بولغانلىقىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

دۇنياۋى سېلىشتۇرما تەتقىقات تارىخىي بىلەن قارىساق، ياۋروپا (يۇنان- دېموكرات دەۋرىدىن باشلاپ) ئىختىراۋى ئىزدىنىش ئەركىنلىكىنى ئىزلەپ ھازىرقىدەك ئادەرىجىگە يەتكەن. ئاسىيا ياۋروپادىن بۇرۇنقى «قىزىق مەدەنىيەت» بولسىمۇ، ئىختىراۋى ئىزلىنىش ئەركىنلىكى پەردىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ھازىرغىچە ناتوۋال كونسېرۋاتىزم تەسىرىدىن قۇتۇلالمىغان مەسىلەن، ياۋروپادىكى كىچىككىنە شىۋىتسېيە دۆلىتى سائەت ۋە نازۇك ئۇسكۇنىلەر تېخنولوگىيىسى بىلەن دۇنيا بازىرىنى كونترول قىلغان مونوپوللارنىڭ بىرى. جۇڭگو، ھىندىستان ياكى روسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر شۇنچە يوغان، ئاھالىسى شۇنچە نۇرغۇن بولسىمۇ، ئىقتىسادىي ئىپقىندىلىق تەقدىردىن تولۇق قۇتۇلغىنى يوق.

مەسىلىنى ماكرو ـ مىكرو نىسبەتتە تاناسىپلاپ قارىساق، ئىختىراۋى دۆلەت (مەملىكەت) بولماقنىڭ نېگىزى، ھەربىر ئىنسان ئىختىراۋى ۋەھىدەت (ئەقلىيەت) بولماق... ئىستىمال دۆلىتى (مەملىكىتى) بولماقنىڭ نېگىزى ھەر بىر ئىنسان يەدنىيەت (تالۋە) بولماق. مەن ئالدىنقى ئەسەرلىرىمدە ئىستىمال بىلەن ئىختىرا بالانسىلىق نىسبەتلىرىنى كەسىرى نەقىلدە، ياۋروپا $\frac{5}{3}$ ئاسىيا (جۇڭگو) $\frac{6}{2}$ دېگەن قىممەت قارىشىدىكى پەرقىنى يەكۈنلىگەن ئىدىم. يۇقىرىقى شىۋىتسېيە ۋە جۇڭگو مىسالى ئىختىراۋى نىسبەتتىكى 3 بىلەن 2 نىسبەت پەرقىدە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا، گەپنى (مىكرو مائان، ئىستىمالچى ۋەھىدەت (ئەقلىيەت) نىڭ $\frac{6}{2}$ نەقلى بويىچە باشلايلى.

ئەقلىي ئاددىي ئىنسان دۇنيا ھادىسىلىرىگە زېھنىيەت ئەينىكى بىلەن (ۋەھىدەت) ھالەتتە قاراپ، ھايۋان، ھاشاراتلاردىن ئاتاكى ئىنسانلارغىچە ھەممىسىنى يېسەم، ئىچسەم دەيدىكەن، بۇنىڭدىن ئارتۇق ھەقىقەت نەدە؟ يەۋالاي، ئىچىۋالا-

لاي، كىيىۋالاي، ئارام خۇدا يېتىۋالاي دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭ كاپالىتى بولغان ھوقۇق ئىمتىياز ئۇچۇن خۇددى يىلاندەك چەھلى ۋە قەھرى بىلەن تىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىدىن باشقا ھەممە ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلسا، ئۆزگىنىڭ ھەرقانداق ئىختىراۋى ماتېرىياللىرىنى ئىستېمال قىلىۋالسا، ھەرقانداق قارىشلىقنى رەھىمسىز يوقىتىپ، نادانلارنى ئۆزى ئۈچۈن ئىختىرا قىلىشقا زورلىسا، گوللىسا... بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەقلىيەت بولماس دەپ قارايدۇ. بىراق، يېيىلگەن، ئىچىلگەن، بەدەنگە ئېتىلغان (ماتېرىياللار قانداق پارلاۋاتىدۇ؟ بۇ سىرلارنى بىلىدىغان ئەقىل پەردىلەنگەن.

ئەمسىلى، يىلان، ئالتۇن، ئالماس خەزىنىسى بولغان كامادا ياتقان ھەتتا ئالتۇن، ئالماس توزانلىرىغا سۇ، كۆلۈپ تېرىسى چاقناپ تۇرىدىغان بولغان، بىراق ئۇنىڭدا ئىختىراۋى قوشۇۋېلىش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن، ئالماس دانلىرىنى چىرايلىق تىزىپ، ئازادە ئۇۋا قىلىشنى بىلمىگەن، ھەتتا ئالماس، ئالتۇن زەررەتلىرىنى يالاپ ئىستېمال قىلىدىغان ئەقىل بولغان بولسا، ئىنچىدە ھارارەت جانلىنىپ قانات قۇيرۇق چىقىپ پەرۋاز قىلىدىغان ئىقتىدار بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

دېمەك، ئىختىراۋى روھ قىممىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئىستېمال روھىدىكى كەمچىلىكنى، تەكشىزلىكنى بىلىپ يېتىش لازىم.

دېمەك، بىرىنچى نەزەرىيە جەھەتتە ئىستېمال بىلەن ئىختىرانىڭ (كىرىم بىلەن چىقىمنىڭ) $\frac{4}{4}$ نەقىلدەك مۇتلەق تاناسىپ ئىكەنلىكىنى، ئىستېمال بولىدىكەن، ھامان ئىختىرا مەجبۇرىيەتلىرى بارلىقىنى، ھالەت $\frac{6-2=4}{2+2=4}$ قىلىش مۇقەررەرلىكىنى بىلىش كېرەك. ئىككىنچى تېئولوگىيە (ئىلاھىيەت) بويىچە، «ئادەم» چەكلەنگەن مېۋىنى ئىستېمال قىلىپ، گۇناھى ئەزەل بىلەن دەۋزەقكە تاشلانغاندىن كېيىن، چەكلەنگەن مېۋە تىندۇرمىسى بولغان بەدەندىن ئىختىرا بولغان نەرسىلەرمۇ گۇناھى ئەزەل ئامىللىرى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئەڭ بىرىنچى (نۇن دېگەن ماھىيەتلىك) ئىختىرا دەل تەگرى چەكلىمىگەن ئىستېمال قىلىشنىڭ دېگەن بىلىق زادى نېمە؟ ئىكەنلىكىنى بىلىش، يەنى «ئون خۇماي يەزەل» نى بىلىش. ئۈچىنچى فىلوسوفىيە (زىباۋىيەت) بىلەن تارىخ ۋە ھازىرقى ھاياتقا قارىساق، مەيلى ياۋروپا بولمىسۇن ۋە زامانىۋىلىشىۋاتقان ئاسىيا، ئافرىقا قاتارلىق قىتئە، ئىقلىملار بولمىسۇن، لىبېرال ئانارخىستىك ئىستېمال ئىختىرا بىلەن تەرەققىي قىلالماي بىر- بىرىگە رىقابەتلىك خىللار، سىياسىيونلار، ژىيالىيونلار، تىجارىيونلار، ئىمانىيونلار، بىلكارىيونلار، پىدائىيونلار، مونوپول ۋە كونترول قىممەتلىك (5- 6- 7- نىسبەتلىك). ئىستېمال ئېھتىياجى ئۈچۈن ئېكولوگىيىنى بۇزىدىغان تېخنولوگىيىلەرنى، ئىدىئولوگىيىنى بۇزىدىغان زەھەرلىك ئوغلارنى، ساختا، ناچار تاۋارلارنى ئىختىرا قىلىشماقتا. ئۇن ئەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئۆزگىنى مەھرۇم ۋە مەھكۇم قىلىدىغان ھىيلە- مىكىرلەرنى ئىختىرا قىلماقتا. دېمەك، بۇ يەردە ئاتالمىش ئىختىراۋى ھادىسىلەردىمۇ يەنىلا سىۋىلىزاتسىيون (مېھرداش) ياكى ئېكسپىلاتسىيون (قىپشقاق) پەرقى مەۋجۇت.

60- يىللاردا ماۋزېدۇڭ جۇڭگودىكى ئالتۇن تەلىماتىنى تەكشىلگەن ئوكچىل ئوپۇر تونىزمنى تەنقىت قىلغان ۋە ماركسنىڭ «مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم» دېگەن تەلىماتىنى تەكىتلىگەن.

ئالتۇن تەلىماتى بويىچە (ئىنسانلار) تىرىگىنومېترىيىلىك فىزىكىرتسىيە بويىچە تەرەققىي قىلسا، ئىستېمال ماتېرىياللىرى (ئوت- چۆپ، ئوتخور، گۆشخور جانلىقلار) ماتېماتىك فىزىكىرتسىيە بويىچە تەرەققىي قىلىدۇ، يەنى ئىنسانلار تېز كۆپىيىگەنلىكى ئۈچۈن ئورۇش ئارقىلىق قىرىلىپ تۇرىشىمۇ، ئىنسانىيەت يەر شارىغا پاتماي قالىدۇ، دېگەن سەپسەتە (پەلسەپە) بولۇپ، ماركس تەنقىت قىلىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى بۇنداق مەسىلىنى ھەل قىلالايدۇ، دېگەن. بىراق، قانداق ھەل قىلىش تەدبىرىنى بايان قىلىشقا كېچىككەن. تەققاسلاپ باقتىم. ماتېماتىك فىزىكىرتسىيە تۆرتەگرى سىزىق چېكىتلىرىدىكى 2، 4، 8، 16، 32، 64 كىۋادراتلىرىدەك تۈرلەنگۈچى بولۇپ، ھەر بىر جانلىق خىلى ئىستېمال ئادىتى بىر خىللىقى بىلەن بىر خىل سىستېما ھاسىل قىلىدىكەن. ئۇ خىل بۇ خىلنى ئىستېمال قىلىپ چەكلىنىپ تۇرىدىكەن. گېئومېترىك فىزىكىرتسىيە بىر نۇقتىدىن چىققان 8، 16، 32 سىزىق نەقىلدە ئاندىن ھەر بىر سىزىق تەرەققىياتى ماتېماتىك فىزىكىرتسىيىدە بولىدىكەن. بۇنداق بىر خىل نۇقتىدىن- ئىنسان تىنى، قىنىنى ئىستېمال قىلمايدىغان مېھرداش تىنگىزدىن چىقىپ، باشقا ھەرقانداق مىنېرال ۋە تىنېرال نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىستېمال قىلىدىغان بولغاچ، چەكسىز كۆپىيىش ئېھتىماللى بار ئىكەن. بۇنداق تەھۋال چوڭقۇلۇرگە ئوخشايدۇ. خوش، بۇنى سىۋىلىزاتسىيون (مېھرداشلىق) قانۇنى ھەل قىلىدۇ؟ دېگەن گەپ نېمە؟ بۇ دەل «چەكلەنگەن مېۋىنى يېمەسلىك» ئىنسابى (كەمىنە بۇ مەسىلىنى «تون خۇماي

يەزەل» تەلىماتى ئارقىلىق بايان قىلغان). ئىنسان 5 قۇۋۋەت ئالىي جانلىق قاتلىمى، ئۇنىڭ ئاستىدا 4 قۇۋۋەت ئىستېمال ئىختىرا قاتلىمى مەۋجۇت (ئوتچۆپلەر سۇ تۇپراقنى، ئوت خورلار ئوت - چۆپنى، گۆشخورلار ئوتخورنى ئىستېمال قىلىدۇ، بۇ تەبىئەت قانۇنى. ئىنسان سالاھىيىتىگە لايىق پەقەت گۆشخورنىلا تاللاپ، پىلانلىق، ئىلمىي ئىستېمال قىلىپ ئاندىن شۇ ئىستېمال ماتېرىيال ئاساسىنى ساقلاش، ئاسراش ئۈچۈن تۆت قاتلامنى ئىختىرا قىلىش لازىم. مانا بۇ ئىنساپ ئىنسان بالانىسلىقىدىن ئىبارەت ئىلاھىي ھەقىقەت.

بۇنداق ئىگىز تۇپەيلى، ماتېماتىك فىزىكىتىسىيە بىلەن گېئومېتىرىك فىزىكىتىسىيە ئۆزىنى تامامەن ئەكسىچە ئۆزگەردۇ. يەنى 4 قۇۋۋەت جانلىق گېئومېتىرىك فىزىكىتىسىيىدە ئىنسان ماتېماتىك فىزىكىتىسىيىدە تەرەققىي قىلىدۇ.

شۇڭا، سىۋىلىزاتسىيون (مېھرداش) سوتسىيالىزم (تەڭدىللىك) نىڭ «ئىختىراۋى» دۆلەت (مەملىكەت) روھىي نىگىزىدىكى مەسىلە يۇقىرىقى ئەقلىيەت (ۋەھدەت ئەپىنكىدىكى) ئىختىراۋى روھىي «ئون خۇمايى يەزەل» نى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن شۇ نىگىزدىن چىققان سىستېما بويىچە سوتسىيالىزمنىڭ پىلانلىق ئىگىلىكىنىڭ سىياسەتلىرىنى تەتقىق، تەپتىش ۋە تەرتىپلەش مەسىلىسىدۇر.

شۇكرىكى، بۇنداق نىگىز ئىختىرا قىلىندى. ئەمدىكى مەسىلە ئېتىراپ قىلىش ياكى ئىنكار قىلىش مەسىلىسىدۇر. ئالدىمىزدا نەچچە مىليارد ئىنسان ھەرىكەت قىلماقتا... خۇددى يوگوگنىڭ تاغنى يۆتكىشىدەك، ئىنسانلاردىكى ئىستېمال جەھلىنى پىلانلىق ئىختىرا رەھمىگە ئۆزگەرتىش مۇشەققەتلىرى تۇرۇپتۇ. تەمسىلى شەخسىيەت كالىلىسىدىكى ئىستېمال پەردىسىگە تەبىئى قىلىشاق، تەشۋىشلەر، تېكىرقاشلار، ئۈمىدسىزلىك خۇددى پاغلاشقان مىڭكە پوستلاقلىرىغا، يوزەك مىڭكە كېسەللىكىگە ئوخشايدۇ. ئىختىراۋى ئىزلىنىش سىزىملىرى، رىتىملىرى بىئو ئېلېكترون بولغان ئوقۇملار (يولتۇزلار) يوكوگوغا مەدەت، مادار بەرگۈچى رەخمەت پەرىشتىلىرىدۇر.

## 5 - باب «مۇھەببەت» تىكى «ئانارخىزم مەسىلىلىرى» ھەققىدە

ھازىرقى بالىلارنىڭ ھەممىسىدە «مۇھەببەت» «تاماشا» ئەۋج ئالماقتا. بۇنى كىنو فىلىملىرى، تېلېۋىزورلار ۋە ئۇن - سىن شىركەتلىرى، ئىنتېرنېت شىركەتلىرى ھاسىل قىلماقتا. يۇقىرىدا دېگەندەك بۇنداق ئىختىراۋى ئانارخىيە (بەگۋاشلىق) زىيان ۋە ئىسراپ تارىخلىنى ھاسىل قىلىدىغان رىليابىي جىنايى ھادىسە.

مۇھەببەت - ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئىگىزى، بىراق، يۇنىڭدا بۇنى توغرا بىلىش ۋە بېجىرىشتە «10 ۋادا» مەۋجۇت.

10 ۋادا ئىچىدىكى بىرىنچى تەلەپ، ئۇنىنچى ھەلەپ، دېگەن سەۋەب نەجەپ ئىچىدىكى 8 ۋادىنى تەققاسلىساق، ئىشق (مۇھەببەت) نىڭ ئۆزى بىلىم (مۇۋەپپەق)، بىلىم (مۇۋەپپەق) بىلەن ئىشق (مۇھەببەت) نى تەكشۈرسەك، ئىلاھىي (جىنسىي، ھېسسىي تاناسىپ) ئىشق بىلەن مىزاجى (جىنسىي، ھېسسىي تاناسىپسىز) ھېرىس مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، ھازىر ئاتالمىش ئىشق (مۇھەببەت) نامىدىكى تەرغىبات مىزاجى ھېرىس (ۋىرۇس) مەسىلىلىرىدۇر. خۇددى ئەمدى ئېچىلدى دېگەن چېچەكلەرگە قونغان مىكرو تۇزانلارغا ئوخشاش جىنسىي، ھېسسىي ئىقتىدارىنى بۇزغۇچىدۇر. شۇڭا، مائارىپ، مەرىپەت، بىلىم بىلەن ئىشق توغرىسىدىكى تەلىم - تەربىيىدە مەسئۇلىيەت ھېس قىلىش لازىم.

خوش، ئىشق (مۇھەببەت) بىلىملىرى (مۇۋەپپەقلىرى) زوررۇر ئىكەن، ئۇنىڭ مەزمۇن - ماھىيىتى قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەيرەت ۋە پەقرەت مەسىلىسىدۇر. ھەيرەت - ھەيرانلىق دېگەنلىك، ئاسترولوگىيە (روھىي مۇنەججىملىك) بىلەن قاردىغاندا، جەمئىيەت ۋە مەنىۋىيەت قاتلاملىرىدا ئەقلىنى ھەيرەتتە لال قىلىدىغان تۇرغۇن مۇئەممالىق مەسىلىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ئىنسان ئېنىمىشقا بېتاپ بولىدۇ. نېمىشكە ئەرمان - دەرمان ئەكسى تاناسىپ بولۇپ قالىدۇ؟ مۇشۇنداق مۇئەممالار قوزغىغان ھالەتكە قاراشلار ھەيرەت مەسىلىسىدۇر. پەقرەت - دېگەن كەمتەرلىك، غالىپ بولسىمۇ ئۆزىنى ئاجىز، ناقىس ھېس قىلىپ، تەكەببۇرلۇق ئورنىغا تەخەييۇل (غەمكىن، ئويچان) بولۇپ، شېر تۇيغۇلىرىنى يەشمەك ئۈچۈن تەبىئەت قانۇنلىرىغا، سىۋىلىزاتسىيون (مېھرداش) ئالىملارغا تىۋىنمەك، ئۆگەنمەك جەھلى دېمەكتۇر.

ئالىپ دېمەك، ئوقۇغۇچى، ستۇدېنتلارغا تەمكىن، ھەتتا غەمكىن بولالايدىغان تەۋەھھۇم (رەھمەت شەپقەت) سىرلىرىنى ھەل قىلغۇچى تەرەننۇم (ئىقىملىق مۇزىكا مۇقام، سىمفونىيىلەرنى ئاڭقىرالايدىغان) زىلۋاۋىكا تەربىيىسى مۇھىم. بۇ جەرياندا بىلىش (ئەقلىيەت) تەرىقىسىدە دۇچ كېلىدىغان مەسىلە ۋەھدەت بىلەن غەيرەت مەسىلىسى، ۋەھدەت (بوشلۇق ۋە ۋاكۇئۇم) چۈشەنچىسى خىلۋەتتە، ئىچىدە ئەينەكتىكى تازىلاپ سۈكۈت (زېھنىيەت) قىلىش ئادىتى... تەنەففۇر (تەپەسسۇلىرىنى تەگشەش، تەكشلەش) ماھارىتى، ئاندىن ئىلھام (يەكۈن) كەلگەندىن كېيىن چېچىرىشكە، مەشغۇلاتقا غەيرەت

قىلىش مەسىلىسى، مەسىلەن، ئۆگىنىش، ئوقۇش زۆرۈر ئىكەن، كەسكىن قارار بىلەن ئوقۇش. غەيرىنى يوقىتىش، سۆيۈش لازىم ئىكەن، قەتئىي سۆيۈش دېگەنلىك ۋەھدەت — غەيرەت ئارىسىدا دۇچ كېلىدىغان بىلىش ھېرىس مەسىلىسى تەۋھىد ۋە تەركىن مەسىلىسىدۇر. تەۋھىد دېگەنلىك ھاياتلىق سىستېمىسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنسانلىق سىستېمىسىدىكى مېھرىداشلىق باغلىنىشلىرى... خىلداشلىقلىرىنى بىلىش دېگەنلىك، تەركىب دېگەنلىك بىر جىسىم بىر سىزىمنىڭ زامان، ماكان كاتەكچىسىدە (كېچە — كۈندۈز ۋەسلى سائەتلىرىدە) ئالاھىدە گەۋدىلەنگۈچى دەقىقەتلىرى (ئالاھىدە ئېھتىياج ۋە ئىقتىدار قىممەت رەقەملىرىدە (مەسىلەن، 4 بىلەن 5 ئوخشىمىغاندەك) بولىدىغانلىقىنى، بۇ ئۆتۈشنى تۇتقاندا ياشقىسىنى يوقىتىش دېگەن (فانايى ۋايا) مەسىلىسىدۇر. دېمەك، ئوقۇغۇچىلارغا زىياۋىتكا ئىلمىي يۈرۈشلۈك كلاسسىك ئاساسىي ئۈچۈن «مەنتىقۇتتەيىر» تەتقىقاتىدىن كېلىپ چىققان ئىلمىي دەرسلىك ماتېرىياللىرى زۆرۈر.

## 6-باب «رىقابەت» دىن «ديانەت» كە چىقىش يولى

يۇقىرىقى بابلارنى يېزىپ بولۇپ، ئەمدى ئەسەرنى تامام قىلاي، گەپ كۆپ بولۇپ كەتتى دەپ ھاردۇق ئېلىپ ياتسام، ياۋلات ۋە دوراپ دەرمەك دەملەنگەن چەينەك يېنىدا تامچىغان شىرنە ئەتراپىغا توپلاشقان چىۋىنلەر دىققىتىمنى تارتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىمدىكى بالىلارنىڭ بىر دەم تەمسىل قىلغان «دۇنيا ۋاۋۇرغا چىقىۋالغان پىرمان» تەسەۋۋۇرى تەكرارلاندى. ئارقىدىن مەزكۇر ماۋزۇ ئاستىدىكى ئىلھام كەلدى. قارىسام، چىۋىن دېگەن بۇ مىكرو جانلىق ئەقىل ۋە نەپسى جەھەتتە ئىنسانلاردىن نەچچە ھەسسە كامالەتلىك ئىكەن. بۇ كامالەتلەر تۆۋەندىكىچە:

1) جىسمى جەھەتتە دەقىقىپۇقى زەررىنى ئىستېمال (كىرىم)، ئىختىرا (چىقىم) تاناسىپلىقى مۇتلەق بالانسلىق بولۇپ تۇرىدىكەن. بىر زەررە ئىستېمال قىلغان ھامان، دەرھال بىر زەررە ئىختىرا قىلغاندەك مىقدار لايىقىدا «لىپ» قىلىپ ئۇچۇپ، دەرھال قونۇپ «ئىبادەت» قىلىپ قاناتلىرى، پۇت — قوللىرىنى سىلاپ، سىپلاپ ئىستېمالنى ئىختىرا قىلىپ ئىقتىدار ھاسىل قىلىدىكەن. ئىستېمال ــ ئىختىرا، ئىقتىدار ئېھتىياج ۋە قەتئىي ئىجتىھات دېگەن بەش ئۇقۇم ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەس ئىكەن.

2) ئۇنلىغان، يۈزلىگەن چىۋىن بىر يەردە بىر شىرنە ئەتراپىدا بىر — بىرىگە ياقىماي رىسقى ئۈچۈن تەلۋە مەجنۇنلۇق بىلەن ئىستېمال مەشغۇللۇقىدا يېنىدىكى قېرىندىشىنى ئۇنتۇپ قالىدىكەن. بىرى شۇنداق يېقىن كەلگەن ھامان دەرھال ئورۇن يۆتكەپ يېڭى رىسقى ئۈچۈن مەشغۇل بولىدىكەن. يەنى رىسقىنى تالىشىپ بىر — بىرى بىلەن جېدەل قىلمايدىكەن. ئەمەلدە ئىستېمال رىسقىنى تالاپ مەجنۇنلۇق بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئىختىرا بىلەن مەشغۇل بولغانلىقى ئىكەن.

قەلبىمدە، بۇ جانلىق ئارىسىدا ئېمىشقا بىر — بىرىنى يوقاتماقچى بولغان رىقابەت بولمايدۇ؟ دېگەن مۇئەمما پەيدا بولدى. چىۋىنگە ئايلىنىپ، بەدەندىكى سېزىم (ئېنېرگىيە) قۇرۇلمىسىنى تەققاسلىدىم. چىۋىندىكى سېزىم (دىققەت) ئېپتىمى رىسقى ماتېرىيال تەرەپكە تىككىلەنگەنلىكى ئۈچۈن ✳ شەكىل ئالىدىكەن. يەنى قوشنا چىۋىنلەر ئارىسىدا سېزىم (ھېسسىي) «ئىستېمال، ئىختىرا» دېگەن زەررەتلىنىش بولمايدىكەن. بۇ ⊥ دېگەن پاراللېل بولىدىكەن. چۈنكى ⊥ زەررەتلىنىشكە ئايلىنىپ قوشنا چىۋىنلەر ئارىسىدىكى «ئىستېمال، ئىختىرا» سېزىمى ھاسىل بولىدىكەن. بۇ چاغدا بىر — بىرى بىلەن «ئويناقلىشىپ» كېتىدىكەن.

3) خىيالىم ئىنسانلار ئارىسىدىكى رىقابەت سەۋەبلىرىگە كۆچتى. ئىنسان خۇدراسى ئىنسان يوقراسىنى ئىشلىتىپ، ئىختىرا قىلدۇرۇپ ماتېرىيالنى ئىستېمال قىلىدىغان ھوقۇقچىلىق خۇددى بىر چىۋىن ئۆلچىمى تۇتۇپ كېلىپ يەنە بىر چىۋىن ئاغزىغا سېلىپ قويغاندەك ھالەت بولىدىكەن. بۇنداق ئەھۋالدا ئىككى چىۋىن (كىشى) ئارىسىدىكى ئىستېمال، ئىختىرا تاناسىپلىقى بۇزۇلۇپ، $\frac{6}{2} : \frac{2}{6}$ نەقىلى بولغاندەك، جىسمى، ھېسسىي ئىقتىدار پەرقى شەكىللىنىدىكەن، ئىختىرا (چىقىم) قىلماي تەييار ئىستېمال قىلغىنىدىكى بۇزۇلۇش تۈپەيلى ھورۇنلۇق، ئاندىن تەدرىجىي چىرىش ئەۋج ئالسا، ئىستېمال قىلالماي ئىختىرا قىلىۋەرگىنىدە ئېچىرقاش (ئىستېمال قەھرى) «ماگنىت» ھالەت بولۇپ قالىدىكەن. بۇلار «رىقابەت» روھىدىكى يېمىرىلىش قاتلام تەسۋىرى.

4) ئىنسانىيەتتىكى 10 قەۋەت جەمبەرسىمان ھوقۇقى قاتلام مۇناسىۋەتلىرى 10 قەۋەت رىقابەت دېمەكتۇر. «ديانەت» لىك بولۇش مەجبۇرىيىتى مەۋھۇمدۇر.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى مۇناسىۋەت چىۋىنلەردەك ⊥ شەكىلدە بولماستىن، بەلكى ✳ شەكىلدە بىر — بىرى

بىلەن توقۇلۇپ ھېسسىي «ئىستېمال ئىختىرا» بىر - بىرىنىڭ سانى، جىنى فورماتسىيىسىنى تەشكىل قىلغان. بۇ رىقابەتلىشىشنىڭ ئومۇمىي نىگىزى، بۇنى قانداق قىلىپ «دىنىيەت قىلىش» مۇمكىن؟

E. باشلىق خادىملارنىڭ مېھنەت ئىنچىرلىقلىرىنى يېنىكلىتىش غېمىنى قىلسا، دۆلەت خەلق غېمىنى يېسە، بۇ «ياج» ئىستېمالغا جاۋابەن «كار» بالانسى بولسا؛

B. جەمئىيەت ئۆزىنى يېقىۋاتقان «تەبىئەت» ئۈچۈن بەدەل بېرىشنى شەرەپ ھېس قىلالىسا؛

K. ئىنساندا زىتلىق (رىقابەت) ئۇرۇش، قىمار ئۈچۈن سەرپ بولغان جان، مال بەدەلدىن تېجىلىق (دىيانەت) ئۈچۈن تۆلەنگەن سەرپىيات قىممەتلىك دېگەن ئەقىدەت «دىن» بولسا؛

M. ئەھلى دۆلەتتە ئارمىيە، ئەدلىيە ئۈچۈن كەتكەن سەرپىياتتىن مائارىپ، سانائەت، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق ئۈچۈن كەتكەن سەرپىيات قىممەتلىك دېگەن ئەقىدەت — سىياسەت بولسا... ۋەھاكازالار.

چۆچەككە ئايلىنىپ كەتكەن كلاسسىك ئەسەردىن بىر ھېكايەت يادىمغا كەلدى.

ئەپلاتون روھىي ئەيدىزىنىڭ ئورۇنلا ئىسكەندەرگە سىڭگەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، بىلمەسكە سېلىپ ئىسكەندەردىن سورىدى:

— فەرىدون ئۆزلىرىگە دۈشمەن تۇرۇقلۇق ئۇنى ئۆزلىرىگە ئىسيان قىلىپ تۇرىدىغان، ھونرو، توغرو ئىقلىملىرىغا پادىشاھ قىلىپ قويغانلىرىدىكى بائىس نېمىدۇر؟

ئىسكەندەر دېدى:

فەرىدوننىڭ ۋە ھونرو، توخرو ئىقلىمىنىڭ ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغانلىقى ئېنىق. بۇ يەردە چارە — تەدبىر ئىلمى لازىم بولدى. فەرىدون زالىم. ھونرو — توخرو غاپىل، ئۇلارمۇ بىر - بىرىگە دۈشمەن. فەرىدون ئۇلارغا زۇلۇم سىتەم قىلسا، ھونرو - توخرو خەلقلىرى رەھمەتلىك قوتقۇزغۇچىغا تىنۇنىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇ يەرگە دەرۋىش سىياقىدا تەكرى رەھمەتلىرىنى بايان قىلغۇچى پەيغەمبەر تەۋەتىمەن. ئۇ مېنىڭ ئادالىتىمنى تەرغىپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھونرو - توخرو پۇقرالىرى ماڭا تەلپۈنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەن فەرىدوننى چەكلەپ تۇرىمەن. ھونرو - توخرو خەلقى ماڭا تىنۇنگەنلىكى ئۈچۈن ماڭا دۈشمەن بولمايدۇ.

ئەپلاتون سورىدى:

مۇبادا فەرىدون ئۆزلىرىنىڭ مۇنداق تەدبىر كارلىقلىرىنى بىلىپ، ھونرو - توخرو ئىقلىمىگە زۇلۇم - سىتەم قىلماس ئادالەت تۇتسا ھونرو توخرو ئىقلىمى ئۇنىڭغا رام بولسا، قانداق بولىدۇ؟

ئىسكەندەر دېدى:

فەرىدون مەن بىلگەن ئادالەتنى تۇتسا، ئۇ ماڭا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ. مەن بىلەن دۈشمەنلىكى قالمىغان بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ دۈشمەنلىكنى تۈگەتمەك تەدبىرىم.

ئەپلاتون دېدى:

ئۆزلىرىدىكى ئادالەتنىڭ ئاساسى نېمە؟ ئىسكەندەر دېدى: مەن ئۆزۈمنى خۇددى دادام بىلەن ئانام قۇچىقىدىكى بوۋاقتەك سەزمەكنى سائادەت ۋە ئادالەت بىلىمەن. دادام ۋە ئانامنىڭ سائادەت ۋە ئىجىل بولماقلىقنى ئارزۇ قىلىمەن ۋە قانائەت ھېس قىلىمەن. ئۇچماق ئاسمانى دادامدۇر، تۇپراق داشقانى ئانامدۇر. ئەپلاتون دېدى:

— روھىي سەلتەنەتلىرى ئەبەدىي ئىكەن.

خىيالىم رىۋايەتتىن ھازىرقى ئىرادەتكە كۆچتى. «ئىختىراۋى دۆلەت» روھىنىڭ مىكرو نۇسخىسى «ئىختىراۋى ئەقلىيەت» بىلەن مەزكۇر دەقىقىدىكى چىقىن نەزەرلىرىمنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ باقتىم. مەزكۇر دەقىقىدە مەندىكى «جەمئىيەت» بىلەن تەبىئەت روبىرو بولۇپ ئىنسان بىلەن بولىدىغان «رىقابى»، «رىيابى» سېزىملىرىم قالماي «پاك ۋىجدان» ھالىتىگە كەلتىمەن. مىنۇتلار، سائەتلەر «ئىنسانلىق سائادىتى ئۈچۈن» سورۇلگەن خىياللار سىستېمىسى بولسا، مەندە يەنە قانداق ئىختىراۋى ئىلھاملار پەيدا بولار...؟! ئەمدى قەلەم تەۋرەشتىن توختىسۇن دەپ ياتقان ئورنۇمدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولدۇم.

## بەشىنچى بۆلۈم «ئىلمىي تەرەققىيات» قائىدىلىرىدىكى ئالاھىدە تۈرلەرگە تەتقىقات

### 1 - باب ئارىلىق دىئالوگ

S. «ئىلمىي تەرەققىيات» قارىشىنىڭ مۇددىئاسى نېمە؟

B. «ئىختىراۋى دۆلەت» قۇرۇش.

S. «ئىختىراۋى دۆلەت» مەزمۇنى نېمە؟

B. «ئىناق جەمئىيەت».

S. دۆلەت — يەنى پارتىيىلەر، ئارمىيىلەر، ئەدلىيىلەر (سىياسىي قانۇن ساھەلىرى) «تاغدەك» ئۇلۇغ ئىشتىمالسىتىك كۈچ تۇرسا، ھەتتا ئېكسپىلاتسىيون (قىيىشقاق) كۈچ تۇرسا، ئۇ قانداقمۇ ئىختىراۋى كۈچ، ھەتتا سىۋىلزاتسىيون (مېھرداش) كۈچ بولۇشى مۇمكىن؟

B. «10 قەۋەت چەمبەر» نەزەرىدىن قارىغاندا، يەر شارى مەيلى يۇلتۇزلار تەسىرىدىن بولسۇن، مەيلى ئۆزىدىكى ئېكولوگىيىلىك ئېھتىياج تۈپەيلىدىن بولسۇن، دائىم بوران ـ چاپقۇن، ۋولقانلار، يەر تەۋرەشلەر، كەلكۈن، قەھەت ئاپەتلىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ مەيلى تەبىئەت تارىخىي ۋە جەمئىيەت تارىخىدا بولمىسۇن، جاتلىق ۋە ئىنسان خىلداشلىقىدىكى «مېھىرداش» (سىنۇپلىزاتسىيە) گە كىرىزىس، ئىمتىھان بولۇپ كەلگەن. كىرىزىس (ئېنقىراز) ۋە ئىمتىھاندىن ئۆتمەك ئۈچۈن نىسپىي بىرلىكلەر (قېرىنداشلىق) يەنى نىسپىي سىنۇپلىزاتسىيە دۆلەت، مىللەت، خىللەت (كەسپىي ساھەلەر) قاتلاملىرىنى ھاسىل قىلغان. ئاپەتلەر، قەھەتچىلىكلەر ئىنسانىيەتتىكى مەۋجۇتلۇق ئىمكانلىرىنى تاللىشىش، ئىستېمال ھېرىسمەنلىكىنى ئەسىلەپ ھاسىل قىلغاچ «نىسپىي بىرلىك» ـــ «مۇتلەق زىتلىق»؛ نىسپىي سىنۇپلىزاتسىيە (مېھىرداشلىق) مۇتلەق قېيىشقاقلىق (ئېكسپلاتسىيە) گە ئايلىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە تەبىئەت ئاپەتلىرىنى ھەل قىلىش ئەكسىچە «جەمئىيەت ئاپەتلىرى ـــ ئۇرۇش ئاپەتلىرى» قوشۇلۇپ، «دەرت ئۈستىگە دەرت» دەستىلەپ «ئاخىرقى زامان» (قىيامەت) ئالامەتلىرى ئەۋج ئالدى.

«مەھشەرگاھ» ئەپسانىسى گەرچە «ئىستىلالىشىپ» كەتكەن بولسىمۇ، «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى» نەزىرىدە، ئەگرى قىيامەتتە «مەھشەرگاھ» (ئالىي سوت مۇنبىرى) نى تەسىس قىلىدۇ دېگىنىدەك، 2 ـ جاھان ئۇرۇشىدەك «قىيامەت» تىن كېيىن «BMT» (بىرلەشكەن مەملىكەتلەر تەشكىلاتى)» ۋە «گائاگا ئىنتېرپولى» تەشكىل قىلىندى: بۇ ئەمەلدە «مەھشەرگاھ» رەمزى ئىدى.

هازىر يەر شارىنىڭ قانداقلىقى بىر جايدا تالاپەت بولىدىكەن، «BMT» ياكى «ئىنتېرپول» (دۇنياۋى ئارمىيە، رازۋېتكا ۋە ئەدلىيە) ۋەكىللىرىنى ئەۋەتىدۇ. ئاپەت بولىدىكەن، دۆلەتلەرگە «ئىئانە» مەجبۇرىيەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. نەتىجىدە، «دۆلەت» ئىستېمال قىلىدىغان «بايلىق» زاپاسلىرىدىن مەلۇم نىسبەتنى «ئىئانە» ئۈچۈن «زىيان» تارتىشقا نائىلاج مەجبۇر بولىدۇ. بۇ «زىيان» بىرىنچىدىن دۆلەت ئىستېمالدىكى ئېھتىراقاشىنى، (تەقەززالىقنى) ئىختىراۋى كۆچلەرگە چۈشىدىغان تىرىشماق نىسبەتلىرىنى ئاشۇرىدۇ، نەتىجىدە «دۆلەت» كە غەم يۈكلىنىدۇ. غەمنى ھەل قىلماق تەپەككۇرى تەسەۋۋۇرى؛ سىياسەت (ئىسلاھ) تەدبىرلىرى بىر خىل ئىختىرادۇر. سىياسىيونلار ئىختىسادىي، ھېسسىياتى قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇمۇ بىر خىل ئىختىرادۇر. يەنى «پىرىزدېنتلار» ـ «دىرېكتورلار» غا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. بۇمۇ بىر خىل ئىختىرا. جىسمى مېھنەت قىلغۇچىلار: بۇنداق ھېيشىتىي مېھنەت قىلغۇچىلارنى «بىكارىيدى»، ئىشخانىلاردا بىكار ئولتۇرغۇچى «بىكارىيون» دەپ رەنجىسىمۇ. «تۇتۇننىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ...» دېگىنىدەك، «يىلىكنى خورىتقۇچى تەپەككۇر» ئىختىراۋى خاراكتېرگە ئىگە.

ئىنگلىز تارىخچىلىقى تايون: «تەبىئەت تارىخىدا ۋە جەمئىيەت تارىخىدا نەدە، كىرىزىس (ئېنقىراز) بولىدىكەن، شۇ جايدىن مەدەنىيەت مەنىۋىيەت ئېچىلىشى (ئىنقىلابى) بولغان» دەپ كۆرسەتكەن.

50 يىلدىن بۇيان سوتسىيالىزم كىرىزىسىگە دۇچ كەلدى. مەزمۇنى ئېنىق بولمىدى. مىزان شەرتلىرى پىشىلمىدى. ئەمەلدىكى لىبېرالىزم (ئەركىنلىك) ئەۋج ئالدى. ئاخىرى «ئىلمىي تەرەققىيات» مەسىلىسى كېلىپ چىقتى.

S. «ئىلمىي تەرەققىيات» يالغۇز كومپارتىيىگە ۋە ياكى جۇڭگوغىلا توغرا كېلەمدۇ؟

B. بۇ ئۇقۇم گەرچە «سەككىزىنچى چەمبەر» دىكى مەركىزىي چېكىت «بېيجىڭدىن» چىققان بىلەن، ئۇنىڭ ئۆزى (شولىسى) توققۇزىنچى، ئونىنچى چەمبەرگە بارىدىغان، ئاندىن يەتتە ئالتە، بەش، تۆت، ئۈچ، ئىككى، بىرىنچى قەۋەت چەمبەر چېكىتلەر قەدەر بارىدىغان «تەگرى ئىرادەت» ئىنكاسىدۇر. بۇنى سىز «ئون تەگرى ئىرادەت» دېگەن مەسىلىگە تەتبىق قىلسىڭىز، تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلىسىز. بۇ جەھەتتىن «مەھشەرگاھ» رىۋايىتىنى تەتبىق قىلساق، يەرشارىدىكى ھاياتلىق ئېھتىياجى» دېگەن «قازى» (خۇددى ئولىمپىيە ـ مەيدانى مېھرابىدا ياللۇنلاپ تۇرغان مەشئەلدەك) ئالدىغا تىزىلغان ئون قەۋەت چەمبەرسىمان، تەخمىنەن ئون مىليارد ئىنسانغا قاراپ $\frac{4}{4}$ كەسرى نەقىلدىكى پىلىسرات كۆۋرۈكىنى كۆرسىتىپ:

ـــ ئىنسانلارنىڭ ئەڭ چوڭى كىم؟ ـ دەيدۇ. «BMT» كاتىۋى ۋە كومىتېت ئەزالىرى ئالدىغا چىقىدۇ. قازى سورايدۇ، ـــ سىلەردىكى مەسئۇلىيەت ۋە مەنئۇنىيەت نىمە ئىدى؟

ئۇلار جاۋابەن: ـــ «ئىنسانلىق ھوقۇقى» نى يېلدۇرمەك، يەرشارى مەسىلىلىرىنى ھەل قىلماق ئىدى، ـ دەيدۇ. قازى ئۇلارغا، ـ پىلسىراتتىن ئۆتۈڭلار، ـ دەيدۇ. قالغان توققۇز قەۋەت» تىكى ئىنسانلار بۇ مەنزىرىنى كۆرىدۇ، ئاندىن نۆۋەت توققۇزىنچى قەۋەت «تەرەققىي تاپقان ئەللەر» دېگەن «ئون چوڭ جاھانگىر پىرېزدېنتلار» غا ۋە ئەمەلدار-

لارغا كېلىدۇ. ئاندىن 8 ـ، 7 ـ، 6 ـ چەمبەردىكى ئىنىشانلارغا كېلىدۇ. پىلىسراتنىڭ موللاق ئاتقانلار ۋە پىلىسراتتىن ئۆتكەنلەر ئارىسىدىكى پەرق ئاشقىچە بولىدۇ. پىلىسراتتىن ئۆتكەنلەر باھار ـ پەسىلىدىكى يايلاقلاردىكى چىمەنلەردەك، «پىلىسراتتىن ئۆتەلمىگەنلەر دېڭىزدىكى دولقۇنلاردەك مەنزىرە ھاسىل بولىدۇ.

ئەسلىدە مەزكۇر ئەسەرنى مۇشۇ جايدا تاماملاي، ئالدىنقى بۆلۈمدە تىزغان «ئىزملار» سىپلىشتۇرمىسى بويىچە كونكرېت تەتقىقاتنى ئەشۇ ساھەلەرنىڭ «نىبتىنى» يەۋاتقان مۇتەخەسسىسلەر ھەل قىلار، دېگەن ئىدىم. مۇنداق قارىشىم، تىۋىپنى ھېكىم داۋالايدۇ، ھېكىمنى تىۋىپ داۋالايدۇ دېگەندەك، «ئۆزلۈك» نىڭ چەكلىنىش ئېھتىماللىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەندىن ئېھسان بولۇپ قالسۇن دەپ بەزى «ئىزملار» بويىچە كونكرېت «ئىلمىي تەرەققىيات» قاراشلىرىنى بايان قىلاي دېدىم. خاتالىق بولسا مەخپىرەت قىلار، دەپ تىۋىندىم.

## 2 ـ باب «ئىنتېرپاكىزم» بىلەن «مىللەتارىزم» سىپلىشتۇرمىسى بويىچە

ئالدىنقى بۆلۈمدە بۇ ئۇقۇملارنىڭ خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە مائىنىسىنى بايان قىلغانىدىم. ئىنتېرپاكىزم (دۇنياۋىلىق) سوتسىيالىزم بىلەن مائانداش... مىللەتارىزم (مىللەتچىلىك) سوتسىيالىزم بىلەن كىلىشمەيدىغان لىبېرالىزم (ئەركىنلىك) نىڭ ئىپادىلىرىدىن بىرى. ھازىرقى دۇنيادا «توققۇز قەۋەت چەمبەرستان» ھادىسىلەردە «مىللەتارىزم» مەۋجۇت. بۇ ھەتتا «BMT» ئەمەلدارلىرىنىمۇ زەھەرلەيدىغان ۋىرۇس. 200 يىللىق تارىختىكى ئۆتمۈشكە كۆرە «ئارقىغا نەزەر» قىلساق، جۇڭگودا داچىڭ دىگو (大清帝国) دېگەن مىللەتارىزم ئىدى.

ئۇ ياپونىيە، ئەنگلىيە، گېرمانىيە قاتارلىق ئۇششاق «مىللەتارىزملار» نى نەزەرگە ئىلمايدىغان تەكەببۇر ئىدى. «ئەپيۇن ئۇرۇشى» دىن «يىخېتۇەن ھەرىكىتى» قەدەر 50 يىل جەريانىدا ئۇششاق «8 مىللەتارىزم» بىرلىشىپ كاتتا مىللەتارىزم «داچىڭ دىگو» نى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ۋەزىيەتنى ھاسىل قىلدى. نەتىجىدە شىنخەي ئىنقىلابى «داچىڭ دىگو» نى ئاغدۇرۇپ «جۇڭخۇا مىنگو» (جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى) قۇرۇلدى.

كېيىنكى 50 يىل (1900 ـ 1950 ـ يىللىرىغىچە) جەريانىدا يەر شارىدا 1 ـ، 2 ـ جاھان ئۇرۇشى بولدى، گېرمانىيە ۋە ياپون مىللەتارىزم (فاشىزم) ئىتتىپاقلاشقان «مىللەتارىزم» تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى، «BMT» قۇرۇلدى. كېيىنكى 50 يىل جەريانىدا ئامېرىكا (ئىنگلىز مىللەتارىزمى)، روسىيە (ئورۇس مىللەتارىزمى) ئاندىن تەرەققىي قىلىنىۋاتقان «مىللەتارىزملار» ھازىرقى دۇنياۋى ۋەزىيەتنى ھاسىل قىلدى. «پىل بىلەن شىر»، «يولۋاس بىلەن مامۇر»، «بۆرە بىلەن كالا»، «ئىت بىلەن قوي» دېگەندەك «ئىككىنچى تەبىئەت» ھادىسىلىرى چوڭ ـ كىچىك «مىللەتارىزم» مەزمۇنىنى تەشكىل قىلدى. بۇ مەنزىرە خۇددى ئافرىقىنىڭ يامغۇرلۇق ئورمىنىدىكى مەنزىرىگە ئوخشاش بولۇپ، «دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇن» ھەممىنى ئالغان سەگۈز جانلىق تاغ ئۆڭكۈرلىرىگە قاچقاندەك ۋە ئۆڭكۈردە «تەپەككۇر قىلىنىۋاتقاندەك ئىنسان ئالىملىرى زىيالىيونلارنى، سوتسىيالىزمچىلارنى ئىختىراۋى تەپەككۇرغا مەجبۇرلىماقتا. «ئىلمىي تەرەققىيات» شۇنداق مەجبۇرىيەتتىن نەجەپ» «ئولىمپىيە» كۆلىنرىدە «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى» تەشكىل قىلغان بىر نومۇرنى كۆرۈپ قالدىم، زىياسەتچى ئامېرىكىدىن گېرمانىيىدىن ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن مەشھۇر زىيالىيونلارنى سۆھبەتكە تەكلىپ قىلغانىدى. شۇنتېسىيلىك «جۇڭگوشۇناس»: «ئاتالمىش ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ياكى مىللەتچىلىك سادا ۋە نادان قاراشتۇر، ھەتتا خەتەرلىك بولۇشى مۇمكىن!.. شۇڭا، ھازىر جۇڭگوغا لازىمى «ئىنتېرپاكىزم» (دۇنياۋى نەزەر)» دېدى. يەتە بىر گېرمانىيىلىك شۇناس بىلەن ئامېرىكىلىق شىنتو دېنىت: «جۇڭگو سۆيۈملۈك ھەمدە قورقۇنچلۇق بىر مەملىكەت، دەسلەپكى ھەپتىدە ھەر كۈنى بىر رومان يېزىش مۇمكىن، بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ھېچقانداق تەسىرات يازغىلى بولمايدىغان بۇرۇقتۇملۇق قاپلايدۇ» دېدى.

مەن خىيالغا غەرق بولدۇم، ئىمكان بارىچە ئۆزۈمدىكى ئوي ۋە خۇيىنى، ھالىنى تەرك ئېيلەپ «ئاسماندىكى ئايدەك، سوتسىيالىزم (تەگدىل) روھ بىلەن ئىنسان روھلىرىنى قانداق قىلىپ ‹ئونىنچى چەمبەر سىزىقى› دىكى ‹چېكىتلەر› دەك ئىنسانىي مېھىرداش قىلىش مۇمكىندۇر؟» دەپ ئويلىدىم، نەتىجىدە مەزكۇر ئەسەر يېزىلدى.

خەنزۇچە تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىن بىرى بولغان «تارىختىن لېكسىيە» نى ئاڭلاپ يۈرەتتىم. بىر كۈنى قەدىمكى جۇڭگو ئارىستوتىلى بولغان لاۋزى (老子) نىڭ «无为» تەلىماتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تەققاسلىدىم. بۇ بىلىمدىكى «ۋەھدەت» (真空) ئىدى. «بوشلۇق» روھى بولغان ھامان مەۋجۇت زامانى ماكانى تىندۇرما بولىدۇ.

لاۋزى زامانىدا «بوشلۇق» ئىچىگە «خۇاشيا» بولغانىدى. ھالبۇكى «بوشلۇق» ئىچىگە «يەرشارى، بىر ئائىلە» دېگەن ئۇقۇم تولدى. مانا بۇ «ئىلمىي تەرەققىيات» تىنگىزى. «بوشلۇق» (无为) ئىنتېرناتسىيونالىزم (دۇنياۋىلىق) بولۇپ، مىللىتارىزم مىكروبىنى يوقىتىدىغان دورىدۇر.

ۋەھالەنكى، مىللىتارىزم (مىللەتچىلىك) نىڭ 7-، 6-، 5-، 4-، 3-، 2-، 1- قەۋەتلىرىدىكى مىكروپلىرى يەنىلا نۇرغۇن، بۇ سوتسىيالىزم (تەڭدىلىك) ۋە ئىنتېرناتسىيونالىزم (دۇنياۋىلىق) مەھرىپەتلىرى جەريانىدا تەدرىجىي ھەل بولىدىغان تارىخىي مەسىلىدۇر. مەسىلەن، ماكانىمىز شىنجاڭ «7 تەمبەر» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى). ھازىر بۇ ماكاندا 13 ئاز سانلىق مىللەت ئەمەس، بەلكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسى بار. بىزگە ئىچكىرىدىن كەلگەن «خەنزۇ» بولۇپ تونۇلغانلار، ئەسلىدە يىگىرمە نەچچە ئۆلكىدىن كەلگەن مىللەت ۋە خىللەتلەردۇر. يەنى «مىكرو مىللەتچىلىكلەر» نۇرغۇن. بۇنى بىلمەك ۋە توغرا بىلىش ھاسىل قىلماقنىڭ ئامالى نېمە؟ جىسمى ۋە ھېسسىي كاتېگورىيىدۇر. كىمكى مېھرىبان (سىۋىلىزاتسىيون) ۋە ماكان ئۈچۈن ئىختىراۋى ئىنسانىيەت بولىدىكەن، شۇ قىممەتلىكتۇر. چۈنكى، بۇ «ھۆججەت»نى مەسىلەر «ئىلمىي تەرەققىيات» نىڭ زادۇر.

ئۆمۈر تەسىراتىمدىن ئالسام، مەن 1968 - يىلى چىنتمەتكە چىقىپ، ئاساسەن يېزىلاردا ياشىدىم. بىر نەچچە يىل تەرجىمانلىق قىلدىم، مۇئەللىم بولدۇم. مەن ياشىغان جايلاردا «خەنزۇ» ئاران ئون نەچچە، ئۇيغۇرلار مىڭلاپ ئىدى. كادىرلار مۇسۇلمان (مۇلايىم) ياكى مىللەتپەرۋەر بولسا گۇڭشې (كوممۇنا)، دادۈي (چوڭ ئەترەت)، شياۋدۈي (كىچىك ئەترەت) لەردە قېرىنداشلىق (مېھرىبانلىق). تۈزۈملەرنى مۇستەھكەملىگەن سوتسىيالىزمچى كومپارتىيە ئەزالىرى بولغاندىن كېيىن تەڭدىل (باراۋەر) بولالىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بىراق ئۇلار دېھقانلارغا زۇلۇم سالاتتى، تەكەببۇرلۇق قىلاتتى. ئاخىرى ھېچنى قىلالمىدى. مىللەتچىلىك ساختا، مۇلۇكچىلىك راسىتال ئىكەن. ماركسنىڭ «ۋەتەن (مىللەت) دېگەن مۇلۇكچىلىكنىڭ ھېسسىي فورمىسى» دېگەن گېپى ھەق ئىكەن دەپ قالغانىدىم.

ئەمدى ھېس قىلدىمكى، مىللىتارىزم (مىللەتچىلىك) يەنىلا مۇلۇكچىلىكنىڭ ھېسسىي فورمىسى، فورما بولغاندىمۇ ئەبجەق فورمىدۇر. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ھېسسىياتى مۇناسىۋەتلىرى دۇنياۋىلىشىپ، ئىلىق ئۈچۈن لازىملىق خام ماتېرىياللارنى «چېگرا ئېچى» كانالى قاندۇرالمايدۇ. «تۇرۇبىلار» چېگرا ھالقىپ كەتتى. چېگرىدىن «تىلەمچىلىك» ياكى «قاراقچىلىق» بىلەن ئۆتكىلى بولمايدۇ. بەلكى ئىلىم - پىرىم ھېسابىنى بالانىسى قىلغاندا ئاندىن ئۆتكىلى بولىدۇ. ئەقەللىيسى، ھازىر ياۋروپادا، ئامېرىكىدا ئومۇمەن دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە «جۇڭگولۇقلار» ياكى «ئۇيغۇر» لار بار. بۇ ئۇقۇمنىڭ ئۆزىلا ئۇلارغا زىيانلىق. نېمىشقا؟ ئۇلار «باي بولۇپ، تاپقان بايلىقىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كېتىمەن» دەپ خىيال قىلىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ماكان ئىگىلىرى: «ئەجىبا قېنىمىنى شوراپ كەتمەكچىمۇ سەن! سەن ھاشارەتنى قوغلىۋېتەي» دەيدۇ. نەتىجىدە «غورۇرى» ئۆزىگە ئاپەت سەۋەبى بولىدۇ. ئەكسىچە سەن قايسى ماكاندا ياشاۋاتقان ئىكەنسەن، «پۇقرا» بولغان ئىكەنسەن، شۇ ماكان ئۈچۈن «خۇدرا» چاپادەتلىرى، ھالاۋەتلىرىدە بىللە بولىدىغان ۋاپاغا ۋاپا قىلىدىغان، ھەتتا جاپا چەكسەڭمۇ ۋاپا قىلىشقا تىرىشىدىكەنسەن، شۇ چاغدا جاپاغا راھەت كېلىشى مۇمكىن.

## 3 - باب گېئوتىزم ۋە گېپوتىزم سېلىشتۇرمىسى بويىچە

مەركىزىي ئۇقۇملارنى ئالدىنقى بۆلۈمدە شەرھلىگەندىم. يەنى گېئوتىزم - گېئولوگىيە ئۇقۇمىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، ئۇيغۇرچە «زېمىن ھېرىسمەنلىكى» دېمەكتۇر. گېپوتىزم - گېپوتىزم ئۇقۇمىدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، «زېھنىن ھېرىسمەنلىكى» دېمەكتۇر.

گېئوتىزم (زېمىن ھېرىسمەنلىكى) تارىختىن بۇيان «توقۇز قەۋەت» ماجىرىسىنى پەلەكلەر سەۋەبى بولۇپ كەلگەن ئىنسانلار قەبىلىۋاز - قۇلدارلىق دەۋرىدىن باشلاپ، خۇددى ھايۋانلار «ھېد چېگرىسى» سىزغاندەك، چېگرا بەلگىلەپ «دۆلەت زېمىنى» ئەنئەنىسىنى ئاساس قىلغان ۋە ماكان تالىشىپ ئۇرۇشۇپ كەلگەن. بۇ قەدىمكى ئىپوتۇرا ئەسىرلەردىكى ناتۇرال ئىگىلىك دەۋرىدە ھەل قىلىش مۇمكىن بولمىغان «تەكرى ئىرادەت» ئىدى. كاپىتال ئىگىلىك دەۋرىدە سانائەت ۋە تېخنولوگىيە ئىقتىدارى بۇ مەسىلىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، «گېپوتىزم (زېھنىن ھېرىسمەنلىكى)» مەسىلىسىنى ھاسىل قىلدى. 200 يىللىق تارىختا ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، پورتۇگالىيە سودا كېمىلىرى جۇڭگو قىرغاقلىرىغا كەلگەندە توسۇلدى، بازار ئاچقىلى قويمىدى، نەتىجىدە ئۇرۇش بولدى. «ئەجنەبىيلەر» قوغلاپ چىقىرىلدى. بىراق، ئۇلارنىڭ سانائەت دۇربۇن قاتارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى «داچىڭ دىگو» خانلىرى، ئەمەلدارلىرى ئىشلىتىپ ئېلىۋېلىش كويىغا چۈشتى: «ئېلىۋېلىش» بىلەن قىلتاققا چۈشتى. ئەمەلدارلار پارىخورلاندى. «تەيپىڭ» ھەرىكىتى، «يىخېتۇەن» ھەرىكىتى، «شىنخەي ئىنقىلابى» بولدى.

هازىرقى زامانغا كېلىپ «كىچىككىنە سائەت»، «ئۇششاق يانفون» قاتارلىق سانائەت تېخنولوگىيە ماتېرىياللىرى مىليارلاپ ئالتۇنلارنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى ھاسىل قىلماقتا. بايلىقنى، «تالانتلار»نى تارتىپ كەتمەكتە. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ دەل گېپوتىزمنىڭ غەلىبىسى.

«گېپوتىزم» (زېھنىي ھېرتىسمەنلىكى) بىر خىل زېھنىي كۈچى، ئەتىقىق ئەدىبىي پەھمى كۈچى. بۇنىڭ ۋەزنى كۈمۈت، چىنۋىندەك بولغىنى بىلەن، پىلدەك، يولۋاستەك بەدەنلەرنى «پارالىچ» قىلىدىغان ياكى «جەسەت»نى تىرىلدۈرىدىغان كۈچتۇر. بۇ كۈچ ئۈچۈن ماكان – زامان كۆچۈش ھاجەت ئەمەس، بەلكى ماتائنى كۈچتۇر. ئارزاق ماتېرىيال (پاكىت) ئارقىلىق مەنتىقى ھېسابلاش ئارقىلىق نىشاندىكى ماكان نېمىگە موھتاج؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماكان نېمىنى بېرىدۇ؟ ھېرىسى قوزغۇتۇلغاندىن كېيىن، خۇددى كونۇپكا بېسىلسا دىۋگانىل رەڭنىكەتكە كەلگەندەك، بۇرۇن مىليون ئارقىلىق ئىنسان بەدەل قىلىپ ئالالمىغان نەرسىلەرنى بىكارغىلا بىرلۇبىتىدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولىدۇ.

مەسىلەن، بۇرۇن ئورۇشتا بىر ئەچچە جەڭچى ئەسىر بولسا، ئۇنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن ئۇرۇش بولاتتى. ھازىرچۇ؟ مىليادىر بايلار، تالانتلىق ئالىملار ئۆزلۈكىدىن «ئەسىر» بولماقنى تاللىشىپ «پۇل» خەجلەپ، قۇللۇقنى سېتىۋالىدىغان بولدى.

خوش، گېپوتىزم (زېھنىي ھېرتىسمەنلىكى) شۇنداق سىرلىق ۋە مۇقەررەر كۈچ ئىكەن، ئۇنداقتا ئالىي «گېپوتىزم» نېمە؟

«ئۇنىنچى قەۋەت چەمبەر شىزىقىدىكى چېكىت» يەنى ئاي بىلەن ماھ تىك سىزىق بولغان چەمبەر يەنى ئىپھسانىشۇناسلىق، سەن قوملۇق شەھىرىدە تۇرغان بولساڭ، «بولاق» ئىچىپ كۆچەت تىك! باغ قىلىپ ئارام تاپ، مېۋىسىنى رىسقى بولغانلارغا ھىممەت قىل... بۇ روھ — زۇلقەرنەيىن تەختى، قەرىدون ھەشەمىتىدىن ئەلا.

## 4 – باب گېنوتىزم ۋە تېررورىزم سېلىشتۇرمىسى بويىچە

ئالدىنقى بۆلۈمدە شەرھلەنگەندەك، گېنوتىزم گېناتىكا ئۇقۇمىدىن تۇغۇلغان، گېن پەرۋىشكەشلىكى دېمەكتۇر، تېررورىزم — تەھدىتكەشلىك دېمەكتۇر.

ھازىرقى مەزگىلدە تېررورىزم (تەھدىتكەشلىك) ئاساسەن غەربىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى «ئەل قائىدە» كۈچلىرىگە بولۇپمۇ ئافغان، ئىراق، پاكىستان، ھىندىستاندىكى، ئاندىن لىۋان، ئىسپانىيىدىكى، ئومۇمەن ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى «ئىنسان بومبىلار» مەسىلىسىگە قارىتىلغان.

نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتە، تەبىرگە ئاساسلانغاندا تېررورىزم ئامىللىرى ھەر خىل ئىزچىل رەۋىشتە، «قاپ تېررورىزم»، «ئاق تېررورىزم»، «قىزىل تېررورىزم»، «سېرىق تېررورىزم» دېگەندەك بۆلۈنۈشنى ئەققىد قىلغۇچى ئوبزورلاردا ھەددى-ھېسابسىز كۆمۈتلاردەك ئۈچۈپ يۈرگەن ئۇقۇمدۇر.

ماكروئولۇق نەزەرىيىدىن سېلىشتۇرساق، خرىستىئانلىقنىڭ «ئىسلامىيەت ئىچىدىكى قارا ملىقنى تېررورىزم» دېگەنلىكى نەزىرىيىۋى مۇنازىرىلىك مەسىلىدۇر.

ئامېرىكىلىق ئايال پوپ كاملە خانىمنىڭ «باباۋاندىكى بولاق» دېگەن خرىستىئانلىق رىسالىسىدە، كىرىستقا مىخلانغان «مەسىھ»نى ئەڭ ئالىي ھەربىي قوماندان «ئىنسان جەڭچىدۇر» دېيىلگەن.

كىرىستقا مىخلانغان مەسىھ نېمە ئۈچۈن ئالىي ھەربىي قوماندان بولىدۇ؟ ئۇنىڭ پۇت-قولى باغلانغان، تىلى كېسىلگەن، پۈتۈن بەدىنى يېرىلىپ كەتكەن تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداق قەھرىمانلىق ئەقلى بولسۇن؟ ئاپتاپ كۆيدۈرىدۇ، سوغۇق توڭلىتىدۇ، ئىلاجى يوق، چىۋىنلەر، كۆمۈتلار چاقىدۇ، ئىلاجى يوق، ئىلمىگىلەر ھارامدىن بولغان دەپ تىلايدۇ، قايتۇرما جاۋابى يوق، ئۇنىڭ بىر ئىمكانىيىتى چىدام، ئاتىسى (تەبىئەت قانۇنلىرىدىن) كەلگەن ئىلھام، مانا بۇ ئالىي ئىنسانپەرۋەرلىك روھى. ئىنسانلار تەبىئەتكە كۆرە جەڭچى (ئوۋچى)، جەمئىيەتكە كۆرە مەسىھ تېپىندىكى بىر ھۆججەيرە، بىر-بىرىگە رەھىم بىلەن يېقىن قىلىپ ئەقىل ئىزدىگۈچى، مۇشۇنداق مەۋقەدىن تۇرۇپ قارىغان ئوبزورچى نېمە ئۈچۈن ئىسلامىيەت ئىچىدىكى قارا ملىقنى ئەيىپلەشكە موۋەپپەقلىق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا «مۇقەددەس قىلىچ» باھانە بولغان. قىلىچ دېگەن يېتىغ، كىشىنى قولىدا تىغ بولغان ئىكەن، ئەقلىي تىلدىن كۆرە «تىغ»نى بۇرۇنراق گەۋدىلەيدۇ. قولى بۇرۇنراق قىلىچ سېپىنى سىلاپ قالىدۇ... بۇ بىر خىل ئەقلىي ئاجىزلىق... قىلىچ (تىغ)نى ھايۋانات ئوۋلاش ئۈچۈن قورال قىلىش مۇمكىن، بىراق ئۇنى ئىنسانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىش مەڭگۈلۈك گەۋدىلەنگەن.

«كىرىستقا مىخلانغان مەسىھ» دېگەن ئالىي قوماندان بىلەن «قىلىچ تۇتقان ئالىي قوماندان» مەھشەرگاھ ئالدىدا بەھس قىلغاندا، ئىنسانلىق روھى نىسبەتلىرىدە «قولىدىكى قىلىچ» تىن ئىبارەت پاكىت ئارقىلىق ئوتتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە بايرىقى «ھىلال ئاي» بولغان ئىسلامىيەت ئەھلى بۇ مەلۇماتنى كۆرۈپ «تولۇن» بولغان ئەقلىي كۆزىدە مەسىھ بىلەن مەھدى ئەسلى بىر روھنى ۋۇجۇت ئىكەن، دەپ قالىدۇ.

كەمىتە «ئون خۇماي يەزەل» شەرھى بايانلىرىدا «ئۇ- چىنچى گۇناھ — تەڭرىدىن قورقۇش» مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ: «تەڭرى (تەبىئەت) رەھىمەتلىك ۋە شەپقەتلىك، بەندىنى قورقۇتۇشقا موھتاج ئەمەس. قورقۇش ۋە قورقۇتۇش پەقەت بەندىلەر ئارىسىدىكى ھوقۇقى مۇناسىۋەتتۇر. تەڭرىنىڭ يەزلى قورقۇتۇش ئەمەس، بەلكى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوزغۇتۇش، تەڭرى نەزەردە خاتالىق — پەقەت راۋانلىقنى بىلدۈرگۈچى ئىلھام» دېگەنىدىم.

«زەڭدار تېررورىزم» مىساللىرىغا كەلسەك، بۇنداق ئا- مىللار يارلىق ئارمىيە، رازۋېتكا، ئامانلىق، مەخپىيەت قىسىم- لىرىدا ھەتتا يارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ھەتتا قىياۋى، زىناۋى لۈكچەكسىمانلىقنىڭ ھەممىسىدىكى «ۋىرۇس»، «تېررورىزم» بىلەن «گېنوتىزم» تىگى — تەكتىدىن ئالغاندا، فىزىئولوگىيە- لىك پىسخولوگىيىلىك مەسىلىدۇر.

ئەشەددىي بىرىتقۇچ «ھايۋان شاھى» شىرنى ئالساق، ئۇنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرى تاشنى ئۇۋاپ شۆلگىيى تاشنى خېمىر قىلىشى مۇمكىن. بىراق ئۇ «مىر» (كۈچىنكى) نى ئا- ۋايلاپ چىشلەپ، شۆلگەي بىلەن يالاپ پەرۋىش قىلىدۇ. بۇنداق بىر نەرسە (ھادىس) تىكى ئىككى خىل ئۇنۇم تەپرەت بىلەن شەپقەت ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى «كۇنۇپكا» بىلەن كونترول قىلىنغان.

«تىپىك ئىنسان» شۇنداق بىر خىل فىزىئولوگىيە ۋە پى- سىخولوگىيىدۇر. شىر پىلنىڭ يوغان سۆڭەكلىرىنى پارچىلاي- دۇ. ئىنسان قەھرى تاشنى سۇندۇرىدۇ. شىرنىڭ رەھىمى- سىرلىرى ئۇيناقلاپ چىشلەپ سالسا، بەدىنىنى سەل مىدىرلى- تىپ قويىدۇ. بۇ رەھمى كۈچى، دېمەك بىز ئىنساندىكى ئەقلىي ئاجىزلىق «روھىي شەپقەت» بىلەن «قەھرى نەپرەت» مەنتىقىنى بىلمەسلىك، مېڭىمىزدىكى «كۇنۇپكا» نى توغرا ئىشلەتمەسلىكتىن ئىبارەت. گېنوتىزم (گېن پەرەس- ۋىشكەشلىكى) مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدۇ. مەن يات — يات «مەركىزىي تېلېۋىزور ئىستانسىسىنىڭ» 7 — قانىلى ھەربىي پروگراممىلارنى كۆرۈپ قويىمەن. پروگراممىلاردىكى تورى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ھەربىي ئىشلاردىكى قاراشلى- رى خېلى مۇۋاپىق.

ئىراق، ھەربىي مانېۋىر فىلىملىرىنى كۆرگەندە ھەربىي- بىلەر مىزاجىدىكى رېفلېكس (سىتىخىيە) مەسىلىلىرى بويىچە دىرىژورلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. ئۇلار دۈشمەنگە نەپرەت «رېفلېكسلىرى بىلەن قىرىنداشلىرىغىمۇ غەزەپلىك، لۈكچەكلىك، ھومۇيۇش، دەرھال مۇشتلاشماق مىزاجىغا ئادەت بولۇپ قالغان. بۇ نېمە ئۈچۈن دەپ تەپەق- قاسلىسام، دىرىژورلار «لىبىرال دۇنيا» فىلىملىرىنى كۆرۈپ ئەسلىدە تەنقىتلىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلەرنى دوراپ قالغان. گو- مىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ئۇرۇش قىلغان يىللاردىكى «ئۈچ چوڭ ئىنتىزام، سەككىز دىققەت» نى، «تۆت چوڭ ئىنتىزام، ئون دىققەت» قىلىدىغان ئىختىراۋى روھنى يايقىيالمىغان. بۇ ئىككى دىققەت نېمە؟ قېرىنداش جەڭچى ئۇرۇپ سالسا «بولقىغا سەندەل» بولماق، ھەتتا «قولۇڭ ئاغرىپ قالدىمۇ» دەپ تەسەللىي بېرىدىغان ياكى «ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرسا سول يۈزۈڭنى تۇتۇپ بەر» دەيدىغان چىدام روھىدۇر.

دېمەك، گېنوتىزم (گېن پەرۋىشكەزلىكى) ئۇن سۈپەت- لىك «ئىنسانىي ماھىيەت» نىسبەتلىرىدە دېموكرات ئىنسان، سوتسىيالىزم ئىنسان ئىختىرا قىلماق نەزەرىيىسىدۇر.

كونكرېتنى تەجرىبە خۇددى نەھرۇل ھەرە تېنىدىكى چەمبەر سىزىقىدەك «بەلدەملەر كەبى، 10 قەۋەت زىھنىي كۈچى» — قاچان غەزەپلىنىش، قاچان ئەدەپلىنىش، قاچان غەمكىن بولۇش، قاچان تەمكىن بولۇش، قاچان ئەركىن بولۇش دېگەندەك رېفلېكس تۈگۈنلىرىنى قانداق بېشىش، قانداق چېگىش لازىملىقىنى مەشقلەش مەسىلەن، قاپلان- دەك يامان گۇمپىچىنىڭ ئادىل ھوشۇردەك سىم ئۈستىدە ما- ڭالىشى، ياتالىشى ناتايىن. ئۇن كىشىنى ئۇرۇپ يىقىتقان پەلۋاننىڭ ئېتىزدا دېھقان ساپەتلەپ كەتمەن چاپقاندەك بو- لالىشى ناتايىن.

ھېس قىلىمەنكى، سوتسىيال جەمئىيەت ھەربىي جەڭ- چىسى تاكى گېنېرالى قەدەر تەكەببۇرلۇق — تەنەززۇللۇق دېگەن ھىكمەتنى بىلىش مۇھىم.

## 5 — باب ئىمونىتسىيە ۋە پروگرېسسىيىنىڭ سىپلىشتۇرمىسى بويىچە

ئىمونىتسىيە (روھىي مۇقىملىق) بىلەن پروگرېسسىيە (روھىي ئىلگىرىلەش) ھازىر بىز دائىم تەكىتلەۋاتقان «مۇقىم- لىق ۋە تەرەققىيات» دېگەن شۇئارنىڭ لاتىن تىل نۇسخى- سى. خىرىدارىمنىڭ، مەندىن نېمە ئۈچۈن ئاتايىتەن لاتىنچە ئۇقۇمنى ئەسكەرتىش سەۋەبىنى سورايدىغانلىقى ئېنىق. مې- نىڭمۇ مۇددىئايىم دەل مۇشۇ.

مەملىكىتىمىزدە 20 يىلدىن بۇيان «مۇقىملىق» (稳定) بىلەن «تەرەققىيات» (发展) ئۇقۇملىرىنىڭ دىئالېكتىك مۇ- ناسىۋىتى ھەققىدە كۆپ مۇنازىرە بولغان. بۇ مۇنازىرە مەز- مۇنى، ئۇ بولمىسا بۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بۇنىڭ بىر — بىرىگە تۈرتكە بولۇش مۇناسىۋىتى بار دېگەن گەپلەردۇر. ۋەھالەنكى، ھەرقانداق ئۇقۇم ۋە مۇناسىۋەت سۈپەتلىرىنىڭ

ماكرولۇق (جەمئىيەت) مىكرولۇق (شەخسىيەت) بويىچە مەزمۇنى بولىدۇ. مۇبادا شەخسلەر (خىلمۇخىل ئەقلىي پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن) چۈشەنچىدە خاتالىق كەمتۈكلۈك بولسا، ئۇقۇم ۋە مۇناسىۋەتلەردە خاتا ۋە زىيانلىق تەدبىق بولىدۇ. ئاندىن جەمئىيەتكە زىيانلىق ئامىل بولۇپ قالىدۇ.

ئىمونتىسىيە (روھىي مۇقىملىق) بىلەن پروگىبىسسىيىنىڭ (روھىي يېڭىلىق) تېببىي جەھەتتە بەدەن ساغلاملىقى ۋە ئۆسۈپ — يېتىلىش ئامىللىرى دېمەكتۇر. مەسىلەن، ئىمونىت (روھىي مۇقىملىق) كۆپىنچە سوكوت (زېھىن) ئىچىدە تەكلىك، تەكشىلىكتى ئىختىرا قىلىش، ۋىرۇس تۇسالغۇسىنى چېقىرىپ، تومۇر نىبزىپ راۋانلىقىنى، ئامانلىقىنى ساقلاش بولىدۇ. پروگىبىسسىيە (روھىي يېڭىلىق) سوكوت ئىچىدە تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر، جۇملىدىن تەنەففۇرنى «مەنتىقىلىق (تەرتىپلىك) يېڭىلاش، (خالىغان سىزىم ۋە پىكىرنى تاللاش) بولىدۇ.

ھېكمى جەھەتتە (بۇ ئەلۋەتتە ماكرولۇق جەمئىيەت ئۇقۇملىرى) قانۇن، ئەخلاق كۈچى، بۇ ئاساسەن ئامنىيە، ئەدلىيە (سىياسىي قانۇن ساھەسى) — جەمئىيەت مۇقىملىق (ئىمونىتسىيە) بولىدۇ. سىياسىي تىجارى (ئىقتىسادىي، ھېسسىياتى) ساھەلەر ھەرىكىتى، ئۆزگىرىشلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتى (پروگىبىسسىيە) بولىدۇ. ئەزەرتىندە بۇ ئىككى ئۇقۇملۇق كاتېگورىيە دىئالېكتىك باغلانما دېسەكمۇ، ئەمەلىيەتتە ئىككى ئۇقۇم ئاستىدا جەمئىيەتتىكى تۇرغۇن ئىنسانلارنىڭ كەسپى (خىزمەت) ئېھتىياجى يەنى ئىستېمالنى مەسىلىلىرى مەۋجۇت بولغاچ، دائىم ئىمونىتسىيە (روھىي مۇقىملىق) بۇزغۇچى قانۇنسىزلىق ۋە ئەخلاقسىزلىق جىنايەتلىرى، خىلاپەتلىرى بولۇپ تۇرىدۇ ۋە بىر — بىرنى ئىنكار قىلغۇچى بىر — بىرى بىلەن قىيىشقاق (ئېكسپىلاتسىيون) ھەرخىل تەرەققىيات (پروگىبىسسىيە) بولۇپ تۇرىدۇ.

دېمەك، «ئىلمىي تەرەققىيات» (پروگىبىسلوگىيە) بولىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا «ئىلمىي مۇقىملىق» (ئىمونىتلوگىيە) ئۇقۇمى تۇلىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتمۇ ھەجمى يوقىرىقى بارلىق مەزمۇنلارغا توغرا كېلىدىغان دەرىجىدە يوغان ھەجىملىك مەسىلىدۇر. شۇنداق بولسىمۇ، ئاساسىي مىلۇدىيە يورۇتۇلغانلىقى ئۈچۈن بۇ جەھەتتە قىسقىچە تەتقىق يەكۈنلىرىنى بايان قىلاي.

ئىمونتىسىيە (روھىي مۇقىملىق) بىلەن پروگىبىسسىيە (روھىي يېڭىلىق) يەنە بىر ئۇقۇم دېموكراتىيە (ئەل ئارازەتچىلىكى) بىيوركراتىيە (بەگ ئارازەتچىلىكى) ئۇقۇملىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تارىخىي جەھەتتىن ئالايلى، بۇنىڭدىن 200 يىل بۇرۇن «ئىتالىيە ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى» (مىسال- دانتىنىڭ «ئىلاھىيەت كومېدىيىسى» دېگەن داستانىنى ۋە گىيوتى ئەسەرلىرىنى، رۇسسو ئەسەرلىرىنى نامايان قىلغان) بىلەن ياۋروپا، ئامېرىكىدا كاپىتال دېموكراتىيە باشلاندى. «ئىنجىل» روھىدىن تۈزۈلگەن كونستىتۇتسىيە (ئاساسىي قانۇن) ئىمونىتسىيە (روھىي مۇقىملىق) نىگىزى قىلىندى. بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ۋاشىنگتون تۈزۈپ بەرگەن جۇمھۇرىيەت قانۇنى 200 يىلدىن بۇيان ئۆزگەرمىدى، يەنى دۆلەتكە قارشى ئىنقىلاب بولمىدى. بەلكى پەقەت ھۆكۈمەت مەمۇرلىرىنى قارارلىق ئۆزگەرتىش سايلام ئىسلاھاتلىرى بولۇپ تۇردى. چۈنكى، دۆلەت ھۆكۈمەت دېگەن ئابستراكىت بولۇپ، ھوقۇقى شەخسىيەتلەر روھىي (تەرەققىيات) كونكرېتنى مەسىلە بولغاچ، ھوقۇقى روھلارنى يېڭىلاپ تۇرغۇچى پروگىبىسسىيە ئىمونىتسىيە (مۇقىملىق) ئاساسى بولدى.

جۇڭگودا 100 يىلدىن بۇيان ئىككى پارتىيىنىڭ دۆلەت ھوقۇقى ئۈچۈن كۈرەشلىرى بولدى. 50 يىلدىن بۇيان دۆلەت باشقۇرۇش يولى (لۇشيەن) ئارىسىدىكى كۈرەش ئۈزۈلمىدى، يەنى ئىمونىتسىيە (روھىي مۇقىملىق) مۇتلەق مەزمۇن ئالالمىدى. پروگىبىسسىيە (روھىي تەرەققىيات) ئىلمىي بولالمىدى. ماتا ئەمدى، ھازىر پروگىبىسسىيە (تەرەققىيات) ئىلمىي مەسىلىسى بايان قىلىندى. بۇ مۇقەررەر ھالدا ئىمونىتلوگىيە (ئىلمىي مۇقىملىق) ئۈچۈن ئاساس بولدى.

بىز بۇرۇن ۋە ھازىرمۇ قانۇن ۋە ئەخلاقىي ساھەدىكى (ئامنىيە، ئەدلىيە) كۈچلىرىنى ئىمونىتسىيە (روھىي مۇقىملىق) كۈچى دەپ خۇراپىلارچە چۈشىنەتتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پروگىبىسسىيە (روھىي تەرەققىيات) چۈشەنچىسى قانداق — ھاياتلىق، قانۇن ۋە ئەخلاق قاراشلىرى ئىستېمال، ئىختىرا، ئېھتىياج، ئىقتىدار قاراشلىرى قانداق؟ بۇنىڭ ئۆزى — ئۆزىگە قانداق تەسىر قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىدە دىنامىكىلىق ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى، ئارمىيە ئىنتىزامى، ئەدلىيە ئىنتىزامى تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، دىئالېكتىك چوڭقۇرلۇق يېتەرلىك بولمىدى. «ئىنتىزام پرىنسىپلىرى ئېنىق ۋە قېنىق» بولمىدى.

مىسال ئالايلى، ئىراق سەھرالاردا ساقچى پونكىتى ۋە ئامانلىق ساقچىلىرى بار دەيلى، يولدىن بىر ئېشەكلىك دېھقان ئېشەكنى قىنىغ تۇشۇپ كېتىۋاتسا، ساقچى باللارنىڭ بىرەر نەرسە ئۇندۇرۇۋالغۇسى كېلىپ قەستەن ھالدا: «ئېشەك يولغا تېزەكلەپ تازىلىق قانۇنىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى» دەپ جەرىمانە قويىشا جېدەل چىقىدۇ. «ئۇششاق ئىمونىت» (مۇ-

قىملىق) يۇزۇلىدۇ. بۇنداق ھۆججەت يۈزى ھادىسى نەزەرگە ئېلىنمىسا، بۇنىڭدىن يوغانراق ئىلىرىنى مۇخبىرلار ئەزەردىن ساقىت قىلىسا «ئىنتىزامسىزلىق» كۆپەيسە، يوغان مۇقىمسىزلىق (ئىمونىت كەملىك) كېسىلى قوزغىلىدۇ.

كەمىنە، يۇرتۇن سىياسىي قانۇن ساھەسىدە ئىشلىگەن بۇرادىرىمنىڭ كېسەل بولۇپ قالغان ئەھۋاللىرىنى تەققاسلاپ كۆرگەن. ئۇلار پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە سادىق ئىدى. دۆلەت مەنپەئىتى — مېنىڭ مەنپەئىتىم، ھوقۇق — غۇرۇرۇم. دەپ قارايتى. گۇناھكارنى «دۆلەت، جەمئىيەت دۈشمىنى» دەپ قارىغاچ، گۇناھكار خۇددى ئۆزىنى ئۇرغاندەك قىساس غەزەپ بىلەن گۇناھكارنى ئۇراتتى. گۇناھكارنىڭ جانغا تۇتىغان قەھر ئوتى پارلاپ، ساقچى بۇرادىرىمگە قونۇپ، تەدرىجىي ئاغرىنىپ قالغان ئىدى. بۇ نېمە سىر؟ دەپ تەپەككۇر قىلدىم.

بىر دۆلەت (ماكان) ئىچىدە ياشىغان ئىنسان، شۇ دۆلەت پۇقراسى. پەرقى پەقەت كەسپى (ھوقۇق) ئوخشىماسلىقى، خاتا ۋە گۇناھنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە قارشى بولۇشى ناتايىن. ئەمەلدىمۇ خاتا ۋە گۇناھ يەنىلا ئىنسان ئارىسىدىكى مەنپەئەت توقۇنۇشلىرى. ھېس قىلدىمكى، ھوقۇقى بۇرادەر ھوقۇقىنىڭ — خىزمەت ئىگىلىكىنى، ئۇنىڭدىكى قىممەت قانۇنى) بولۇش ئىگىلىكىنى بىلمىگەن. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش»نى خەلقنى خىزمەت قىلدۇرۇش دەپ قارىغان، قول (تىغ) ئىشلەتمەي، (تىل) ئىشلىتىپ ھەل قىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىگە ئەقلى يەتمىگەن.

مېنىڭچە مۇشۇ ئاددىي مۇلاھىزىدىن (ئىلمىي تەرەققىيات (پروگېنلوگىيە)، «ئىلمىي مۇقىملىق» (ئىمونىتلوگىيە) قانچە مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش مۇمكىن.

ئومۇمەن، مەملىكىتىمىز ھازىر سوتسىيالىستىك دېموكراتىك دۆلەت، يەنى تەڭدىل بەختىنى نىشان قىلغان ئەل نازارەتچىلىكى بولغان دۆلەت، دۆلەت — خەلقنىڭ يەنى دۆلەتنىڭ ھىمايە قىلىدىغان 1 مىليارد 300 مىليون ئىنساننىڭ كىم، قەيەردە، قانچىلىك ئۆزىدە خىزمەت مېھنەت ئورنىدا تۇرىدىكەن، شۇ جايىنىڭ مۇقىملىقى، تىنچلىقى ئامانلىقى دىگەن ئىمونىتسىيىگە ئېھتىياجلىق ۋە شۇ ماكاننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارزۇسىدىن ئىبارەت پروگېسسىيەنى ئىقتىدار قىلىدۇ. مەمۇرىي كادىرلارنىڭ «ئەلگە ۋاكالىتەن» نازارەتچىلىكىنى شەكىل ۋە رەسمىيەت. ئۇلار بۇ شەكىل ئىچىدىكى ۋەزنى مەزمۇننى تەققاسلاپ قارايدىغان بولسا، مائاش — ئورۇن، ھوقۇق — غۇرۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە «ئەلنىڭ چىنلىرى» (تەگرى پەرىشتىلىرى) مەۋجۇتلۇقىنى بىلىدۇ. «ئەل بىلەن بەگ» مۇناسىۋىتى خۇددى بىر بەدەندىكى تەن بىلەن زېھن (زېھىن) مۇناسىۋىتىگە ئوخشايتۇ.

## 6 - باب دېموكراتىيە ۋە بيۇروكراتىيىنىڭ سېلىشتۇرمىسى يويىچە

ئالدىنقى بۆلۈمدە دېموكراتىيە (民主)، بيۇروكراتىيە (公官) ئۇقۇملىرىنىڭ «ئەل نازارەتچىلىكى» ۋە «بەگ نازارەتچىلىكى» دەپ تەبىرلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدىم. ئەمدى ئەمەلىيەتتىكى تارىخىي سېلىشتۇرما نىسبەتتىن قىسقىچە بايان قىلىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدىم. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش باشلانغان 30 يىلدىن بۇيان بىر قىسىم كىشىلەر (كومپارتىيە ئەزالىرى) نىڭ «ئالدىن باي بولۇشقا يول قويۇش» شۇئارى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ خەنزۇچىدا كۆپ قاتلام مەنا بېرىدىغان «立党为公,执政为民» سۆزىدە خەنزۇچىدىكى «公» بىلەن «民» نىڭ ئەنئەنىۋى خەنزۇچە تەبىرلىرى بويىچە قارىغاندا، «公» ھەزرەت، بەگزادە، دانىشمەن، ئەۋلىيا (مەسىلەن: 王公، «周公»، «齐公» دېگەندەك) مەنالىرى بولغانلىقى ۋە «政» نىڭ قانۇن، دىكتاتورا مەنالىرى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، پارتىيىنى بەگزادە (دانىشمەنلەر) دىن قۇرۇش، ھوقۇق (دىكتاتورىنى) خەلققە (پۇقرالارغا) يۈرگۈزۈش دەيدىغان تەبىر پەيدا قىلغانلىقى ئۈچۈن، 50 يىلدىن بۇيانقى نەزەرىيىۋى غايىدىكى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە دۇچ كەلگەن تارىخىي قالدۇق فېئوداللىق بيۇروكراتىيە يۈرۈشلۈك يېڭى لىبرالىزم بىلەن قوشۇلۇپ پارتىيە ئىنتىزامى، ھۆكۈمەت ئىنتىزامى قاتلاملىرىدا بىر قاتار قانۇن ۋە ئىنتىزام ئەمەلىيلەشمەيدىغان ئانارخىستىك (بەگۋاشلىق) ئەھۋاللىرى ئەۋج ئالدى. يوللارنىڭ نېگىزى يىلىش مەسىلىسى، ئىدىئولوگىيە مەسىلىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقلىي ئېلىش ئىبرەت ئالسۇن ئۈچۈن تارىخىي تەجرىبىدىن قىسقىچە قاراشلىرىمنى بايان قىلاي.

دېموكراتىيە مىلادىدىن ئىلگىرىكى يۇنان دەۋرىدە دېموكرات نامى بىلەن باغلىق ھالدا، «قۇرۇلتاي» كۇشان دەۋرىدىكى كانىشكا نامى بىلەن باغلىق ھالدا تارىختىن مەلۇم. بۇ ئىككى مەنادىكى خەلق نازارەتچىلىكىنى تىلغا ئالساق، مۇنداق سوئال چىقىدۇ: «ئۇ دەۋر — قۇلدارلىق دەۋرى ئىدى. قۇلدار دېموكرات ياكى قۇلدار كانىشكا نېمىشقا دېموكراتىيىگە (قۇرۇلتاي تۈزۈمىگە) ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى؟ بۇنداق ئېھتىياجنى قۇللارنىڭ، پۇقرالارنىڭ ئېھسانلىرى ھاسىل قىلغانمۇ ياكى ئەشۇ قۇلدارلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ھاسىل قىلغانمۇ؟

ئەگەر مېتافىزىك دىئالېكتىكا (بۇرۇنقى تەجرىبىچىلىك تەرجىمىسى — 形而上学辨证法 دەپ قوللىنىلغان). مېنىڭ تەققاسلىشىمچە، 神形相称法 بولىدۇ. يەنى روھ شەكىلگە كىرسە مېتافىزىكا بولىدۇ. شەكىل تەرەپ قەۋەتلىرىدىكى يالانى ماسلىشىش نىسبەتلىرى دىئالېكتىكا بولىدۇ) دېگەن ئىلمىي فىزىكىلىق ۋە گېئومېترىيىلىكتە دەرىجىدە تەققاسلىساق، بۇ سىر ئېچىلىدۇ (بۇ سىرلارنى كەمىنە بۇرۇنقى ئەسەرلىرىم «ماھۇم تەلىماتى، قىممەت تەلىماتى» دا تەپسىلىي بايان قىلغان).

مەيلى شەخسىي بولسۇن، مەيلى جەمئىي بولسۇن، ماتېماتىك $\frac{4}{4}$ كەسرى تەقىل بىلەن گېئومېترىك  شەكىل باش روھ (نىرۋان)، چاتروھ (لىمپان) ئەكس ئەتاسىيىلىقى مېتافىزىك نەزەردە «لوپا ئەينەك» شەكلىگە ئوخشايدۇ. فىزىكىلار: لوپا ئەينەككە چۈشكەن نۇر جەملىنىپ مەركىزىي نۇقتىدا «ئوت» بولىدىغان ھادىسە ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە شەخسىيەت ۋۇجۇدىدىكى 8 خىل تۆت ئەكس ئاتاسىپ كۈچ، (ھوش) ھېكمەتلىرىگە ئىبرەت قالدۇرغان. خۇددى يۇنان رىۋايىتىدە پىرومېتى زېۋسنىڭ مەخپىي ئوتىنى ئوغرىلاپ، ئولىمپىيە تېغى ئۈستىگە «تايغاچ» دارغا مىخلىنىپ، «مەشئەل» رەمزى بولۇپ قالغاندەك، دېموكراتىيىگە ئوخشاش دانىشمەن قۇلدارلار شەخسىي قۇرۇلمىنى جەمئىيەت قۇرۇلمىسى بىلەن تاناسىپلاپ قارىسا، قۇللارنىڭ يۇقىرىلارنىڭ «مۇتلەق ئىتائەت، ئېھتىرام» شەكلىدە روھىي نۇرلىرى قۇلدار پادىشاھقا (زۇلقەرنەيىنگە جەملىنىپ) ئاران 30 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ھادىسىنى كۆرۈپ، «لوپا ئەينەك» سىرىنى ئاچقان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئىتائەت نۇرى» نى چاچماق تەدبىرى ئۈچۈن «مەۋھۇم ئاسمانىي كۈچ» بىلەن ھوقۇقى مەسئۇلىيەت گىراپ (كاتەكچىلىرى) ئەقلىنى ياپقان.

ۋەھالەنكى، «ئەقىل» مۇتلەق نۇقتا ئەمەس، ئىنسان جىسمىلىرىدىن پارلىنىپ ئايلىنىپ تۇرىدىغان «جىنمان» (ئېنېرگىيە) بولغانلىقى ئۈچۈن ئەفسۇنگەرلەر، مۇنەججىملەر رىقابىتى باشلانغان. بىراق، جەمئىيەت ئەقلىمى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي تەرتىپ (ئىستېمال ئىختىرا، ئېھتىياج ئىقتىدار قانۇنلىرى ئوبيېكتىپ مۇتلەق) بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېسسىي (نەزەرىيىۋى) تەدبىرلەر يالغان ساختا بولۇپ ئەمەلىي ئىقتىسادىي مەنپەئەت — پۇل مۇناسىۋەتلىرىدىكى «نۇر ئېقىمى» يەنىلا «مەركىزى نۇقتا» نى  شەكلىدىكى يۇكسەك نۇقتىنى «ئوت» قىلىپ كۆيدۈرۈش قانۇنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ياۋروپالىقلار بۇ مېتافىزىك سىرىنى سەممىي بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاندىن دېموكراتىيە (ئەل خوجىدارلىقى) لىبېرالىزم (ئەركىنلىك) دېگەن تەدبىر ئارقىلىق پادىشاھلىق ۋە ياكى جۇمھۇرىيەتلىك تۈزۈملىرىنى ساقلاپ تۇرىدىغان ئىمكانىيەتكە نىسبىي ھالدا مۇيەسسەر بولدى. «سايلام» مەركىزىي نۇقتىدا «ئازراق كۆيۈش» تەدبىرىدۇر. پادىشاھلار ھۆكۈمەتلىرىنى ۋەزىرلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، قەسىرلىرىدە پاناھلىنىدىغان، ۋەزىرى ھۆكۈمەتلەر، ئەمەلدارلار قەۋەتلىشىپ تۇرىدىغان خەلقنىڭ «ئىتائەت» دېگەن ئىستىمالىزم نۇر نۇقتىلىرىنى يۆتكەپ تۇرىدىغان تەدبىر ھازىرقى لىبېرال دېموكراتىك (ئەركىن ئەل خوجىدارلىقى) تۈزۈملىرىنىڭ ماھىيىتىدۇر.

يۇقىرى روھىي تارىختىن، غەمكىن، ئەركىن، تەمكىن، تەكلىپسىز دېگەن تۆت مۇقۇم بىلەن شەرھلىشى مۇمكىن. تارىختىن بېرى، ئاسىيادا جۈملىدىن جۇڭگودا قۇلدارلارنىڭ ئاندىن فېئودال پادىشاھ ئەمەلدارلار مەسىلىنى تەپەككۇر قاتلاملىرىدىن ئەمەس بەلكى بەدەندىكى قەۋەتلىشىشتىن دولقۇن، ھاراق، ئاشلاپ بىلەن ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ تېببىي ئوكرات (ئەگەر خوجىدارلىقى ۋە تەكەببۇرلۇقى) نى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ دەپ قارالمىق قىلىپ كەلگەنىدى. يۇنداق فىزىئولوگىيىلىك، پسىخولوگىيىلىك ئادەت) ھازىرمۇ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت. ئۆزىنى يەمەسلەپ قىسلايدىغان تودخۇرخانىدا يېتىپ ياتقان (لېزەر) باشلىقى ھوقۇقدار بولمىسا كېرەك، ئەجەبا ھاۋا تۇزانلىق بولسا، دائىم «ئوكسىگېن ماسكا» نى تاقاپ يۈرۈش ئاۋارىگەرچىلىكى بولمامدۇ؟

بىز ھەسلىگە ئېكولوگىيە، فىزئولوگىيە ئېھتىياجىدىن قارىساق، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ قانداقتۇر نەزەرىيىۋى سىياسەت ئەمەس بەلكى تەبىئەت قانۇنى ئاساسىدا قېلىنىۋاتقان «كەلىمات»، ئېھتىياجىدىك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز...

شەخسىي مىسالدىن ئالايلى، (كىلاسسىك دانىشمەنلەر تەكەببۇرلۇق — تەنتەنىلىك (تۈزۈلۈش) دېمەكتۇر دېگەن). بۇ ھېكمەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك سىرى دەل «تەكەببۇرلۇق» نىڭ باش روھ (ئۆرلەش — ئىلگىرىلەش، كېڭەيىش، قاتتىقلىشىش) بولۇپ، نېرۋىلىق لىمپان تەكلىمىسى بۇزۇلۇپ «مېڭىدىكى قان توكچا» بولىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ «ئىتائەت نۇرى» نى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. سەندە ئىتائەت قىلغۇچى ئۈچۈن ئىنسانىيەت (رەھىمەت، ھۆرمەت، خانلىقى بىلەن رازى قىلماق) بولسا، ئىككى تەرەپتىكى رىزالىق (قانائەت) ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن دۇنيالىق (قىممەتلىك) بولغۇسى.

## 7- باب كونسىرۋاتىزىم ۋە ئوپسىرۋاتىزىم سېلىشتۇرمىسى بويىچە

ئالدىنقى بۆلۈمدە كونسىرۋاتىزىم تەنتەنىچىلىك (ئەنسۇۋوش)، ئوپسىرۋاتىزىم پەلبەنەچىلىك (تەلپۈنۈش) ئىكەنلىكىنى تەبىرلىگەن ۋە قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتكەن ئىدىم.

ئەمدى تەجرىبە تەدبىقات تەرىقىسىدە ئالاھىدە بايان قىلاي: كونسىرۋاتىزىم — تەنتەنىچىلىك ئىنسانىدىكى مۇتلەق مەۋجۇت بولغان روھىي ھال. زامان كۆۋادرات كاتەكچىسىگە سالغان ھالدا قارىساق، «بۈگۈنكى، ھازىرقى جىسمى تىندۇرما، ھازىرغىچە زامان سائەت دەقىقىلەر ۋەزنى بولۇپ، بىر نەپەستىن كېيىن ئۆتمۈش (ماماتى) بولىدۇ. بىراق، زامانىڭ تەماكان ئىزنى بەدەندە ئىز-ئاسىن-قالپچۇقلىرىدەك ھۆججەيرە زەررە بولىدۇ. بۇ كېلىشكى كۈنلەر، سائەت دەقىقىلەردىكى تەپەككۇر، تەسەۋۋۇردىكى ئىلھام ئاساسلىرى بولىدۇ. ۋەھالەنكى، كېلىپ تۇرغان دەقىقىلەر، سائەتلەر، كېلەر كۈنلەرنىڭ ھەممىسىدە بىزنى تەلپۈندۈرگۈچى، قىزىقتۇرغۇچى مەنزىرىلەر يېڭى قۇرۇلۇش سەۋەبى بولىدۇ. شۇ تۈپەيلى، تىببى فىلوسوفىيە تىلى بىلەن سۇبيېكتىپ (بونيا) نىڭ تەبىئىتى — ھۆل سوغۇق، ئوبيېكتىپ (دۇنيا) نىڭ تەسىرى — قۇرۇق تومۇز (قۇرۇق ئىسسىق) بولىدۇ. ھەربىر تەلپۈنۈش (ئۈپتىملىستىك ياكى ئوپسىرۋاتىپ نەزەر) سۇبيېكتىپ (بونيا) نىڭ ھۆل تومۇز (ئىسسىق) سەۋەبىدۇر.

ئوپسىرۋاتىزىم دېگەن ئاتالغۇنى تەدقىق قىلىش ھالىتىدە مۇنداق خاتىرە كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. 1962- يىلى سېنتەبىر كۈنلىرى ئىدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەمدى بارغان كۈنلەر ئىدى. بەكمۇ رومانتىك ئىدىم. «ئۈچتاش» ئىگىزلىكىدە (قارىياغاچلار بولغان باغچا ئىچىدە) «يامالىق» تېغىغا قاراپ «تاغ» غا چىققۇم كەلدى... شۇ بىر ھەۋەس بىلەن ماڭدىم (يەكشەنبە ئىدى). ئۇ چاغدا «ساي» دىن تاغ باغرى قەدەر ئايرىلىپ (ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى. ئۆستەڭدىن ئۆتتۈم، «پويىز ئىستانسىسى» بولغان تاغ باغرىدىن ئارىلاپ يامىشىپ يۈرۈپ ئىككى ئۈچ سائەت ئۆتكەندە تاغ چوققىسىغا چىقتىم. ئەمدى ئۈرۈمچى خۇددى كۆلچەكتىكى سۇغا ئوخشاش مانان ئىچىدە كۆرۈنەتتى. ئاسمانىڭ گۈللىرى بار ئىكەن، بىردەم تىنىپ ئوينىغاچ تۆت ئەتراپقا قاراپ قانائەت ھېسسى قىلغاندىن كېيىن يېنىپ چۈشتۈم. يېنىپ چۈشمەك بولۇشىمۇ خەتەرلىك ئىدى. 82- يىللىرى ئۈرۈمچىگە بارغاندا قارىسام، تاغ ئۈستىدىكى ئوپسىرۋاتورىيە گۈمبىزىنى كۆردۈم.

بەزى ئاخشاملىرى «باش» ئوپسىرۋاتورىيە گۈمبىزىگە، كۆز تېلېسكوپقا ئايلىنىدۇ. يۇلتۇزلۇق ئالەم چىمىرلايدۇ، تارازا ئەن سالساق، ئەتراپ، جەمئىيەت، ھەممە جانلىق، ئىنسان ئاسمانىدىكى يۇلتۇز بولىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى، مۆگدەپ ياتقان چاغدا، بەدەن مېڭە قاتلىمى ئاسمان بولۇپ، قانداقتۇر مېڭىمىزدىكى مىكرو زېھنى ھۆججەيرە ئوپسىرۋاتورىيە گۈمبىزى بولۇپ، ھەتتا ئۆزىمىز كىملىكى نامەلۇم بولغان مىكرو كۆزەتكۈچى نەزىرىدە تۇرغاندەك بولۇپ قالىمىز. بۇنداق ھادىسە «چۈش تەتقىقاتى» جەريانىدا تېخىمۇ ئېنىق.

شۇنداق قىلىپ، بىز ئوپسىرۋاتىزىم (تەلبەنەچىلىك) تە ماكرولۇق ۋە مىكرولۇق يەنى تېلېسكوپسىمان، مىكروسكوپسىمان رادار ئۈسكۈنىسى بولغان «كومپيۇتېر» بولۇپ قالىمىز. نەتىجىدە مەيلى يۇقىرىقى بابلاردىكى ئوقۇملار بولمىسۇن، پۈتۈن ئەسەردىكى مەزمۇن مايان بولمىسۇن، «ئوپسىرۋاتورىيە» دېگەن باش بىلەن كۆزگە ئاجايىپ تۇيۇلىدۇ. بىز بۇ جەھەتتە ئاسترونومىيە (يۇلتۇزلار ئىلمى)، ئاسترولوگىيە (بەدەندىكى تۇيۇملار ئىلمى) ياكى تارىخنى يادىكارلىقنى قېدىرغۇچى ئارخېئولوگىيە بىلەن مەنىۋى ماتېرىيال كىتابلاردىكى، تۇرگىنالاردىكى مايان قەۋەتلىرىنى قىدىرغۇچى فارمىلوگىيە مەسىلىلىرىگە ئوخشاش، تەپەككۇر تەسەۋۋۇر ئۇسۇلى مەسىلىلىرىگە دۇچ كېلىمىز. مەسىلەن، ئاخىرقى بابتىكى بيوكراتىزم ئىپادىلىرىدىن بولغان تەكەببۇرلۇق «نېمە ئۈچۈن تەنەززۇل (بۇزۇلۇش) بولىدۇ؟» دېگەن ھۆكۈمنى بىلىشكە تەلپۈنۈپ سوكۇت (ئىچىدە) بەدەن ھالەتلىرىمىزگە جىمىرلاش، زىڭىلاش قاتارلىق بىمارى بېشارەتلەرنىڭ تۇيۇملىرىغا نەزەر سالساق، جەمئىيەت ئەھۋالى تارىخى تەسىرلەر، ئىنسانلار (جىنىمان مىكرولىرى) قىلمىشلىرى مەلۇم بولىدۇ. بىز سالامەتلىك روھى پاراغەتلىك ئىلھاملىرىنىڭ بىر يېڭى يۇلتۇزدەك چاقناپ قىلىشنى ئارزۇ قىلىمىز. مۇبادا كىمدە كىم بۇنداق ئارزۇنى ئىنكار قىلسا، ماماتلىقنى خالاپ قاپتۇ ياكى مەۋھۇم ئەززائىل كونتروللىقى ئىچكىلەپتۇ دېسەك بولىدۇ.

**ئاپتور:** قەشقەر ۋىلايەتلىك ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ پېنسىيونېرى

**تەھرىرلىگۈچى: ئىسلامجان شېرىپ بەشكىرەمى**

# «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن چىن يىپەكلىرى توغرىسىدا

يولۋاس مۇھەممەتئىمىن

بىلىم ساھەبلىرىغا مەلۇمكى، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «دىۋان» دېيىلىدۇ) ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرى يازغان، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا مەنسۇپ مەشھۇر يازما يادىكارلىق. قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان تۈركىي تىللىق قەبىلە ـ مىللەتلەر تىللىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنىڭ تۇنجى نامايەندىسى. ئۇ مەزمۇن جەھەتتىكى چېتىلىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بىر بۈيۈك قامۇسقا باراۋەر ئەسەر بولغان بولسا، خاتىرە، ئىزاھاتلىرىنىڭ چىنلىقى، ئىلمىيلىكى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر ھەمدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى دەۋرلىرىدىكى ماددىي، مەنىۋى ئەھۋالى ئەينەن خاتىرىلەنگەن ئەبەدىيلىك ھۆججەتتۇر. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا تۈركىي تىللارنىڭ دىئالېكت، شېۋە پەرقلىرىنى سېلىشتۇرۇش، ئىزاھلاشتا تولىمۇ ئىلمىي، ئەستايىدىل ۋە سەممىي پوزىتسىيەدە بولغان. ھەرقانداق بىر نەرسىنى چۈشەندۈرگەندە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، سۈپىتى، خۇسۇسىيەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىنى ئىنچىكە كۆرسىتىپ بەرگەن. بولۇپمۇ، ئائىلە سەرەمجانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تېبابەتچىلىك دورىلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك ناملىرى، زىبۇ زىننەت ۋە كىيىم ـ كېچەك ماتېرىياللىرى قاتارلىق ماددىي فولكلور نەمۇنىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالغاندا، ئۇلارنىڭ قايسى قەبىلىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى، نېمىلەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغان. بىلگەنلىرىنى ئەينەن يازغان، بىلمىگەننى ئۆزىچە پەرەز بىلەن يازمىغان، مەلۇم مۇددىئا بىلەن چۆكتۈرىدىغان ياكى كۆپتۈرىدىغان ئىلىم ئەخلاقىغا يات نۇقسانلاردىن ئۆزىنى پاك تۇتقان. شۇڭا، ئۇ «دىۋان» دا كۆرسىتىپ ئۆتكەن 20 خىلدىن ئارتۇق يىپەك رەختىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتاشتا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىنى «بىر خىل چىن يىپىكى»، «چىندا ئىشلەنگەن يىپەك رەخت»، «چىننىڭ يىپەك رەختى» دېيىش ئارقىلىق، شۇ خىل يىپەك توقۇلما بۇيۇمنىڭ ئىشلەنگەن ئورنى بولغان «چىن» سۆزىنى قوشۇپ ئىزاھلىغان. مانا بۇ ھەقىقىي ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس ئەخلاق ـ پەزىلەتتۇر. ۋەھالەنكى، تارىخ، جۇغراپىيە جەھەتتىكى بىلىمى ئانچە مۇكەممەل بولمىغان قىسمەن تەتقىقاتچىلاردا ناھايىتى يۈزەكى ھالدا «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان «چىن» يىپەكلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئەمەس، ياكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ زېمىنلىرىغا باشقا ئەللەردىن كەلتۈرۈلگەن، دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، بۇ خىل قاراشتىكىلەر مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا تىلغا ئالغان «چىن» نىڭ زادى قەيەر ئىكەنلىكىنى، ئۇ يەرلەردە ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى قايسى مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقىنى ئانچە ياخشى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن، «چىن» نامىنى چىن شىخۇاڭ قۇرغان چىن سۇلالىسى (秦朝) دەپ قارايدىغان ياكى جۇڭگونىڭ ئىنگلىز تىلىدىكى ھازىرقى (چاينا) (CHINA) ناملىرى ئاساسىدا نوقۇل «جۇڭگو» (中国) دەپ تونۇپ، مەھمۇد كاشغەرى كۆرسەتكەن «چىن» نىڭ زېمىنلىرىنى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە مۇناسىۋەتسىز ھالدا خاتا ئىزاھلاپ، نەتىجىدە ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يىپەكچىلىك مەدەنىيىتىگە ھەمدە ئۇلارنىڭ قەدىمكى يىپەك يولى سودا ئالاقىسىدە تۇتقان ئورنىغا نىسبەتەن ناتوغرا تونۇشلارنى ۋە ئىلمىي خاتالىقلارنى پەيدا قىلىپ قويۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان. شۇ زۆرۈرىيەت «چىن» تېررىتورىيەسىنى ئىزاھلاش، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلاردىن مىسال كۆرسىتىش ۋە باشقا يازما خاتىرىلەر ئۇچۇرى ئاساسىدا، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا كۆرسەتكەن «چىن يىپەكلىرى» نىڭ ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىنلاردا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئىكەنلىكى ئۈستىدە دەسلەپكى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇيغۇرلار ياشىغان ۋە ھازىر ياشاپ كېلىۋاتقان كەڭ زېمىنلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا

بايقالغان زور مىقداردىكى يىپەك بۇيۇملار ۋە ئۇيغۇرلاردا ھازىرمۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىك سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان پىلە بېقىپ يىپەك چىقىرىش، ئەتلەس توقۇش قاتارلىق مەدەنىيەت رىئاللىقى ئۇيغۇرلارنىڭ يىپەكچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ۋە باشقا مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشىغان زېمىنلاردىكى قەدىمىي كارۋان يوللىرى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە «يىپەك يولى» دەپ ئاتالدى. ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقا قۇرۇقلۇقلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ يولنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم تۈگۈنلىرىدە تارىختىن بۇيان ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ياشىغانلىقى ھېچكىمگە مۇئەمما ئەمەس. يىپەكچىلىك تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى بىر دۆلەت ۋە بىر رايون خەلقلىرىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى قىممەت قارىشى ۋە مەنىۋى گۈزەللىك قارىشىنىلا ئەمەس، ئاشۇ دۆلەت، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۇلىنىڭ ناھايىتى پۇختا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى، يىپەك پىلە قۇرتىدىن ئىبارەت بۇ جانلىق ئاجرىتىپ چىقارغان ناھايىتى نازۇك، ئادەمگە زىيانسىز، يىلىمسىمان تەبىئىي تالا بولۇش بىلەن، يىپەكچىلىكتە پىلە بېقىشتىن تارتىپ يىپەك چىقىرىش، توقۇش، بوياش، گۈل بېسىش جەھەتلەردە ئەمەلىي تېخنىكا تەلەپ قىلىدۇ، يەنى يىپەك توقۇشقا ماس كېلىدىغان مېخانىك قۇرۇلما بولغان توقۇش ماشىنىسى، ئەبرىشىمكاھ بولۇش، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان «چوۋۇت» (quwut — قىزىل، سېرىق، ھال، يېشىل بوياق)①، «قاراغۇ» (قارا رەڭ، زاك)②، «داۋا» (dava — يولغۇن چېچىكى، بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ) ③ قاتارلىق تەبىئىي بوياق ئەشيالىرىنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ، خام يىپەك ياكى توقۇلما يىپەك رەختلەرنى بوياش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان رەڭ - بوياقلارنى ھاسىل قىلىشنىڭ خىمىيىلىك تەجرىبە ئۇسۇللىرى قاتارلىق تېخنىكىلىق بىلىملەرنى بىلىدىغان بوياقچىلار بولۇش ھەم بۇ خىل تېخنىكىلار ئومۇملاشقان بولۇشى كېرەك.

«دىۋان» دا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن يىپەك رەختلەرنىڭ تۈرىنىڭ كۆپلىكى، رەڭگىنىڭ ھەرخىللىقى، گۈل نۇسخىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىش ئورۇنلىرىدىن قارىغاندا «چىن» تېررىتورىيىسىدە پىلە بېقىش، يىپەك رەختلەرنى توقۇش، بوياش ھۈنرىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس. (قوشۇمچە جەدۋەل)

**«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» تە كۆرسىتىلگەن يىپەك رەختلەر**

| № | يىپەك نامى | رەڭگى، ئالاھىدىلىكلىرى | ئىشلەنگەن جايى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 1 | قاففار kafhar | زەپىرەڭ يىپەك رەخت | ? | 3 - توم 595 - بەت |
| 2 | تەخچەك tahqak | ? | بىر خىل چىن يىپىكى | 1 - توم 622 - بەت |
| 3 | زۈنكۇم zünkum | ? | چىندا ئىشلەنگەن بىر خىل يىپەك | 1 - توم 631 - بەت |
| 4 | مىندەتۇ mindƏtu | يىپەك رەختنىڭ نامى | ? | 1 - توم 639 - بەت |
| 5 | كەنزى kanzi | قىزىل، سېرىق، يېشىل ۋە شۇنىڭدەك رەڭلەردىكى يىپەك دۇردۇن | چىن | 1 - توم 557 - بەت |
| 6 | چەكىن qakin | گۈل چېكىلمىگەن يىپەك رەخت | ? | 1 - توم 541 - بەت |
| 7 | تاختۇ tahtu | ئىگىرىلگەن مەشۇت | ? | 1 - توم 543 - بەت |

| № | يىپەك نامى | رەڭگى، ئالاھىدىلىكلىرى | ئىشلەنگەن جايى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|
| 8 | كەز kaz | ? | چىندا ئىشلەنگەن بىرخىل يىپەك رەخت | 1 ـ توم 463 ـ بەت |
| 9 | ئاغى ahi | يىپەك رەخت | ? | 1 ـ توم 181 ـ بەت |
| 10 | چۇز quz | زەرباب، زەر بېسىلغان قىزىل رەڭلىك يىپەك رەخت | چىن | 1 ـ توم 426 ـ بەت |
| 11 | ئەشكۈرتى Əxkurti | گۈللۈك يىپەك رەخت | چىن | 1 ـ توم 197 ـ بەت |
| 12 | ئاي ay | توق سىرىق رەڭلىك يىپەك رەخت | ? | 1 ـ بەت 56 ـ بەت |
| 13 | خۇلىڭ huling | چىندىن كەلتۈرۈلىدىغان بىرخىل رەڭدار يىپەك رەخت | چىن | 3 ـ توم 507 ـ بەت |
| 14 | ئاز az | يىپەك رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قول ـ ھۈنەر بۇيۇملىرى | ? | |
| 15 | لوختاي lohtay | چىننىڭ سېرىق تەگكە گۈللۈك قىزىل يىپەك رەختى | چىن | 3 ـ توم 330 ـ بەت |
| 16 | تورقۇ tortay | تورقا، تاۋار | چىن | 1 ـ توم 556 ـ بەت |
| 17 | بارچىن barqin | يىپەك رەخت | ? | 3 ـ توم 462 ـ بەت |
| 18 | يوللاق بارچىن yollakbarqin | يوللۇق يىپەك رەخت | ? | 3 ـ توم 21 ـ بەت |
| 19 | ئال al | خانلار بايراق قىلىشقا، ئەمەلدارلار ئىگەر قاپلاشقا ئىشلىتىدىغان ھال رەڭ | ? | 1 ـ توم 111 ـ بەت |
| 20 | قاچاچ kaqaq | بىر خىل چىن دۇردۇنى | چىن | 2 ـ توم 414 ـ بەت |

خوش، ئۇنداق بولسا، «دىۋان» دا ‹چىن يىپىكى›، ‹چىندا ئىشلەنگەن يىپەك› دەپ ئىزاھلانغان يىپەكلەرنىڭ ماكانى بولغان ‹چىن› قەيەر؟ ‹چىن› نىڭ ئاھالىسى كىملەر ئىدى؟» بۇ مەسىلىنىڭ جاۋابىنى بىز يەنىلا «دىۋان» غا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق كۆرۈپ باقايلى.

«دىۋان» دا چىن زېمىنىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «‹چىن› زېمىنى ئۈچكە يەنى ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچىسى: يۇقىرى چىن. بۇ شەرقتە بولۇپ ‹تاۋغاچ› ‹Tavhaq› دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى: ئوتتۇرا چىن. بۇ يەر ‹خىتاي› دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى: تۆۋەن چىن. بۇ يەر ‹بارخان› دېيىلىدۇ. بۇ يەر قەشقەردە. لېكىن ھازىر (مەھمۇد كاشغەرى ئۆز دەۋرىنى دېمەكچى ـ ئا) تاۋغاچ ‹ماچىن›، خىتاي ‹چىن› دەپ تونۇلۇۋاتىدۇ.

«‹تاۋغاچ› (Tavhaq) تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇلار تاۋغاچ يۇرتىدا ياشىغىنى ئۈچۈن، شۇ سۆزدىن ئېلىنىپ تات تاۋغاچ، دەپ ئاتىلىدۇ. تات ئۇيغۇر دېمەكتۇر. تاۋغاچ چىنلىق دېمەكتۇر.»

«‹تاۋغاچ› (Tavhaq) ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە تاۋغاچ ئەردى، دەپ تونۇلىدۇ. بۇ سۆز خانلارغىمۇ ئۇنۋان بولۇپ كېلىدۇ. مەملىكىتى قەدىمى ۋە چوڭ خان دېگەن مەنىدە تاۋغاچخان دېيىلىدۇ.» ④

يۇقىرىدىكى ئىزاھاتلارنىڭ ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدۇكى، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا كۆرسەتكەن «چىن» زېمىنى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي تىللىق مىللەتلەر تارقالغان مۇئەييەن دائىرىدىكى بىر پۈتۈن جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ خۇددى بىز ئاتاشقا

ئادەتلەنگەن «غەربىي ئاسىيا»، «ئوتتۇرا ئاسىيا»، «جەنۇبىي ئاسىيا» دېگەندەك، چوڭراق تېررىتورىيىنىڭ دائىرىلىك ئاتىلىشى بىلەن ئوخشاش. ئاشۇ جۇغراپىيىلىك دائىرىنىڭ ئىچىدە يەنە «تاۋغاچ» (ماچىن، نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى نامى)، «خىتاي» (چىن، نىڭ ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى نامى يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشتىن ئىلگىرىكى نامى)، «بارخان» (قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى نامى) دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان مەملىكەتلەر ياكى كىچىك تېررىتورىيىلەر بولغان. بۇ يەرلەرنىڭناملىرى كېيىنچە، بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىگە ئائىت خاتىرىلىرىدە «يۇقىرى چىن» (ئۇرخۇن ـ ئاناساي ۋادىلىرى، ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسىملىرى يەنى تاۋغاچ زېمىنى)، «ئوتتۇرا چىن» (يەنى ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى ‹خىتاي› دەپ ئاتالغان ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، قارا قىتانلار قاتارلىق مىللەتلەر ئارىلاش ياشىغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى تېررىتورىيىسى ۋە ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلىنىڭ تېررىتورىيىسىنى كۆرسىتىدۇ) دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە بولسا، بۇ يەرلەرنىڭ نامى يەنە ئازراق ئۆزگىرىپ، «تاۋغاچ»، «يۇقىرى چىن» دېيىلگەن جايلار، «ماچىن»، «خىتاي»، «ئوتتۇرا چىن» دېيىلگەن جايلار «چىن»، «بارخان» ۋە «تۆۋەن چىن» دېيىلگەن. قەشقەرنى مەركەز قىلغان جايلار بولسا «خاقانىيە» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد كاشغەرى دەۋرىدە يەنە دىنىي ئېتىقاد نۇقتىسىدىن قاراخانىيلار تېررىتورىيىسىدىكى مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار خاقانىيلىكلەر دېيىلگەن بولسا، ئىدىقۇت تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنى «تات» لار (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار) دەپ قاراپ، ئىدىقۇت تەۋەلىكىنى ئۇيغۇر ئېلى؛ ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار، قاراقىتانلار ئارىلاش ياشىغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىنى كۆپرەك «چىن» دەپ ئاتاپ، چىن تېررىتورىيىسىدىكى ئىككى ئەلنى پەرقلەندۇرگەن. بۇلار پەقەت مەھمۇد كاشغەرى «چىن» دەپ ئاتىغان بىر پۈتۈن جۇغراپىيىلىك دائىرىنىڭ ئىچىدىكى رايونلارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى ئاتىلىشىدۇر.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە بارخان يەنى تۆۋەن چىننىڭ دائىرىسى قەشقەردىن ئامۇ دەرياسىغىچە بولغان زېمىننى كۆرسەتكەن. بۇ يەرلەر «خاقانىيە» دەپ ئاتالغان.

«چىن» دەپ ئاتالغان دائىرە بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، «چىن» نىڭ دائىرىسى مىلادىيە 860 ـ يىلدىن 1350 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى بىلەن خېشى كارىدورى، دۇنخۇاڭ، چىڭخەينىڭ بىر قىسمىنى ئۆزلىرىگە زېمىن قىلىپ، مىلادىيە 840 ـ يىلدىن 1028 ـ يىلغىچە مەۋجۇت بولغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ زېمىنلىرىنى كۆرسەتكەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«ماچىن» زېمىنى، تات تاۋغاچلارنىڭ يەنى مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا تۈركلەرنىڭ بىر بۆلىكى دەپ كۆرسەتكەن تات تاۋغاچ (مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار) نىڭ چۆللۈكنىڭ شىمالىدا ياشىغان دەۋرلەر ياكى مىلادىيە 646 ـ يىلى قۇرۇلۇپ، مىلادىيە 840 ـ يىلى قىرغىزلار تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنغان ئۇرقۇن ئۇيغۇر خانلىقىنى ھەم ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلگىرىكى دەۋرلەردىكى «تاۋغاچ» زېمىنلىرىنىڭ كېيىنكى ئاتىلىشى بولۇپ، «تاۋغاچ» يەنى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ تەبىرىچە «ئۇلۇغ»، «قەدىمىي» دېگەن مەنىدىكى نامنىڭ ئورنىغا، سانسكرىت تىلىدا «ئۇلۇغ، چوڭ، كاتتا» دېگەن نامنى بىلدۈرىدىغان «ماھا» سۆزى دەسسىتىلىپ، «چىن» سۆزى قوشۇلۇپ «ماھاچىن، ماچىن» دەپ ئاتالغان. بۇ يەردىكى «ماچىن» سۆزىنىڭ مەنىسى ماھىيەتتە مەھمۇت كاشغەرى «دىۋان» دا «‹تاۋغاچ› Tavhaq ھەربىر بۈيۈك ۋە قەدىمىي نەرسە ‹تاۋغاچ› دېيىلىدۇ؛ مەملىكەتنى قەدىمىي ۋە چوڭ خان دېگەن مەنىدە تاۋغاچخان دېيىلىدۇ» دېگەن ئىزاھاتقا تەڭداش ئۇقۇمدۇر. مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا كۆرسەتكەن ئاسىيانىڭ دائىرىلىك خەرىتىسىدىمۇ بۇ جايلارنىڭ ئورنى ناھايىتى ئىلمىي سىزىپ كۆرسىتىلگەن.

قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ياكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە «چىن»، «ماچىن»، «خاقانىيە» دەپ ئاتالغان ناملار تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغاندىن كېيىن، «چىن»، «ماچىن» دېگەن نام ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋە ئېغىز ئەدەبىياتلىرىدا داۋاملىق ساقلىنىپ، گاھى خوتەن، گاھى قەشقەر بوستانلىقلىرىنى كۆرسىتىدىغان مۇجمەلرەك ئۇقۇم سۈپىتىدە داۋاملاشتى.

ئەمدى يۇقىرىقى زېمىنلاردا، بولۇپمۇ «چىن» زېمىنىدا ياشىغان ئاھالىلەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ مەسىلىنىمۇ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» دا كۆرسەتكەن ئىزاھاتلىرى ئاساسىدا ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا مۇنداق بايانلار بار: «ھەممە تۈركىي تىللاردا قوللىنىدىغان ھەرپلەر ئون سەككىز، تۈركىي يېزىق شۇ

ھەرپلەردىن تەركىب تاپىدۇ»⑥، «قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن»⑦، «چىن ۋە ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى بولسىمۇ، شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ. بىزگە يازغان خەتلىرىنى تۈركىي يېزىق بىلەن يازىدۇ»⑧، «ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ساپ تۈركچە، لېكىن ئۆزئارا سۆزلىشىدىغان يەنە بىر خىل شېۋىسىمۇ بار. ئۇيغۇرلار كىتابىنىڭ باش قىسمىدا كۆرسىتىلگەن 24 ھەرپتىن ئىبارەت تۈركىي يېزىقنى قوللىنىدۇ. كىتاب ۋە خەت ـ چەكلەرنى شۇ يېزىق بىلەن يازىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر يېزىقىمۇ بار، بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ»⑨، «مۇسۇلمان تۈرك ئەللىرىدىكى تاغلار، چۆللەر، ۋادىلار، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ نامىنىلا يازدىم!... ئۇلارنىڭمۇ ئاتاقلىقلىرىنى يازدىم، مۇسۇلمان بولمىغان تۈرك ئەللىرىدىكى بەزىلىرىنىڭ ناملىرىنى يازدىم، بەزىلەرنى تاشلىدىم. چۈنكى ئۇلارنى يېزىشتىن پايدا يوق»⑩ ۋەھاكازالار. مۇشۇ ئىزاھاتلارنىڭ ئۆزىدىنلا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جۇغراپىيىلىك دائىرىدىكى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشىماسلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ ئوخشاش تىل ـ يېزىق ئىشلىتىدىغان خەلقلەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. «چىن ماچىن خەلقلىرىنىڭ ئايرىم تىللىرى» مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ «ئايرىم تىل» ئاشۇ زېمىندا ياشايدىغان تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يەرلىك شېۋىسىنى ياكى «چىن»، «ماچىن» دائىرىلىرىدە ياشايدىغان باشقا قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، «ئۇلارنىڭ شەھەرلىكلىرى تۈركچىنى ياخشى بىلىدۇ» دېگەن ئىبارىلەردىن ئۇ يەرلەردىكى ئاساسلىق تىل ياكى ھۆكۈمەت تىلىنىڭ تۈرك تىلى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. «ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشاش يەنە بىر يېزىقى بار، بۇ يېزىقنى مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلاردىن باشقىلار ئوقۇيالمايدۇ» دېگەن ئىزاھاتقا كەلسەك، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ بۇ ئىزاھاتىنى تارىخ، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىسى غالىپ بارات ئەرك «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 6 ـ سان ۋە 2006 ـ يىللىق 1 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى چىن ماچىن ۋە تابغاچ ناملىرى ھەققىدە مۇھاكىمە» ناملىق ماقالىسىدە «ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر يېزىقى» نى چىن تېررىتورىيىسىدە «گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى» بىلەن «ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى» نى قۇرغان، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى دەۋرلەردە «تاۋغاچ»، «يۇقىرى چىن» دەپ ئاتالغان. موڭغۇل ئېگىزلىكلىرى، ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرى ۋە جەنۇبىي سىبىرىيىگىچە بولغان زېمىنلاردا تۈرك خانلىقى، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىغا ئوخشاش ھاكىمىيەتلەرنى تىكلىگەن تۈركىي تىللىق قەبىلىلەر ئىشلەتكەن تۈرك ـ رونىك ياكى ئورقۇن ـ ئاناساي يېزىقى، دەپ قارىغان⑪. مېنىڭچە، غالىپ بارات ئەركىنىڭ قارىشى پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ. چۈنكى، ئورقۇن ـ ئاناساي ياكى تۈرك ـ رونىك يېزىقىنىڭ شىمالىي موڭغۇلىستان دالىلىرىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئانا ساي، لىنا دەريا بويلىرى، بالقاش كۆلى ئەتراپى، ئىلى ـ ئالتاي، چۆچەك، تۇرپان، كروران، گەنسۇ، دۇنخۇاڭ، شەرقىي ياۋروپا (دوناي دەريا بويلىرى) غىچە تارقالغان يېزىق ئىكەنلىكى ئارخېئولوگىيىدە خېلى بۇرۇن ئىسپاتلانغان. خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ياكى ئىسلام دىنى خاقانىيىنىڭ دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتىلگەن دەۋرلەردە ئەرەب تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى تەڭ ئىشلەتكەن. چۈنكى، مۇسۇلمانلاردا ئەرەب تىلىنى ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس تىلى، جۈملىدىن ئۇنى ئۆگىنىشنى ئەھلى مۇسۇلمانغا سۈننەت دەپ قارايدۇ. ئەمما بۇ دەۋرلەردە، ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ئەجدادلىرى ئىشلەتكەن تۈرك ـ رونىك ياكى ئورخۇن ـ ئاناساي يېزىقىنى بىلىدىغانلارنىڭ پەقەتلا بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، چىن تېررىتورىيىسىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە گەنسۇ ئۇيغۇر ئېلى ئاھالىلىرى خاقانىيىلىكلەر قوللىنىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى غەربكە كۆچۈش جەريانىدا ئورخۇن ۋادىلىرىدىن بىرگە ئېلىپ كەلگەن تۈرك ـ رونىك يېزىقىنىمۇ ئاساسلىق ئىشلەتكەن. شۇ دەۋردە بۇ يېزىقنى تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان، لېكىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان خاقانىيىلىك ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدىمۇ كۆرۈپ چۈشىنەلەيدىغانلارنىڭ بولۇشى تامامەن مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بۇ خىل ئىچكى پەرق ئەھۋالىنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇمىغان.

مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «دىۋان» دا كۆرسەتكەن يىپەك رەختلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى «چىندا ئىشلەنگەن»، «چىننىڭ بىر خىل يىپىكى» دەپ چۈشەندۈرۈشىنىڭ ئۆزى «چىن» زېـ

مىنلىرىدا يەنى ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر ئې-
لىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن يىلتىزداش
بولغان، قەشقەردىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەريا ۋادىسى-
غىچە تارقىلىپ ياشايدىغان خاقانىيە ئۇيغۇرلىرى بىلەن مە-
دەنىيەت ۋە ئىقتىسادىي ئالاقىلەردە ئەزەلدىن قويۇق باردى -
كەلدىسى بارلىقىنى چۈشەندۈردۇ. گەرچە، ئۇيغۇرلار
قۇرغان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە، خەلقلەرنىڭ
دىنىي ئېتىقادلىرىدا زور پەرقلەر مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما بۇ
خىل پەرق غەربتىكى خاقانىيە سۇلتانلىرى بىلەن شەرقتىكى
چىنىنىڭ تېگىن، تەڭرىخان، پادىشاھلىرىنىڭ تۈركىي تىللىق
ئەللەر ئارا تۈرلۈك ئالاقە سىياسەتلىرىنى بەلگىلىشىگە توسال-
غۇ بولغان ئەمەس. چىن تېررىتورىيىسىدىكى «تات» (مۇ-
سۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار) سودىگەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئالا-
ھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن يىپەك، دۇردۇن، كىمخابلارنى قوشنا
ئەللەردىن كەلگەن سودىگەرلەرگە ئۆز يۇرتلىرىدا توپ سې-
تىپلا قالماستىن، يەنە ئات، تۆگىلەرگە ئارتىپ تارىم ئويمان-
لىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلارنى ۋە ئىلى ۋادىسىدىكى
يايلاق زېمىنلارنى بويلاپ تاكى رىمغىچە سوزۇلغان «يىپەك
يولى» ئارقىلىق خاقانىيە زېمىنلىرىدا، ھەتتا تېخىمۇ يىراق
ئەللەرنىڭ بازارلىرىدا ساتقان. ئوتتۇرا ئەسىردە قاراخانىيلار
خانلىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر ئېلى، گەنجۇ ئۇيغۇر ئېلى، غەرب-
تىكى غەزنەۋىلەر خانلىقى، سالجۇق تۈرك ئىمپېرىيىسى قا-
تارلىق تۈركىي تىللىق دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىلىرىنىڭ ئاسىيا-
دىن ئافرىقىغىچە بولغان كەڭ زېمىنلارغا تارقىلىشىدەك ئەۋ-
زەللىك تىل ئورتاقلىقىغا ئىگە بولغان ئۇيغۇر قاتارلىق ھەر-
قايسى قەبىلىلەرنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنىڭ روناق
تېپىپ، دۆلەت ۋە رايونلار ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىگە زور
دەرىجىدە قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن. دۆلەتلەرنىڭ ئىقتى-
سادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن يۇقىرى دەرىجىدە
ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى يەنە مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا
كۆرسەتكەن: «قامدۇ» (Kamdu) بويى 4 گەز، ئېنى بىر
غېرىچ كېلىدىغان بىر پارچە بوز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر-
خاننىڭ تامغىسى بېسىلغان بولۇپ، سودا - سېتىقتا پۇل
ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بۇ پۇل كونىرىسا، ھەر يەتتە يىلدا بىر
قېتىم يۇيۇپ، ئۈستىگە باشقىدىن تامغا بېسىلىدۇ⑫، «باقىر»
(bakir) چىندا قويۇلغان بىر خىل مىس ئاقچىنىڭ نامى⑬،
«كەۋچى» (kāvqi)، كەمچەن، قەشقەردىن ئۇيغۇر ئېلىغا
قەدەر ئاشلىق ئۆلچەشتە ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئۆلچەم⑭،
«ئەگىن» (gin) ئېنى بىر يېرىم غېرىچ، بويى تۆت گەزلىك
بىر خىل بوز. سۇۋار قەبىلىسى شۇنىڭ بىلەن سودا
قىلىدۇ ⑮ دېگەن ئىزاھاتلارمۇ كۈچلۈك ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.
دېمەك، خاقانىيلىكلەر بىلەن چىن زېمىنىدىكى خەلقلەر مۇ-
ناسىۋىتىنىڭ يېقىنلىقىدىن بىرسى بىرسىنىڭ خەجلەيدىغان
پۇللىرىنى شەھەر، قىشلاقلىرىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ھەتتا
ئۆلچەش ئەسۋابلىرىغا قەدەر ناھايىتى ئېنىق بىلىشىدىغان
يىلتىزداش كىشىلەر بولۇشى تەبىئىي. يەنە بىر تەرەپتىن،
«دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن «چىن يىپەكلىرى» نىڭ ئۇيغۇر-
لارغا مۇناسىۋەتلىك ئەشيالار ئىكەنلىكىنى دۇنخۇاڭ تاش
كېمىرلىرىگە سىزىلغان تام سۈرەتلىرىدىكى ساقال - بۇرۇت-
لۇق ئەرلەرنىڭ، يۇمىلاق يۈز، ئوي كۆز ئاياللارنىڭ ئۈستى-
ۋاشلىرىغا كىيدۈرۈلگەن ھەرخىل رەڭلەردىكى يىپەك
رەختلەر؛ تۇرپاندىكى بېزەكلىك، كۇچادىكى قۇمتۇرا، بايدى-
كى قىزىل مىڭئۆيلەردىكى، قەشقەر ئاتۇش - چىگرىسىدىكى
ئۈچ بۇرھان مىڭئۆيىدىكى تاملارغا سىزىلغان نەغمىچى -
ھاپىز يىگىتلەر، سازەندە، ئۇسسۇلچى قىزلار ۋە تۈرلۈك تە-
بىقىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۈستىۋاشلىرىدىكى، سىرتىدىن قارىسا
ئادەمنىڭ بەدەنلىرى كۆرۈنۈپ قالغۇدەك ھالەتتە تەسۋىرلەپ
سىزىلغان يىپەك رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر-
نىڭ ئۆزنەكلىرىمۇ تەستىقلايدۇ.

«دىۋان» دا كۆرسىتىلگەن «چىن يىپەكلىرى» نىڭ
ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئې-
كەنلىكىنى، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا شىنجاڭنىڭ ھەر-
قايسى جايلىرىدىكى قەدىمىي خارابە ۋە قەدىمىي قەبرىستان-
لاردىن قېزىۋېلىنغان زور مىقداردىكى يىپەك توقۇلمىلارنىڭ
قالدۇقلىرىمۇ ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن، 1959 - يىلى غەربىي
يۇرتتىكى 36 بەگلىكنىڭ بىرى بولغان نىيە بەگلىكىنىڭ قە-
دىمىي شەھەر خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيە-
لىك قېزىشتا، شەرقىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق NM001
نومۇرلۇق قەبرىدىن بايقالغان 40 ياشلار چامىسىدىكى ئايال
جەسىتىنىڭ ئۈستىگە كىيگۈزۈلگەن كۆڭلەكنىڭ رەختى ۋە
كۆڭلەكنىڭ بەل قىسمىغا تىكىلگەن تۆت تال يىپەك لېنتا
ناھايىتى مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان. شۇ قېتىمقى قېزىشتا
شەھەر خارابىسى ئىنچىدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىدىن
كۆك رەڭلىك يىپەك رەخت پارچىسى، ئاچ كۆك رەڭلىك
يىپەكتىن تىكىلگەن تون پارچىسى، يېشىل رەڭلىك يىپەكتە
تىكىلگەن ئايالچە كۆڭلەكنىڭ قالدۇقى، كىمخاب تون قال-
دۇقى (بەل قىسمىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 8cm، يەڭ
ئۇچى ئاساسەن ساق بولۇپ 40cm، يەڭنىڭ ساقلىنىپ

قالغان قىسمى 24cm، تون قالدۇقىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 90cm، قالدۇق قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37cm، كەڭلىكى 14cm ھالەتتىكى ئاچ سېرىق رەڭلىك بىر جۈپ يىپەك پايپاق؛ ئۇزۇنلۇقى 184cm، كەڭلىكى 84cm ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان سېرىق رەڭلىك يىپەكتىن راسلانغان كىپەنلىك قاتارلىق يىپەك بۇيۇملار) قېزىۋېلىنغان[16]

1959 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگلىرى سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشىغا ماسلىشىپ، تۇرپاندىكى قاراغوجا ۋە ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا يۈزدىن ئارتۇق قەدىمىي قەبرىدە تازىلاش خاراكتېرلىك ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. شۇ قېتىملىق قېزىشتا TAM108، TAM88، TAM39، TAM100، TAM104 نومۇرلۇق قەبرىلەرنىڭ لەھەتلىرىدىن نەچچە يۈز پارچىدىن ئارتۇق يىپەك رەخت پارچىسى تېپىلغان ھەمدە ئاستانە قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان يىپەك رەختلەرنىڭ بوياقچىلىق تېخنىكىسى، توقۇش ئۇسۇللىرى ئۈستىدە مەخسۇس تەجرىبە، تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان. يىپەك رەختلەرنىڭ تېخنىكىلىق يىل دەۋر ئانالىزى تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ خۇلاسىلەنگەن[17]

1965 ـ يىلى قىشتا، تۇرپان ئاستانە قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشتا TAM39 نومۇرلۇق قەبرىنىڭ ئىچىدىن تارىخىي تاڭ دەۋرىگە توغرا كېلىدىغان 15 پارچە يىپەك توقۇلمىدىن تىكىلگەن ھەرخىل كىيىم ـ كېچەك، يىپەكتىن راسلانغان كىپەنلىك قاتارلىق ھەمدەپنە بۇيۇملار قېزىۋېلىنغان. يىپەك توقۇلمىلارنىڭ رەڭلىرى كۆپ خىل ھەم سۈپەتلىك بولۇپ، قىزىل، كۆك، قارا، سېرىق، زەررەڭ، سارغۇچ يېشىل رەڭلەر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرغان. بۇيۇملارنىڭ ئارىسىدا يەنە يىپەك يۈز ياپقۇ، خوراز باشلىق ياستۇق قاتارلىقلارمۇ بار[18]

1980 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگلىرى كروران قەدىمىي شەھەر خارابىسىگە تەۋە گۇتەي قەدىمىي قەبرىستانلىقىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بارغان. (بۇ قەبرىستانلىقنى 1914 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ئاۋرېل ستەيىن بىر قېتىم قازغان بولۇپ، $MB_1$، $MB_2$ نومۇرلۇق قەبرىدىن 170تىن ئارتۇق ھەمدەپنە بۇيۇم قېزىۋالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە 75 پارچە بۇيۇمنىڭ ھەرخىل رەڭلەردىكى يىپەك بۇيۇملار ئىكەنلىكى مەلۇم). شۇ قېتىمقى قېزىشتا قەبرىلەرنىڭ لەھەتلىرىدىن سېرىق، يېشىل، قىزىل، كۆك يىپەك بۇيۇملار (ئەرەنچە يىپەك تون، رومال ياكى شارپا پارچىسى، يىپەك لېنتا، ئايالچە كۆڭلەك) نىڭ قالدۇقلىرى قېزىۋېلىنغان. يىپەك رەختلەرنىڭ C14 بىلەن ئۆلچەنگەن يىل دەۋرى شەرقىي خەن دەۋرىگە توغرا كەلگەن[19]

1983 ـ يىلى، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيە تەۋەلىكىدىكى سامپۇل قەدىمىي قەبرىستانلىقى ئۆستەڭ يار كېتىش سەۋەبىدىن سۇ ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقتىن، قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بېرىلىپ 19 قەبرە تازىلاندۇ. شۇ قېتىمقى قېزىشتا M06، M016 نومۇرلۇق قەبرىدىن يىپەكتىن تىكىلگەن ئىشتان، يىپەك پەلتو، كۆڭلەك قالدۇقى تېپىلغان [20]

يازما خاتىرىلەردىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئەسىرگە مەنسۇپ ئەرەبچە مەنبەلەردىن مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زامانداش تۈركىي تىللىق ئالىم شەرەف ئەل زامان تاھىر مەرۋەزىنىڭ (1046 ـ 1120) (بۈگۈنكى تۈركمەنىستان جۇمھۇرىيىتىدىكى مەرۋى دېگەن جايدا تۇغۇلغان، مەھمۇد غەزنىۋى ئوردىسىدا پوتوكچى، سالجۇق تۈرك سۇلتانلىرىدىن سۇلتان مەلىك شاھنىڭ ئوردىسىدا ئاتا شاغۇن (ئوردا تېۋىپى) بولۇپ خىزمەت قىلغان) ئەرەب تىلىدا يازغان «تەھلىلى ھايۋان» ناملىق تارىخ، جۇغراپىيىگە مۇناسىۋەتلىك ئەسىرىنىڭ «جۇڭگو توغرىسىدىكى بايانلار» (ئەسلى كىتاب ئەرەب تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، 1930 ـ يىلى مىنورۇسكى ئىنگلىز تىلىغا تەرجىمە قىلغان، خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار كىتابتىكى «چىن» ئاتالغۇسىنى بىۋاسىتە جۇڭگو (中国) دەپ تەرجىمە قىلغان بۇ خىل تەرجىمە قىلىش توغرا ئەمەس. ئا) دېگەن بابىدا: «بىز ئېيتقاندەك مانى دىنى مۇرىتى بىغافورئولىغ ئىلگىرى جۇڭگو (چىن) دۆلىتىدىن بىردانە يېشىل يىپەك كۆڭلەك سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇ كۆڭلەكنى قاتلىسا ئالقانغا سىغقۇدەك دەرىجىدە كىچىكلەيدىكەن»، «جۇڭگولۇقلار (چىنلىقلار) نىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى يىپەك دۇردۇنلاردىن تىكىلىدۇ. تونلىرىنىڭ يەڭلىرى كەڭ بولىدۇ. كۆڭلەكلىرى يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرىدۇ...»[21] دېگەن بايانلار بار. گەرچە مەرۋەزىنىڭ ئەسىرىدىكى «چىن» نىڭ ئورنى توغرىسىدىكى بايانلىرىدا خېلى كۆپ نۇقسانلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى چىننىڭ يىپەكلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بايانلاردىن قەدىمدە چىنلىقلارنىڭ يىپەكچىلىك كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئۇيغۇر شائىر مارۇچاڭ (1279 ـ 1338) نىڭ «ئىران سودىگەرلىرى» ناملىق

شېئىرىدا:

سودىگەر ئىرانلىقلار، دەشتى چۆللۈكتىن كېلەر،
تۈندە كولدۇرما ئۈنى يول يىراقىن ئەسلىتەر.
قاراقاش دەريا لىۋىدىن ئېلىپ كېلەر تاشنى تىرىپ،
شەرق ئېلىدە ئۈنى كەندىر ھەم يىپەككە تېگىشەر.

دەپ يېزىلغان. شائىر شېئىرىدا يازغان شەرق ئېلى شۈبھە-سىزكى تۇرپان، قۇمۇل ۋە گەنسۇنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى-نى كۆرسىتىدۇ. بۇ قاراشنى شائىرنىڭ «خېشى دىيارىدىكى نەزمە» ناملىق شېئىرى تېخىمۇ ئېنىقلىرى سۈرىدۇ:

تۇرىدۇ تېلىمەن تېغى ئاستىدا خېشى مەۋج ئۇرۇپ،
يېشى ئۈن سەككىزدە قىزلار چېچىنى ئالغاي تۈرۈپ.
لالىدەك كۆركەم ئىگىنلەر يالتىرار گويا شەپەق،
جۈپ تاپار بۇددىست يىگىتلەر كەينىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ.
يول ئالار غەرب تامان تۆگىگە دۇردۇن بېسىپ،
قايتىشار بايلىقتا ھەتتا تاقىغا زەر چەكتۈرۈپ. ㉓

بۇ شېئىردا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە خېشى كارىدورى ئەتراپى ۋە تېلى تېغى باغرىدا ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشى قىسقىچە تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردە ياشايدى-غان خەلقلەرنىڭ يىپەكچىلىك كەسىپىنىڭ تەرەققىي قىلغانلى-قىنى، سودىگەرلەرنىڭ يىپەكلەرنى ئات، تۆگىلەرگە يۈكلەپ، يىپەك يولى ئارقىلىق غەربتىكى قوشنا ئەللەرگە ئاپىرىپ سېتىپ نۇرغۇن پۇل تېپىپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى شېئىرلاردا تىلغا ئېلىنغاندەك، ئىران سودىگەرلىرىنىڭ قىممەتلىك تاشلارنى «شەرق ئېلى» دە كەندىر، يىپەكلەرگە تېگىشىدىغانلىقى «شەرق ئېلى» نىڭ خېشى كارىدورى ئەتراپى ئىكەنلىكى ئۆز - ئۆزىدىن بىلى-نىپ تۇرىدۇ. گەرچە شائىر مازوچاڭ ياشىغان دەۋر قاراخانىي-لار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغان يەنى ئوتتۇرا، مەركىزى ئاسى-يانىڭ سىياسىي تۈزۈلمىسىدە، چېگرا پاسىللىرىدا غايەت زور ئۆزگىرىش بولغان دەۋر بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلار سۇلالى-سى دەۋرىدە «چىن» دەپ تونۇلغان ئۇيغۇرلار بىلەن باشقا مىللەتلەر ئارىلىشىپ ياشىغان بۇ جايلاردا يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا يىپەكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق كەسىپلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان» دا كۆرسىتىپ ئۆتكەن «چىن يىپەكلىرى» نىڭ قەدىمدىن بۇيان ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇراق-لاشقان، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرغان ماكانلار بولغان بۇگۈنكى گەنسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى خېشى كارىدورى، تېلى تېغى ئەتراپلىرى، دۇنخۇاڭ ۋە بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل، تۇرپان رايونلىرى دەپ قاراش مەيلى قايسى تەرەپلەردىن بولسۇن، تارىخ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان «چىننىڭ بىر خىل يىپىكى»، «چىندىن كەلتۈرۈلگەن يىپەك» لەرنى قاراخانىيلار زېمىنلىرىدىكى مۇسۇلمان ئۇيغۇرلارغا مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار ماكانىدىن كەلتۈرۈلگەن توقۇلما بۇيۇم-لار، دەپ قاراشقا تامامەن بولىدۇ.

---

**ئىزاھاتلار:**

①②③④⑤⑥⑦⑧⑨⑩ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى [1 - توم] 223، 581، 326 - بەتلەر.

⑫⑬⑭⑮ مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىلى نەشرى (ئۇيغۇرچە) [1 - توم] 592، 593، 811، 39، 40، 37 - بەتلەر.

⑪ «بۇلاق» ژۇرنىلى 2005 - يىللىق 6 - سان 67 - بەت

⑯⑰⑱⑲⑳ «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىنىڭ 30 يىلى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى (خەنزۇچە) نەشرى 411، 410، 594، 409، 488، 67، 66، 439 - بەتلەر.

㉑ «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1985 - يىللىق (خەنزۇچە) 1 - سان 170، 176 - بەتلەر.

㉒㉓ ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇرلاردا ئىسلام مەدەنىيىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلى (ئۇيغۇرچە) نەشرى 153، 154 - بەتلەر.

---

**ئاپتور:** قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىدە.

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن**

# 11 - ئەسىر فىلولوگىيە ئىلمىدىكى شەرق چولپانلىرى

ئابابەكرى ئاتىخان

ئىلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ»، ئىسلاھات ئېچىۋېتىش يەنىمۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىۋاتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە، ب د ت 2008 - يىلىنى مەھمۇد كاشغەرى يىلى قىلىپ بېكىتىپ، شەرق مەدەنىيىتىدىكى يوشۇرۇن، ئاكتىپ ئامىللارنى قېزىپ چىقىپ، دەۋر تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدۇرۇشقا رىغبەتلەندۈردى. «ئىنسان مەدەنىيىتى مەسلىكى»: ئىنسان ئەقلىي، ئەخلاقىي بىلەن بىلىم شەكىللەندۈرۈپ، تەرەققىيات ياسايدىغان بۈيۈك شەيئىدۇر دېگەن تەبىرى بىلەن، فىلولوگىيە دەپ ئاتالغانىدى. ئىنسانلار دۇنياسىدا ئەزەلدىن تالاش - تارتىش قىلىنىپ كېلىۋاتقان «ئىنسان مەدەنىيىتى مەسلىكى»، كىشىلەرنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، تەرەققىيات ياساشقا ئۈندەيدىغان مەسلەك بولۇپ، دەۋر ۋە تەرەققىياتنى ياتلاشتۇرىدىغان، ھەتتاكى تەرەققىياتقا قارشى تۇرىدىغان بىر تەرەپلىمە تەقدىر ئىدىيىسى ۋە كۆز قاراشلىرىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ، ھەم ئۇنى رەت قىلىدۇ. 11 - ئەسىر قاراخانىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن يېتۈك ئالىملاردىن مەھمۇد كاشغەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چولپان، ئۆز دەۋرىنىڭ خۇراپاتلىق ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، «ئىنسان مەدەنىيىتى مەسلىكى» نىڭ تەشەببۇسچىلىرى سۈپىتىدە، شەرق مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن بېزەلگەن «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى قىممەتلىك ئەسەرنى مىراس قالدۇرۇپ بەردى. بۇ ئىككى گۆھەر كىتاب، ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلاردا بىر - بىرىنىڭ كەمتۈكلۈكلىرىنى تولۇقلاپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىدىن تارتىپ كىچىك ئىشلىرىغا قەدەر كېرەكلىك شەيئىلەرنى ئۆلچەملەشتۈرگەن، قېلىپلاشتۇرغان، سۆزلۈكلەرنى زامانىۋىلاشتۇرغان، پەلسەپىلەشتۈرگەن، كىشىلەرنى بىلىم يولىنى بويلاپ مېڭىپ، تەرەققىيات ياساش، ئاسمانغا چىقىشقا رىغبەتلەندۈرگەن كىتابلاردۇر. بۇ ئەسەرلەردە شەرھلەنگەن تۈپ ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلار، شەرق مەدەنىيىتى، جۈملىدىن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى بولۇپ، ئۆزگىچە، ئىلغار شەرق مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. تۆۋەندە ئىككى كىتابتىن ئادەمنىڭ ئىسمى، سۈپىتى، تەپەككۇرى، غايىسى قاتارلىقلارنى شەرھلەپ ئۆتىمىز.

### 1. ئادەمنىڭ ئىسمى

«دىۋان» دا: «يالڭۇق، دېگەنلىك ئىنسانىيەت، پۈتۈن ئىنسانىيەت» دېگەنلىك بولىدۇ، «ياڭلۇق دېگەنلىك، يېڭىلىشقاق، ئۇنۇتقاق، ئاداشقاق ئادەم» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئادەمگە ئىككى ئىسىم قويغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 197 - بېيىتىدە: «ئادەم ئازغاق ئۈچۈن ئاتاندى ياڭلۇق، تۇغۇلۇپ يالڭاچ، ئاتاندى يالڭۇق» دەپ شەرھلىگەن.

يالڭۇق ۋە ياڭلۇق قەدىمى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۈيۈك شەرق يەرلىك پۇرىقى ئۆتكۈر، پەلسەپىۋىلىكى چوڭقۇر ئىسىم ۋە تەبىر بولۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت باراۋەر بولىدۇ. مەيلى قانداق رەڭ، مەيلى قانداق تىللىق بولسۇن، ھەممە كىشى يالڭاچ تۇغۇلىدۇ، شۇڭا يالڭۇق دەپ ئاتىلىدۇ. بارلىق كىشىلەر يېڭىلىشقاق، ئۇنۇتقاق، ئاداشقاق بولىدۇ، شۇڭا ياڭلۇق دەپ ئاتىلىدۇ. يالڭۇق ۋە ياڭلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئىمتىياز، جۈملىدىن بايلىقلىرىنى تاشلاپ، ئىككى بوي ماتاغا يۆگىنىپ، ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، دەيدىغان ئىدىيە ۋە پىكىرلەرگە مۇجەسسەملىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى: «مۇقەددەس ئىرق، مىللەت، تىل، يېزىق بولىدۇ، ھۆكۈمران تەبىقىلەرنىڭ ئەجدادتىن ئەۋلادقا ھۆكۈمران بولۇشى، بايلارنىڭ باي بولۇشى، ئېزىلگۈچى خەلق ئاممىسىنىڭ مەڭگۈ قۇل بولۇشى، زوۋۇلسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن پېشانىسىگە پۈتۈلگەندىن بولىدۇ» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە تەقدىرچىلىك ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلارنى تەنقىد قىلىدۇ ۋە رەت قىلىدۇ. بۇ بىر جۈپ شەرق چولپانلىرى مۇشۇنداق ئىلغار

ئىدىيە ۋە پىكىرلەرنى قەشقەر ۋە باغدادتا ئاشكارا بايان قىلغان.

**2. ئادەمنىڭ سۈپىتى**

«دىۋان» دا: «بىلىگ، بىلىم، ئىلىم، ھېكمەت، ئەقىل دېگەنلىك بولىدۇ، بىلىگ ئۆگەن!» دەپ، بىلىمگە شەرئى بەرگەن ۋە بىلىم ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 1958 ـ بېيىتىدە: «ئادەم باللىرى ھەممە ئەسلى بۈيۈك، بىلىملەر ئەقىللىنىپ بولۇر كۈپ تۈزۈك» دەپ يالڭۇقنى سۈپەتلىگەن.

يالڭاچ تۇغۇلغان يالڭۇقنىڭ قەلبى بولىدۇ، ھەممە كىشى قەلبىنىڭ مېڭە، قەلب، ئەقىل، كۆز، قۇلاق، كېكىردەك، تىل قاتارلىق يەتتە ئەزاسىنى بىرگە ئېلىپ تۇغۇلىدۇ. بەزىلەرنىڭ يەتتە ئەزاسى تولۇق، بەزىلەرنىڭ يەتتە ئەزاسى كەمتۈك تۇغۇلمايدۇ، شۇڭا ھەممە كىشى ئەسلىدىن بىرلەمچى يەنى تۇغما بۈيۈك سۈپەتلىنىدۇ. يالڭاچ تۇغۇلغان ئىنسان، تۇغۇلغاندىن كېيىن كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ، قەلبى بىلەن كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى تۇپلايدۇ، ساقلايدۇ، ئەقىل بىلەن ئېچىتىپ ھەزىم قىلىدۇ، ئەقىللىنىدۇ، كېكىردىكىنى ئىشقا سېلىپ تىل بىلەن ئەقلىنى ئىزھار قىلىدۇ. ياڭلۇقنىڭ ئەقلى پاك، سەممىي، يېڭىلغاق، ئۇنۇتقاق، ئاداشقاق (ئەگەشكەك) بولىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ خاس ئەقلى، مەيلى قايسى خىل ئۇسۇلدا ئاشكارىلانسۇن، ھامان ئۆزلۈك تەرىپلىنىدۇ، تەپەككۇر سۈپەتلىنىدۇ، بىر قەدەر ئىلگىرىلىسە مەھەللىۋى ئىدىيە ـ كۆزقاراش تەپەككۇرلىرى سۈپەتلىنىدۇ، مەھەللىۋى تەپەككۇرلار بىلىم سۈپەتلەنمەيدۇ. پاك، سەممىي تەپەككۇرلارنىڭ بېيىشى، يېڭىلىنىشى بىلىم سۈپەتلىنىدۇ، بىلىم، «بىلىگ، ئېلىگ، ھېكمەت، ئەقىل دېگەنلىك بولىدۇ». پۈتكۈل يالڭۇق ۋە ياڭلۇقلارنىڭ تۇرمۇش سىناق ئەمەلىيىتىدىن ئۆتكەن، ئورتاق ئىدىيە ـ پىكىرلەر بىلىم دېيىلىدۇ، ھەم بىلىم يۇرتلىرىدا دەرسلىك قىلىنىدۇ. بىلىم، ئەقىل، ئەخلاق تۇغۇپ بېرىدۇ. يالڭۇق، ياڭلۇقلار بىلىم ئۆگىنىپ، تەپەككۇر قىلىپ، بىلىملىك، ئەقىللىق ئەخلاقلىق كىشىلەردىن بولۇپ چىقىدۇ. بىلىم ئارقىلىق جاھاننى مۆجىزە، كەشپىياتلار بىلەن بېزەيدۇ، بەخت ـ سائادەتلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. مانا بۇ ئىنساننىڭ ئىككىلەمچى سۈپىتى، يەنى ھاياتلىق سۈپىتى دەپ ئاتىلىدۇ. يالڭۇق، ياڭلۇقلار بىلىمى، ئەقلىي، ئەخلاقى بىلەن تۆرگە چىقىدۇ، بۈيۈك، قەدىرلىك، ئەزىز، تۈزۈك سۈپەتلىنىدۇ. ئىككى ئالىمنىڭ بۇ خىل ئىدىيە ۋە كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنىڭ مەنىسى «ھۆكۈمرانلارنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى، بايانلارنىڭ باي بولۇشى، ئۇلارنىڭ تۇغما ئەقىللىق بىلىملىك يارىتىلىشتىن ئېزىلگۈچىلەرنىڭ ئېزىلىشى، قۇللارنىڭ قۇل بولۇشى، تۇغما نادان يارىتىلىشىدىن كېلىدۇ. ئەقىللەردىكى پەرق يارىتىلىشتىن بولىدۇ» دەيدىغان ھۆكۈمران تەبىقىلەرگە تەۋە بىر تەرەپلىمىلىك ئەقىل ۋە بىلىم قارىشىنى، ئىنساننىڭ سۈپەتلىرىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق، تەنقىد ۋە رەت قىلىشتىن ئىبارەت.

**3. ئادەمنىڭ تەپەككۇرى**

«دىۋان» دا: «نەڭ ـ نەرسە، مال، دۇنيا دېگەنلىك بولىدۇ» دەپ شەرھلىگەن.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 306 ـ بېيىتىدە: «ھېكمەتلەر سۆزىنى ئاڭلا ۋە چۈشەن،
جىققا ئاز كەلمەس بۇ تۆت نەڭ ھەرقاچان.
307. تۇتنىڭ بىرى ئوت بىرى رەقىب سۇدۇر،
ئۈچىنچى كېسەللىك ـ بايلىق تۇزاقتۇر.
308. ئۇلاردىن كېيىنكىسى بىلىڭ ئاتىلور،
تۆت نەڭنى بوش كۆرمە يۈكسەك قانۇندۇر» دەپ چۈشەنچە بەرگەن.

تۆت نەڭ تېبابەت ئىلمىدىكى ئىنسان بەدىنى، ھۆل، قۇرۇق، ئىسسىق، سوغۇق، شامال قاتارلىق تەبىئەت مىجەزلىرىنىڭ تەبىرلىرى بولۇپ قالماستىن ئەزەلدىن ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن. نەڭ، ئاژۇن، تەبىئەت، دۇنيا، شەيئى، نەرسە، ئىمتىياز، قەۋم، بايلىق، مال، دېگەندەك پۈتكۈل ماددىي ۋە مەنىۋى شەيئىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. تۇپراق، سۇ، ئوت ۋە ھاۋادىن ئىبارەت تۆت نەڭ، شەيئىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ماددىلارنىڭ ئىسمى بولۇپ، نەڭ بۈگۈنكى دەۋردىكى ئېلېمېنت دېگەن ئاتالغۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئىسمى دېيىلىدۇ. ئېلېمېنت پەقەت خىمىيىلىك ماددىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتالغۇسىدۇر. نەڭ تۇپراق، خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمدىن تارتىپ، كىشىلەر تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىكى شەيئىلەرنى تۆت نەڭ تەركىبى، سۈپىتى بىلەن ياراشتۇرغۇچى تەرىپلەپ،

پىكىر يۈرگۈزۈپ، نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ مىراس قالدۇرغان. بۇ نادىر ئەسەرلەردىكى تۆت نەگىلىك تەپەككۇرلار، ئادالەتنى قوغداش، بىلىمنى ئايغا تەمسىل قىلىپ «ئادالەت ۋە بىلىم بولمىسا تەرەققىيات بولمايدۇ» دەپ ھۆكۈم بېرىشكەن ئىدى. بۇ تەپەككۇرلار ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسى ئىدى. دەۋر ۋە تەرەققىيات يولىدا مېڭىۋاتقانلار تەرەققىياتنىڭ مېۋىسىدىن مەغرۇرلىنىپ، تەرەققىياتقا ئۇل بولغان تۆت نەگىلىك تەپەككۇرنى تاشلىۋەتتى. دەۋر ۋە تەرەققىيات ئارىسالدىچىلىقىدا قالغان كىشىلەر، تەرەققىيات ياساۋاتقان بىلىمنى قايسىدۇر قەۋملەرنىڭ بىلىمى دەپ، ئايغا تەمسىل قىلىنغان بىلىمدىن گۇمانلاندى. بۇلار ئادالەتنى قوغداش، بىلىمنى ئايغا تەمسىل قىلغان تۆت نەگىلىك تەپەككۇرنى ئۇنتۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار دۇنياسىدا ئۇنۇتقاقلىق كېسىلى يامراپ كەتتى. ئەمدى گەپنى ئالىملىرىمىزنىڭ تۆت نەگىدىن پايدىلىنىپ قەدىمىي ئۇيغۇر تىل سۆزلۈكلىرىنى قانداق ئۆلچەملەشتۈرگەنلىكىنى ئۆگىنىمىز.

«ئېلىگ» دىكى، «ئېل»، ئەل، دۆلەت مەنىسىنى، «ىگ» ئىگىسى مەنىسىنى بېرىپ، «ئېلىگ»، دۆلەت، پادىشاھلىق، دۆلەت يولباشچىسى، دۆلەت ئىگىسى، پادىشاھ مەنىسىنى بېرىدۇ. ئۇنداقتا پادىشاھلىق يەنى دۆلەت پادىشاھ، ۋەزىر، بەگ، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلار قاتارلىق تۆت قۇرۇلمىدىن تۈزۈلىدۇ. كۈنى، تۆرۈ، تۆزۈ، توقۇ قاتارلىق تۆت خىل قانۇن بىلەن دۆلەت ئىشلىرى يۈرۈشتۈرۈلىدۇ.

بىرىنچى: دۆلەتكە پادىشاھ، دۆلەت يولباشچىسى، ئەلگە «كۈنى» يەنى ئادالەت بىلەن رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

ئىككىنچى: ھۆكۈمەت باشلىقى ۋەزىر «تۆرۈ»، يەنى قانۇن تۈزۈپ خىزمەتچىلەرنى يۈرۈشتۈرىدۇ.

ئۈچىنچى: بەگ، مىنىستىر ياكى ۋالىي «تۆزۈ»، يەنى نىزام تۈزۈپ مەسىلە ھەل قىلىدۇ.

تۆتىنچى: ئاۋام، خەلق، «توقۇ» يەنى قائىدە ـ تۈزۈم تۈزۈپ ئىچكى ئىشلىرىنى ھەل قىلىدۇ. دۆلەتنى قانۇن، ئەخلاق بىلەن ئىدارە قىلغانلىقنى باھالاشتا تۆت ئۆلچەم قوللىنىلىدۇ.

بىرىنچى: ئادالەت. كىشىلەرنى قەۋم، ئەۋلاد، يات، دەپ ئايرىمايدۇ.

ئىككىنچى: سائادەت. قوي بىلەن بۆرە بىرلا ۋاقىتتا بىر جايدىن سۇ ئىچىدۇ.

ئۈچىنچى: ياخشىلىق. بىرى ئاپەتكە ئۇچرىسا ھەممە ياردەم بېرىدۇ.

تۆتىنچى: كىشىلىك. كىشىلىك ھېسسىيات، مەجبۇرىيەت، بۇرچ ئېنىق بولىدۇ.

بۇ مىساللاردىن كۆرۈۋىشكە بولىدۇكى، تۆت نەگىلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى، ئىككى ئالىم ئەسەرلىرىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى بولۇپ، ئەزەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ياڭلۇقلارنىڭ تەپەككۇر ئۇسلۇبىدىن ئىبارەت. تۆت نەگىلىك تەپەككۇر كىشىلەرگە شەيئىلەرنى قانۇنىيەتلىك، مەنتىقىلىق، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. سۆزلۈكلەرنى چۈشىنىشلىك، چوڭقۇر، مەنىلىك ئىخچاملاشتۇرىدۇ، دەۋر ۋە تەرەققىياتقا يول باشلايدۇ.

**4. ئادەمنىڭ غايىسى**

«دىۋان» دا: «ئەي ئوغۇل مەندىن نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە،

خەلقتە ئۇلۇغ ئالىم بول، بىلىمىڭنى تارقات.»

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 215 ـ بېيىتىدە: «ئېلىگ ۋە بىلىگدۇر ئىككى ياخشى نەڭ،

ئەگەر بولسا ئىشلەت ئۇچۇپ كۆككە تەڭ.»

يالغۇق ۋە ياڭلۇقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلب ئارزۇسى، تىلىكى، غايىسى بولىدۇ، غايىسىنى تەپەككۇر بىلەن ئىپادىلەيدۇ، تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن ئادالەتكە موھتاج بولىدۇ، ئادالەت قوينىدا ياشاشنى تۈنجى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر قانۇن، ھەقىقەت، ئادالەت توغرىسىدا تەپەككۇر قىلىشىدۇ، تەبىر بېرىشىدۇ، ئادالەت، ھەقىقەت، قانۇن نىسبىي بولىدۇ، مۇتلەق بولمايدۇ دەپ يەكۈنلەپ، ئادالەتسىزلىكلەرنى ئادالەت دەپ سۈرەتلەيدۇ، ئادالەتسىزلىكلەرگە داغدام يول ئېچىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادالەت تەبىرىدە ئازغۇنلۇق كېسىلى پەيدا بولىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككى ئالىم ئادالەتنى قوغداشقا تەمسىل قىلىپ، ئادالەتكە ئەڭ توغرا تەبىر بەردى. بىرىنچى، روزى مېھساقتىن بۇيان قوياش بىر ئوربىتىدا ئايلىنىپ، ئوخشاش يورۇقلۇق ۋە ھارارەت ئاتا قىلغانغا ئوخشاش، ئادالەت، مۇتلەق بولىدۇ، نىسپىي بولمايدۇ. ئىككىنچي، قوياش بىر ئوت سۈپىتىدە، ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس،

پىرتكول كائىناتنى يورۇتىدۇ، ئىسسىتىدۇ، ئادالەت ئۆزى
ئۈچۈن ئەمەس ئۆزگە ئۈچۈن بولۇپ، بارچىنى ئادالەتتىن
بەھرە ئالدۇرىدۇ. ئۈچىنچى، قۇياشنىڭ نۇرى ۋە ھارارىتى
كائىناتنىڭ ھەممە يېرىگە، بارلىق شەيئىلەرگە يېتىپ بارىدۇ،
ئادالەت نۇرى ۋە ھارارىتى زېمىننىڭ ھەممە يېرى، شەيئى-
لەرنىڭ بارچىسىغا نۇر ۋە ھارارەت بېرىدۇ، جىنس، قەۋم،
مىللەت ئايرىمايدۇ. تۆتىنچى، قۇياشنىڭ نۇرى ۋە ھارارىتى
جانلىقلارنى جانلاندۇرۇپ، مېۋە بەرگۈزىدۇ. ھەر شەيئىگە
لايىق نېمەت بېرىدۇ، ئادالەت نۇرى ۋە ھارارىتى كىشىلەرنى
تەپەككۇر قىلىش، بىلىم شەكىللەندۇرۇش ۋە مېۋە ئېلىشقا
تەشكىللەيدۇ، مېۋە مۆجىزە- كەشپىياتتۇر.

ياغلۇق بىلىم ئۆگىنىشنى يەنە بىرغايە قىلىدۇ، ئۆز ئەت-
راپىدىكى ۋە يىراقتىكى ئىشلارغا قىزىقىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ
مەنىسى، سەۋەبى، تەكتىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. بىلىش ئوقۇ-
تۇشتىن باشلىنىدۇ، بىلىش تەپەككۇردىن كېلىدۇ، تەپەككۇر
بىلىم شەكىللەندۈرىدۇ. ھاسىل بولغان بىلىم ئەقىلنى غىدىق-
لايدۇ، تەپەككۇرنى قوزغىتىدۇ. ئەقىل ئۈزلۈك تەپەككۇر
بولۇپ، بىلىم سانالمايدۇ، بىلىمگە نۇرلۇق ئاي تەمسىل قىلى-
نىدۇ. بىرىنچى، نۇرلۇق ئاي زېمىن ۋە زېمىندىكى بارلىق
شەيئىلەرنىڭ قاراڭغۇ تۈنىنى يورۇتىدۇ، ئايغا تەمسىل
قىلىنغان بىلىمنىڭ جىنسى، قەۋمى، مىللىتى، دۆلەت چېگرى-
سى بولمايدۇ. ئىككىنچى، ئاي نۇرى زېمىن ۋە شەيئىلەردى-
كى بىلىملەرنى قېزىپ چىقىپ، زېمىن ۋە شەيئىلەرنى يورۇ-
تۇشنى دەۋەت قىلىدۇ. بىلىم تەبىئەت ۋە تەبىئەتتىكى شەيئى-
لەرنى تەپەككۇر قىلىش ۋە قېزىشتىن شەكىللىنىدۇ. ئەمەلى-
يەت ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ، سەرخىل تەپەككۇرلارنىڭ يە-
كۈنى بىلىم ئاتىلىپ، ئايغا تەمسىل قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى،
نۇرلۇق ئاي كىشىلەرنىڭ قاراڭغۇ تۈنىنى يورۇتىدۇ، بىلىم
كىشىلەرگە بەخت - سائادەتلىك تۇرمۇش، ياخشىلىق ئاتا
قىلىدۇ. تۆتىنچى، ئاينىڭ نۇرى ھىلالدىن تولۇنغا، تولۇن-
دىن ھىلالغا ئالمىشىدۇ. بىلىمنىڭ تولۇندەك پورەكلىگەن
دەۋرى بولىدۇ، ھىلالدەك كىچىكلىگەن دەۋرى بولىدۇ. بىلىم
تۇرغۇن پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، مۇئەييەن دەۋردە
ھەممە پەنلەر كامالەتكە يەتمەيدۇ، بەزى پەنلەر تولۇن
ئايدەك، بەزى پەنلەر ھىلال ئايدەك بولىدۇ.

يالغۇقنىڭ ئۇلۇغ غايىسى بولىدۇ، غايە ئىشەنچ، ئۈمىد-
ۋارلىقتىن كېلىدۇ، غايە بىلىمگە چەمبەرچاس باغلىنىدۇ.
بىلىم بىلەن ئاسمانغا ئۆچسا بولىدۇ. بۇ قەدىمىي زامان كى-
شىلىرىنىڭ غايىسى. بىلىم كىشىلەرنىڭ غايىسى، ئۈمىدىنى
ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئاچقۇچ. جاھان ئەينىكى، دۇلدۇل،
ئۇچار گىلەم قاتارلىق ئۇلۇغ غايىلىرى، ھالا بۈگۈندە پەن -
تېخنىكا ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلاندى. ئالىملارنىڭ «بىلىم
بىلەن ئاسمانغا ئۇچ» دېگەن چاقىرىقى، غايىسى ئەمەلگە
ئاشتى. خۇلاسە كالام، 11 - ئەسىردىكى مەھمۇد كاشغەرى
ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق بۇ ئىككى ئالىم «دىۋانۇ
لۇغەتت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» ئەسەرلىرى ئارقىلىق، ئا-
دەمنىڭ ئىسمى، سۈپىتى، تەپەككۇرى ۋە غايىسى قاتارلىق
فىلولوگىيىلىك ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىنى سىستېمىلاشتۇرۇپ
تەبىر بەرگەن، ياغلۇق توغرىسىدىكى خۇراپىي قاراشلارنى
ئاشكارا رەت قىلغان شەرق چولپانلىرىدۇر.

---

**ئاپتور:** قەشقەر ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا

**تەھرىرلىگۈچى: تۇرسۇنئاي ئابلەت**

# مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا

مەريەم توختى

قاراخانىيلار ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە ياراتقان سۇلالە، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت ئىككى بۈيۈك ئەسەر جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدە مەڭگۈ چاقناپ تۇرىدىغان گۆھەر ھېسابلىنىدۇ. نېمە ئۈچۈن قاراخانىيلار دەۋرىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مۇنچىلىك غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىدۇ؟ «ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي مەزگىلدە ئۈچ دىن (بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى) ۋە ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت (قەدىمكى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى ۋە قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتى) ئۆزئارا قوشۇلغان رايوندا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بىر قەدەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن، يېزا ئىگىلىكى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولغان ۋە (يىپەك يولى) سودا كۆۋرۈكى ھەم سودا بازىرى بولغان رايوندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز دەۋرىدە ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتى يۇكسەك تەرەققىيات سەۋىيىسىگە يەتكەن مىللەت ئىدى. شۇڭا ئۇستقۇرۇلمىسى ھېسابلانغان مەدەنىيىتىدىمۇ كارامەت ياخشى تۆھپىلەر ۋۇجۇدقا چىققان.»①

ئەگەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرىنى چۈشەندۈرمەكچى بولساق، ئالدى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ ئىسلام مائارىپىنىڭ ئەھۋالى ھەمدە ئالىملىرىدىن بىرى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

### 1. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ مائارىپى توغرىسىدا

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلام مائارىپىنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى، مۇستەھكەملىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شەكىللىنىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى

مىلادىيە 920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ زور تارىخىي ۋەقەدىن كېيىنلا قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىسلامى مائارىپى باشلاندى، ئىسلام مەدرىسلىرى قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدا كەينى ـ كەينىدىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مەدرىسلەرنىڭ قۇرۇلمىسى يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا يېقىنلاپ كېلەتتى. ئەينى چاغدا قاراخانىيلار سۇلالىسى زېمىنىدا «ساچىيە مەدرىسى»، «ھەمىدىيە مەدرىسى» ۋە «خاقانىيە مەدرىسى» قاتارلىقلار بارلىققا كەلدى. ئىسلام ئالىي مائارىپىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ زور بىر تۈركۈم دىنىي ھەم ئىلمىي ئالىملار ئەنە شۇنداق خاراكتېر ئالغان ئىدى، ئۇلار قاراخانىيلار سۇلالىسى ئۈچۈن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى يېتىشتۈرۈپ بەردى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىگە ئەگىشىپ ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش تۈزۈلمىسى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە دەرسلىكى قاتارلىقلاردا زور ئىلگىرىلەش بولدى.

مەسىلەن، يۇقىرىدىكىدەك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلىرى، مەسىلەن، «ئىپتىدائىي مەكتەپ» (باشلانغۇچ مەكتەپ)، «قارىخانا» (كەسپىي مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ) ۋە مەدرىسە قاتارلىقلار تەرتىپلىك ھالدا مۇكەممەللەشتى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ھەم دەرسلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملاشتى. باشلانغۇچ مەكتەپلەردە خەلققە دىنىي ۋە تەبىئەت بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دىن پارچىلار، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرى ھەمدە نەۋايى قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى ئۆتۈلسە؛ ئالىي بىلىم يۇرتى مەدرىسلىرىدە بولسا «قۇرئان كەرىم»، «قۇرئان كەرىم» گە شەرھى، «ھەدىس»، ئەرەب گرامماتىكىسى، ئەرەب ئەدەبىياتى، پارس گرامماتىكىسى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ئىسلام قانۇنشۇناسلىقى قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. بۇ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش مۇددىتىمۇ مۇقىم بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار باشلانغۇچتا ئۈچ ـ تۆت يىل، ئالىي بىلىم يۇرتى ـــ مەدرىستە يەتتە، ئون يىل ئوقۇيتتى. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە مەشھۇر ئالىم بولۇپ يېتىشكەن مەھمۇد كاشغەرىدەك بۈيۈك زاتلار مانا مۇشۇنداق تۈزۈمدىكى «ساچىيە مەدرىسى» دە تەلىم ئالغانىدى.

**2. مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مائارىپ قارىشى**

تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، مەھمۇد كاشغەرى 1008 ـ يىلى قاراخانىيلار خان جەمەتى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە قەشقەردىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «ساچىيە مەدرىسى» نىڭ قورغۇچىسى ۋە ئۇلۇغ مۇدەررىسى ھۈسەيىن خەلەپتىن تەلىم ئېلىپ، ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرىنى ئۆگەنگەندىن سىرت، ئەرەب تىلى گىرامماتىكىسى، ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، مەنتىقە ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىقلارنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن ئىدى. كېيىنكى چاغلارغا كەلگەندە تۈركىي خەلقلەر يۇرتلىرى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانى كېزىپ چىقىپ، ئاخىر ئۆز زامانىسىدىكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەركىزى ھېسابلانغان باغدادقا كەلگەن ۋە شۇ يەردە ئەرەبلەرگە تۈركچە ئۆگىتىش مەقسىتىدە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نى يازغان.

مەھمۇد كاشغەرى مىلادىيە 1082 ـ يىلى باغدادتىن يۇرتى ئوپالغا قايتىپ كېلىپ، «مەھمۇدىيە مەدرىسە» سىنى بىنا قىلىپ ئۆزى مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە بىر مۇنچە مەشھۇر ئالىملارنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان.

ئۇلۇغ مائارىپچى مەھمۇد كاشغەرى ئۆزىگە خاس مائارىپ ئىدىيىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى مىلادىيە 1072 ـ 1074 يىللىرى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، ئۆز زامانىسىدىكى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» دە ئەكس ئېتىدۇ. ئەڭ دەسلەپكى لۇغەت ھېسابلانغان «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تۈركىي تىللىق رايونلارنىڭ بۆلۈنۈشى، تۈركىي تىل ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەمدە ئىسىم، پېئىلدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈر بويىچە تۈركىي تىلنىڭ لۇغەت تەركىبى ۋە بارلىق ئالامەتلىرى تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ۋە كەم تېپىلىدىغان ماتېرىيال، شۇنداقلا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىرىنچى قول ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» كە 300 پارچىدىن ئوشۇق بېيىت ـ قوشاق كىرگۈزۈلگەن، كۆپىنچىسى پەلسەپىۋى پەند ـ نەسىھەت بېيىتلار ئۇلار بولۇپ ئادەم تەربىيىلەشتە ناھايىتى مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە، بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى تولۇق كۆرۈۋالغىلى بولىدىغان ماتېرىيالدۇر. بۇ گۆھەر ماتېرىيالدا ئادەم تەربىيىلەشكە ئائىت مۇنۇ نۇقتىلار گەۋدىلىك.

بىرىنچى، دانىشمەن ئاقىللارنى ھۆرمەتلەش ئىدىيىسى. قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتىقادلىرىدىن بىرى، قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، ئېڭى، دەپنە ئىشلىرى ۋە ئېپوسلىرىمىز، رىۋايەتلىرىمىزدە ئىپادىلىنىدۇ. جەڭدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەر كىشىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھۆرمىتىگە سازاۋەر، ئۇلار ئۆلۈپ كەتسە دەبدەبىلىك ھالدا دەپنە قىلىنىدۇ ھەمدە قەبرە تېشىغا ئۆلتۈرگەن دۈشمەنلىرىنىڭ سانى يېزىلىپ، ئۆلگۈچىنىڭ جەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغان مەھمۇد كاشغەرى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە بىر سۆزنى ئىزاھلىغاندا، شۇ چاغدىكى مۇنداق بىر بېيىتنى نەقىل كەلتۈرگەن: «بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئىشىت، پەزىلىتىنى ئۆگىنىپ، ئىشقا ئاشۇر.» ② دېمەك، قاراخانىيلار سۇلالىسىدە بىلىمنى ھۆرمەتلەشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي كەيپىيات كۆتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمرانلارمۇ ئالىملارنى ئىززەتلىگەن ۋە ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن. شۇنىڭ بىلەن قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى بەزى خان، بەگ، ئېسىلزادىلەر ئۆز ناملىرىنى «دانىشمەن»، «بىلىملىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئۇنۋان بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، بەزىلەرنى «بىلىك بېگ» (بىلىملىك بەگ)، بەزى خانلارنى «كۆل بىلگە» (كەڭ بىلىملىك) ياكى «كۆل بىلگە قادىرخان» (كەڭ بىلىملىك ھەم جاسارەتلىك شاھ) دەپ ئاتىغان. ھۆكۈمرانلارمۇ تالانتلىق كىشىلەرگە ئېتىبار بېرىش ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۆز نۆۋىتىدە ئالىملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ كاتتا ئەسەرلىرىنى شۇ چاغدىكى خاقانلارغا تەقدىم قىلىپ، شۇنىڭغا لايىق مۇكاپات ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋىگە ئېرىشكەن.

ئىككىنچى، «بىلىم ـ بەختنىڭ سىمۋولى» ئىدىيىسى. ئۇلۇغ ئالىم بىلىمنى ئالاھىدە قەدىرلىگەن، دۇنيادا بىلىم ئەگىلەشتىنمۇ ئارتۇق ئالىي ئىش يوق، ئىنسانلار زۇلمەتتىن، نادانلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىلىم ئىگىلىشى كېرەك، بىلىم بەختنىڭ يولىنى يورۇتقۇچى چىراغ، دەپ قارىغان. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆزى تەسىس قىلغان «مەھمۇدىيە مەدرىسە» سىنىڭ دەرۋازىسىغا «قۇت بەلگىسى بىلىك» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىلغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئىگىلىشى ئۈچۈن بۇ مەكتەپتە ئىسلام ئەقىدىلىرى ئۆتۈلۈشتىن باشقا، يەنە ئەرەب، پارس تىلى گىرامماتىكىسى، ئاسترونومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، تېبابەتچىلىك ۋە مەنتىقە قاتارلىق دەرسلەر ئۆتۈلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ھەربىي تەلىم ـ

تەربىيە، چەۋەندازلىق، ئوقيا ئېتىش، نەيزىۋازلىق قاتارلىق ھەربىي ماھارەتلەرمۇ ئۆگىتىلگەن. ئومۇمىي دەرستىن قارىغاندا، مەزكۇر مەكتەپ دىنىي بىلىم ئوقۇتۇش بىلەن ئىلمىي بىلىم ئوقۇتۇشنى بىرلەشتۈرگەن ۋە ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى تەربىيە مۇھىتى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئۈچىنچى، باللارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەش ئىدىيىسى. بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ئۇلۇغ مائارىپچى مەھمۇد كاشغەرى باللارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تەربىيىلەشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي ۋە گۈزەللىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى تەكىتلىگەن. ئۇلۇغ ئالىم مۇنداق دېگەن: «ئوغۇل، مەندىن ئۆگۈت - نەسىھەت ئال، پەزىلەت تىلە، خەلق ئارىسىدا ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ، بىلىمىڭنى تارقات».

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» بىزنى مىڭ يىلدىن كۆپرەك ئاۋۋالقى 300 گە يېقىن مەسەل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن خەۋەردار قىلىدۇ. بۇ مەسەل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر چوڭقۇر تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، تا ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرمەكتە. مەسەل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىش تارىخى ئۇستىدە توختالغاندا، مەھمۇد كاشغەرى بىزنى بۇنداق بىر ئۈچۈر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، يەنى يىراق قەدىمكى دەۋردە ئاتا بوۋىلىرىمىز ئەۋلادلىرىنى بىلىم ئىگىلەپ دانىشمەن بولۇش ۋە ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەخسۇس جارچىلارنى تەيىنلىگەن. ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەركۈنى ئۈنلۈك ئاۋازدا مەسەل، ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئوقۇپ، ئاممىغا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، تەربىيىنى كىچىك ۋاقتىدىلا چىڭ تۇتقاندا ۋە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويغاندىلا، ئاندىن جەمئىيەتكە يارامل ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە بەختنى بىرلەشتۈرۈش ئىدىيىسى. مەھمۇد كاشغەرى يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتنى ھازىرلىغان دۇرۇس، قەلبى پاك كىشىلەر تىرىشسىلا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رويابقا چىقىرالايدۇ؛ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەر بەخت - سائادەتكە ئېرىشسىمۇ، ئۇ ۋاقىتلىق بولىدۇ، يەنى مۆرىتى كەلگەندە بەخت - سائادەت ئۇنداق كىشىلەرنىڭ قولىدىن تۇيدۇرمايلا يوقاپ كېتىدۇ؛ كىشىلەرنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە تەخمىنەن 7000 دىن كۆپرەك سۆزلۈك بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 300 دىن كۆپرەك بېيىت - قوشاق ۋە 300 گە يېقىن مەسەل، ھېكمەتلىك سۆزلەردىن كىشىلەرنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش، ئەدەپ - ئەخلاققا رىئايە قىلىپ تەربىيىلەش ۋە ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش قاتارلىقلارنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قىسقىسى، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىن بىز ھەر ۋاقىت ئۇلۇغ مائارىپچى مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئەل - خەلقىنىڭ غېمىنى يەيدىغان ئېسىل پەزىلىتىنى، چوڭقۇر مەنىلىك تەلىم - تەربىيىلىرىنى ۋە نۇرانە چاقناپ تۇرىدىغان مائارىپ ئىدىيىسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

---

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

① «ئۇلۇغ ئىلمىي ئابىدە»، خەنزۇچە، 285 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

② «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، ئۇيغۇرچە 1 - توم 558 - بەت

3. غەيرەتجان ئوسمان: «قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1999 - يىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

---

**ئاپتور:** شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا

**تەھرىرلىگۈچى: مەرۇپ مەمتىمىن**

27 / 1 - 2009



«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئۇيغۇر 12 مۇقامى» ۋە نە-
ۋايى ئەسەرلىرى تەتقىقاتى بىلەن بۇ ئۇلۇغلارنىڭ قەبرىگاھلىرىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈشكە زور غەمخورلۇق كۆرسەتكەن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ
سابىق مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت، بۇ تەتقىقاتلارنىڭ جۇڭگودا كەڭ قانات يېيى-
شىغا تەشكىللاتچىلىق قىلغان مەشھۇر جامائەت ئەربابى، تەتقىقاتچى، شائىر مۇ-
ھەممەد ئىمىن يۇسۇپ بىرلىكتە.



ش ئۇ ئا ر خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى سەيدۇللا-
سەيپۇللايوپ، قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ۋالىسى، جا-
مائەت ئەربابى، مەھمۇد كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھلىرىنىڭ
تۇرغۇزۇلۇشى ۋە قەشقەر تەنتەربىيە سارىيى، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ
قۇرۇلۇشىغا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئەيسا شاكىرلار قەشقەردە ئۆتكۈ-
زىلگۈاتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنى قايتا تۇرغۇزۇش مۇھاكىمە
يىغىنىدا.



مەشھۇر دىنىي ئۆلىما، قەشقەر شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، شائىر ھەم تارىخچى ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم قۇتلۇق شەۋقى ئوغلى (1900 ـ 1985).
ئۇ، قەشقەردە ئۆتكەن موللا سادىق ئەلەم ئاخۇن (موللا مۇھەممەد سادىق كاشغەرى) تەرىپىدىن قەشقەر ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا مۇتلەق ۋەخپە قى-
لىنغان «مەسنەۋى شەرىف» كىتابىنى ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە قوشۇپ تۈپلەنگەن كىتاب ۋەخپە قىلىش ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان قىممەتلىك تارىخىي ھۆججەتنى
تېپىپ چىقىپ، «ھەزرىتى موللام مازىرى» نىڭ «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى ئىنىقلاشتا زور
خىزمەت كۆرسەتكەن. ئۇ يەنە «قەلىمى قۇرئان» (قۇرئاننىڭ قومۇش قەلەم بىلەن قولدا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى) ۋە «بەھرىلئە نساپ» (نەسەپلەر دېڭىزى) دىن
ئىبارەت تارىخىي ماتېرىياللارنى تېپىپ، «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم) نىڭ ئاپتورى، ئۇيغۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەشقەردىكى مازىرى
ئورنىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان يىلىنى ئىنىقلاشتا كۆپ تۆھپە قوشقان.
بۇ سۈرەتنى ھۈسەيىن كېرىم باھادىر تەمىنلىگەن.



مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى تۆمۈر داۋامەت (ئوڭدا)، ش ئۇ ئا ر سىياسىي كېڭەشنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم روزى (ئوتتۇردا)، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى روزى تۇردى (سولدا) ئىككىنچى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «قۇتادغۇبىلىك» مۇھاكىمە يىغىنىدا.



مەھمۇد كاشغەرى تەۋەللۇتىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن بىر بۆلۈك ئالىملار ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى بەختىيار سايىتوف (ئالدىنقى رەت سولدىن بىرىنچى كىشى) باشچىلىقىدا قەشقەر بەشكېرەمدە زىيارەتتە بولدى.



ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سېكرېتارى ياڭ نەيچۈ، دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بەختىيار سايىتوفلار ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن بىرلەشمىمىزنىڭ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان كىلاسسىكلار تەتقىقاتىنى تەشكىللەش ئەنئەنىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزمەكتە.



ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئالىي مۇھەررىر ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغان مۇتەخەسسىس شياۋ جۇڭيى بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ دۇنياۋى ۋە مەملىكەتلىك تەسىرىنى قانداق قىلىپ ئىلمىي ئىپادىلەش ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇرماقتا.


دۆلەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1147/C
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش نومۇرى : 58—137
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئالتۇن يولى ئاخباراتچىلار سارىيى 8 ـ قەۋەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» تەھرىراتى
پوچتا نومۇرى : 830001
تېلېفون : 0991-8552273
E—mail:munberim@sina.com
يەككە باھاسى : 6.00 يۈەن
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك شىركىتىدە بېسىلدى
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئايىنىسا ئوبۇل

国内统一刊号: CN65—1147/C
邮 发 代 号: 58—137
地　　址: 乌市金银大道新闻大厦8楼《新疆社科论坛》杂志社
邮 政 编 码: 830001
电　　话: (0991) 8552273
E-mail:munberim @sina.com
定　　价: 6.00元
印 刷: 新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司